ISSN 1005 - 0876

BULAK



# بۇلاق

2

1999

چون صلاحیت ایشینی شه اختیار
توتمه کر سیاستنی ایکار
کیمکه تورت ایشنی ایلسه یارغ زیر
عاقبت رسوا قیلور کار لجاج
کیمکه یالا بولسه کیبردین کردنه
خشم کیلکان و قهر کیم بوتیدی
تورت ایشیده بیلکیم بولغای بقا
جو سلطانغه بقا کیم تیکورار
قیلسه کر سلطان عجبت کاعتاب
کیمکه ناجنس بیله بولسه همدمی
رو بروکیدیسنکا تا جنس کر
تورت ایشی بولغوسی تورت ایدین تمام
دمینک هم بیر هنیر دیک کامل بولور
شکر نعمتغه کامل تیکوار
بحر دانش و بال اولغوسیدیر
تورت ایشی بیرله دوکه قولغه کیتسه کر
تا کیشی کر اغزدین حیقسه سوز
عمر ضایع بولسه کرای بولو فا
مرد اول شبو سوزنی سوزلر
تورت ایشیدیر بیل کیلیبان غریز
کاهی کیلیک کیتیار دولت بیله

بیلکیل هم قول ظالمیدین کوته بیتار
بولمسه کر وقفه انا ونریر

## تورت ایشیدین بارنسن توتغیل پناه

اوز کا توتیم بولغوسی موجود تیز
خشمغه بولمس سیتمای علاج
دوستلار بولغایلار اخردشمنی
بیل ایشمان انلین اصلا کیتمه
بیکمان بیل کیبر دین ترشم توتغار
کرلیجی کیم دینی سید ابولوس
کابینی کیمکه قیلسه بینه
کیمکه اول ازاده تن بردبر دوس

## تورت ایشیده بیل بقا کمراق دور

دوستلیغ رنج دشمنیدیکم توار
مثل حس بیل کیم ایرور بر دسی
کم کورار اندین نشان ادمی
اوز کاسینی بیل عالینی مهر دی
کرچه بولسه زمانه مهربان
صحبت ناجنس دور جان کاستی

## بو روش ده بولغانینک بهرا قدر دور

استیب کونکلونکا سعلوای کرم
شکر بیرله نعمتینک شامل بولور
دمینغه لقو حجالی تیکولار
علم مرغ و عقل بال اولغوسیدیر
دشمنینک بولغای خوددین کامل
دشمنینک تا بولغای خوددین بهره
علم قیلماس سعقل بیرله اینست
کیمکه علم بار روا ابی عمل

## تورت ایشینی کوب ایشیمالی بولور

باکمادین کیتسه اوداغوش رو
کیلمغا قیتیب جوجوک رنک منک حفا
کیلتور بولمسه ای بس قریب
کیمکه اندازه سوزلار بار دور

## تورت ایشی هم تورت ایشینی قیته رور

بو اریوه انو سر قانیغه تو زیر
ظلم شه قیلدکیتار ملکت بیله
هر فحایی سدا دیر بولسه هم قدم
شاه لیک تو مرس اکر کیلدی مزاج

بولسه کا کوب بیتار اندین ضرر بیر
بورغی اول شه ملکینه کوب ایکا
خالیک تن کاهلی حاصل ایتار
تنکرا اذ شو میدیرنی سواب بولور
اوز ایا قیغاو دبیب ددور تشیه
ادم ایرس ملکه کاو خوار ایردر
سال قولاق انیو من سمون لقا
بد بعا هم صحبت ناجنس ایردر
یوتیغ لو مهر ایرور اجته یان
بیلیغه شید بورکینی هر کشی
الیعوز دم مقبل یادیکه اندین کذر
هم عملدین دین بیم لغان ناجال
بعمیل لار ده بولور موز بهره
بعقل تابغایمو علم ای رسست
بیل اندعقلیده یار دور کوب علل
کوب قیتین کیلتیو ماکیدرو دیدلار
هم قنعا قیته رودکو مراب
بیل منا امیدین انکا لبیاد دور
انکان او قنی قیته رو ذو بوزلاس
قوتی نیع کتدی اوقیابی عدم
قیلغنماهر ال مزاج اهل صلاح

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

## 20- يىل نەشرى

## ئومۇمىي 67- سان

1999

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇھەررىرلەر: پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر،
مىرھايات مىرسۇلتان، ئەزىز تۇردى




# 1999 - يىللىق 2 - سان

## مۇندەرىجە


### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئەمىر ھەمزە ........................... (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

شېئىرلار .......... سۆپۆرگى سەنجەرى غەرىبى (42)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت چاۋار

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

پەندىنامە.................... فەرىدىددىن ئەتتار (70)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: م. ئابدۇراخمان
ئې. سارتېكىن، م. سىدىق،

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلار ھەققىدە ......
.......... ئا. ئۆمەر، ئى. تۆمۈرى (92)

«نەۋائىنىڭ «فەرھاد - شىرىن» داستانىدىكى تەسەۋۋۇپ
ئىپادىلىرى ھەققىدە ........ ھەسەنجان ئابلىز (101)

غېرىب - سەنەم (داستان) ............................................ (116)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت
سۇسەمبىل (چۆچەك) ............................................ (139)
رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىمى
رىۋايەتلەر ............................................ (145)
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇرئىدىقۇتى
بېيت - قوشاقلار ............................................ (155)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

*　*

خەتتات: قاينام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام.
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى، بېتىدە: شائىر ئەلشىر نەۋائى پورترېتى. رەسسام: جالالىدىن بەھرام.
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: «پەندنامە»دىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: ھۆنەر - سەنئەت ماھىرلىرى (مەمتىمىن زىببۇللا فوتوسى)
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: شەھلا كۆز (مەمتىمىن زىببۇللا فوتوسى)

# ئەمىر ھەمزە[1]

(قىسسە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

## پەسلى داستان، نۇشىرىۋاننىڭ ئەمىرگە قارشى قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى

قارۇن شۇ يەردىن سالمىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، تۆت يۈز كىشى بىلەن تاقى كىسرىنىڭ ئالدىغا كەلدى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، سالمىنىڭ پارچىسىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويدى. قالپىقىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى. ياقىسىنى يىرتىپ دادلىدى:

— ئەي شەھرىيار، بۇ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق ــ ھە! ئەبۇلئالىنىڭ مېھرىنىگارنىڭ راۋىقىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. تۇتالماي، سالمىنى كەستىم. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ پېشانىسى يېرىلدى. ئاندىن ئورنىدىن قوپۇپ قېچىپ كەتتى.

پادىشا خوجىغا قارىدى. خوجا: «كەرگەس ساسانىنى ئەۋەتىپ باقايلى» دەپ، ئۇنى ئەۋەتتى. كەرگەس ساسانى بېرىپ ئەمىرنى كۆردى شاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ: «ھېچقانداق زەخمەت يوق» دېدى. بەختەك:

— نېمە، ھايال قىلماي كىشى بۇيرۇڭ، ئۇنى باغلاپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى.

پادىشاھ مۇلكى تاباننى قىرىق مىڭ كىشى بىلەن قوشۇپ يولغا سالدى، ئەۋسات مەغرىبىمۇ بۇلار بىلەن بىللە باردى. مۇلكى تابان يېتىپ بېرىپ:

— ئەي ئەمىر، قارۇن كېلىپ، مېھرىنىگارنىڭ راۋىقىدىن چۈشكىچە بېشىڭىز يېرىلغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى شاھقا ئېيتتى. پادىشاھ بىزنى قىرىق مىڭ كىشى بىلەن بۇ يەرگە ئەۋەتتى. پادىشاھ سىزنى چاقىرىدۇ، — دېدى. ئەمىر بېشىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ھېچقانداق يارا ئىزى يوق ئىدى. ئەمما مۇلكى تابان:

— ئەي يىگىت، ئەگەر ئادەمگەرچىلىك بىلەن بارسىڭىز بېرىڭ، بولمىسا، زورلۇق بىلەن ئېلىپ بارىمىز، — دېدى. ئەمىر قوبۇل قىلماي، جەڭگە قەدەم قويدى. ئۇلار قاچتى. ئەمىر ئۇلارغا:

---

[1] بېشى ئۆتكەن ساندا

— بېرىپ ئېيتمىشقىن، قارۇن ماڭا تۆھمەت قىلدى، بارمايمەن دەيدۇ، دېگىن، — دېدى. ئۇلار كېلىپ شاھقا:

— ئەمىرنىڭ پېشانىسى يېرىلماپتۇ. قارۇن ئېيتقان نىشانىلەرنى كۆرمىدۇق. تىن دۇرۇسكەن، — دېيىشتى.

— ئۇ خوجا ئۆمىرىنىڭ كىشى، — دېدى بەختەك، — يەنە باشقا كىشى بېرىپ باقسۇن، — دەپ، بەھمەن زەبتە كوھستاننى ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتتى. بەھمەن يېتىپ كەلدى. ھايال ئۆتمەي جەڭ تەييارلىقى پۈتتى. سەپلەر راسلاندى، بەھمەننىڭ ھەزرىتى ئەمىر بىلەن ئېلىشىش ئارزۇسى بار ئىدى. دەرھال مەيدانغا كېلىپ، سىپاھگەرلىك ھۈنىرىنى بەجا كەلتۈردى ۋە ھەزرىتى ئەمىرنى تەلەپ قىلمۇدى، ئۇ مەيدانغا چۈشتى.

— ئەي ئەمىر، — دېدى بەھمەن، ئىككىمىز ئېلىشىپ، تىغ بىلەن جەڭ قىلساق بولاتتى، لېكىن سىز تېخى ياش، سىزگە ئۇۋال بولمىسۇن، دېگىنىچە ئەمىرنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ كۆچىدى. بىراق ئۆزىنىڭ قۇلاق ـ بۇرنىدىن قان كەتتى. ئەمىر بىرىنچى كۆچەشتىلا ئۇنى باغلاپ سىپاھلىرىغا: «پادشاھقا ئاپىرىپ بېرىڭلار» دەپ، تاپشۇردى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ھورمۇزنى باش قىلىپ، قۇبادنى، ئەردەشىرنى، مۇلكى تاباننى ۋە ئەۋسات مەغرىبىنى قىرىق مىڭ كىشى بىلەن بۇيرۇدى. ئەمىر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، توغراقتا تېڭىپ قويدى. ھورمۇز ناھايىتى قورقتى. ئەمىر ئۇنىڭغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى ۋە پېشانىسىنى كۆرسەتتى. ھورمۇز ئەمىرنىڭ پېشانىسىنى كۆرۈپ: «بۇ پۈتۈنلەي يالغان تۆھمەت ئىكەنغۇ،» دېدى ۋە ئەمىردىن پالۋانلىرىنى تىلىۋېلىپ پادشاھنىڭ ئالدىغا يېنىپ باردى. پادشاھمۇ «بۇ سۆز پۈتۈنلەي، تۆھمەت ئىكەن،» دېدى. بەختەك بولسا ھەرگىز ئۇنىمايتتى. ئۇ «بۇ سۆز ئەسلىدە راست ئىدى. ئەگەر يالغان بولغان ھالەتتىمۇ ھەمزىنى موشۇ قېتىمدا تۇتۇپ ئۆلتۈرمىسەك ئۇ بىزگە ھەرگىز بويسۇنمايدۇ» دەپ ئويلاپ، يەنە ئەمىرگە قارشى قوشۇن ئەۋەتىشنىڭ كويىدا بولدى.

## پەسلى داستان، گۇستەھەمنىڭ ئەلقەمەئى خەيبەرىنى مەدايىنگە ئېلىپ كەلگەنلىكى، خوجىنىڭ بېرىپ، ئەمىرنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى

گۇستەھەم ئەمىر بىلەن جەڭ قىلىشقاندىن كېيىن، قېچىپ، تۈركىستانغا كېتىپ باراتتى. ئەلقەمەنىڭ ئوغلى ھىشامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلغىلى بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە «ئەلقەمە بىلەن بىر بولۇپ، ھەمزىنى يوقاتساق، بۇنىڭدىن ياخشى ئىش بارمۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئەلقەمەنىڭ لەشكىرىگە كەلدى. ئەلقەمەگە: «گۇستەھەم ساسانى زەررىنە كەپش كەپتۇ» دەپ خەۋەر بېرىشتى. ئەلقەمە ئالدىغا چىقىپ، گۇستەھەمنى بارگاھقا ئېلىپ كىردى. گۇستەھەم بارلىق ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەتىسى ئۇلار مەدايىنگە راۋان بولۇشتى. نۇشىرۋانغا: «گۇستەھەم ئەلقەمەگە يار بولۇپ بۇياققا كېلىۋاتقۇدەك» دەپ خەۋەر كەلدى. نۇشىرۋان ھەزرىتى ئەمىرگە قارىدى. ئەمىر:

— دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدە ئەلقەمەنىمۇ ھىشامنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىمەن، — دېدى. نۇشىرۋان «لەشكەرلەر چىقسۇن!» دەپ يارلىق قىلدى. نۇشىرۋان لەشكەرلەر بىلەن

بىللە چىقىپ، دۈشمەنگە روبىرو بولدى. ئۇ تەرەپتىن ئەلقەمە پىلغا مىنىپ مەيدانغا كىرگەنىدى. ئۇ:

— ئەي ھەمزە، ئەر بولساڭ مەيدانغا چۈش، ئوغلۇمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن! — دەپ نەرە تارتتى. ھەزرىتى ئەمىر جەڭ كىيىمى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مۇقبىل ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى كىيدى، ئۈستىگە بەدىنىنىڭ يۇمشاق تۇرۇشى ئۈچۈن چىننىڭ يىپىكىدىن تىكىلگەن يەتتە قات كىيىمنى كىيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ زەنجىردىن توقۇلغان كىيىمنى كىيدى. بېشىغا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۇلاھىنى، پۇتىغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتۈكىنى كىيدى. بېلىگە ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ كەمىرىنى باغلىدى. شىيت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ پەرىنى ئۈشنىسىگە تاشلىدى. ئۆتكۈرلۈكتە تەڭدىشى يوق تەۋەررۈك بىر خەنجەرنى بېلىگە ئېسىپ ھىشامنىڭ گۈرزىسىنى قولىغا ئالدى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىغا مىنىپ مەيدانغا كىردى. ئەلقەمە ئەمىرنى كۆرۈپ ئېيتتىكى:

— ئەي ئاتلىق، مەن ھەمزىنى چاقىردىم، سەن مەيداندىن قايتىپ كەت، — دېدى.

— ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ مەن بولىمەن، — دېدى ئەمىر.

— ھەمزە دېگەن سەنمۇ؟ — دېدى ئەلقەمە.

— سېنىڭ قەددى ئاتمىش گەز كېلىدىغان ھىشامىڭنى ئۆلتۈرگەن كىشى مەن بولىمەن! ئەلقەمەنىمۇ ئۆلتۈرىمەن! — دېدى. ئەلقەمە بۇ سۆزگە چىدىيالماي پەرياد قىلدى. قولىغا گۈرزىسىنى ئېلىپ، پىلنى ھەيدەپ ئەمىرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمىر بېشىغا سۇپەر تۇتتى. ئەلقەمە گۈرزىسىنى سۇپەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرگە ئاڭلاندى. خالايىققا، گويا ئاسمان يېرىلغاندەك، تاغ - تاغقا ئۇرۇلغاندەك بىلىندى. گۈرزى بىلەن سۇپەر ئارىسىدىن ئوتلار چېچىلىپ ئاسمانغا چىقتى. خالايىق ئەمىر ھەمزىنىڭ ھايات رىشتىسى ئۈزۈلگەنمىدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ئاۋازلار پەسىيىپ ئەمىر ھەمزىگە ھېچقانداق نۇقسان يەتمىگەنلىكى ئايان بولدى.

— ئەي ھەمزە، — دېدى ئەلقەمە — نۆۋەت ساڭا كەلدى. ھەرقانچە ھۈنىرىڭ بولسا كۆرسەتكىن، — دېدى. ئەمىر دېدى:

— ساڭا ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمنى ئۆتۈندۈم، سەن تېخى بىرىنى كەلتۈردۈڭ. قالغان ئىككىنى كۆرسەتمەمسەن؟

ئەلقەمە گۈرزىنى ئېلىپ، غەزەپ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، گۈرزىنىڭ زەربىدىن يەر-زېمىن لەرزىگە كەلدى. ئىسھاقنىڭ ئېتىمۇ نالە قىلدى. ئاتنىڭ ھەربىر تال مويىدىن سۇلار ئاقتى. ئۈچىنچى گۈرزىنىمۇ شۇ يوسۇندا ئۇردى. نۆۋەت ھەزرىتى ئەمىرگە كەلدى. پالۋانلىق تومۇرلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، قولىدىكى ھىشامنىڭ گۈرزىسى بىلەن شۇنداق سالدىكى، ئەلقەمەنىڭ پىلىنىڭ بېلى سۇندى، ئەمىرھەمزىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى. پىيادە تۇرۇپ نۇرغۇن گۈرزى سېلىشتى. ئاندىن ئەلقەمە شەمشىرىنى ئېلىپ، ئەمىرگە شەمشەر سالدى. بۇ شەمشەر ئەمىرنىڭ سۇپەرىگە پېتىپ قالدى. ئەمىر سۇپەرنى بىر شىلتىگەنىدى، شەمشەرنىڭ تىغى سۇنۇپ، ئەلقەمەنىڭ قولىدا دەستىسى قالدى. ئەلقەمە دەستە بىلەن يەنە ئېتىلدى. يېتىپ كەلگەندە ئەمىر سۇپەر بىلەن ئۇنى ئۇرۇۋەتتى. شەمشەرنىڭ دەستىسىمۇ يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. خوجا ئۆمرى كېلىپ دەستىنى قولىغا ئېلىۋالدى.

— ئەي ئېتىقسىز، — دېدى ئەلقەمە، — دەستىنى تاشلا! بۇ دەستىگە نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com



جاۋاھىرلار خەرج قىلىنىغان.

— ئەي ئەبلەخ! — دېدى ئۆمرى، — مېنىڭ قولۇمغا مەيداندىكى ھەرقانداق نېمە چۈشۈپ قالسىلا، مېنىڭ بولىدۇ. بۇنى بەرمەيمەن. ئەلقەمە: «سېنى دەستىگە تويغۇزاي» دەپ قولىغا يانى ئېلىپ شۇنداق ئوق ئۈزۈۋىدى، خوجا ئۆمرى ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ۋە «سېنىڭ قەستىڭنى ئەمدى بىلدىم» دېدى. بۇنى كۆرگەن لەشكەرلەر ھەيران قالدى. ئەلقەمە:

— ھەي ئەييار، مەندىن قېچىپ نەگە بارىسەن! — دەپ يەنە بىر ئوق ئۈزدى. ئۆمرى يەنە ئاسمانغا موللاق ئېتىپ، ئۇ ئوقنىمۇ رەت قىلدى ۋە ھاۋادا تۇرۇپ:

— ئەي ئەلقەمە، مەن بۇ يەردە تۇرسام، ئوقنى نېمىشقا ئۇ يەرگە ئاتىسەن؟ — دەپ ئوقنى يەرگە تاشلىدى. ئەلقەمەنىڭ قەھرى، غەزىپى تېشىپ: «ئەمدى، سەكرەپ چىقىدىغان يېرىڭگە ئاتاي، دەپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئاتىدىغان يايىنى قولىغا ئالدى. ئوقىنى بېسىپ، ياسىنىڭ ئىككى بېشىنى بىر يەرگە ئەگدى. خوجا ئۆمرى تەۋرەندى، ئۇ، ئۆمرىنىڭ سەكرەيدىغان يېرىنى مۆلچەرلەپ ئوقنى قويۇپ بەردى. بۇ چاغدا خوجا ئۆمرى ئەلقەمەنىڭ لەشكىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئەلقەمەنىڭ ئوقى ئۆزىنىڭ ئەسكىرىگە تېگىپ، نۇرغۇن كىشىنى ھالاك قىلدى. ئۇ، يەنە خوجا ئۆمرىنى تۇتقىلى يۈگۈردى. خوجا ئۆمرى مەيداندا ھەر تەرەپكە قاچاتتى. ئەلقەمە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يېتەلمەي قاتتىق چارچىدى. ئىككى لەشكەرنىڭ ئارىسىدا پالاقشىپ يۈرۈپ خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولدى. ئاخىر يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئەمرىنىڭ بېشىغا تىغ سالغانىدى، ئۇ تىغمۇ سۇنۇپ كەتتى، دەستىسىنى ئاتقانىدى. ئەمىر سۇ پەر بىلەن رەت قىلدى. بۇ دەستىنىمۇ خوجا ئۆمرى ئېلىۋالدى ۋە كېلىپ:

— ئەي ئەلقەمە، مېنىڭ ھەققىمنى بەرمەمسەن؟ — دېدى.

— سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار؟ ئۆزۈڭ كىمسەن؟ ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى.

— مېنىڭ ئېتىمنى «تىكتىكى بەيابانى» دەيدۇ، — دېدى خوجا ئۆمرى، — مېنىڭ ھەققىم شۇكى، ئىككى پالۋان مەيدانغا كىرىپ جەڭ قىلغاندا، مەن شۇ يەردە ھازىر بولۇپ، ھەرنېمە سۇنۇپ، بۇزۇلسا ئالىمەن. مېنىڭ ئوقىتىم شۇدۇر. نومۇس قىلماي، قولىڭىزدىكى دەستىنى تاشلاڭ، — دېدى.

ئەلقەمە دەستىنى ئۆمرىگە تاشلاپ بېرىپ، قولىغا نەيزە ئالدى. ئىككى ھۆجۈمچىنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن نەيزە رەت قىلىندى. بىر - بىرىنىڭ كەمەر بەندىدىن تۇتۇپ ئېلىشتى. كەمەر بەندلىرى ئۈزۈلۈپ، جەڭ كىيىملىرى پارە - پارە بولدى. ئاخىر ئەمىر دېدى:

— ئەي ئەلقەمە، بارلىق سىپاھگەرلىك ھۈنەرلىرىمىزنى ئىشلەتتۇق. ئەمدى، پەقەت بىرلا ئىش قالدى.

— قايسى ئىش قالدى؟ — دېدى ئەلقەمە. ئەمىر:

— بىر - بىرىمىزنىڭ كەمەر بەندىدىن تۇتۇپ يۇقىرىغا كۆتۈرەيلى، كىم ئېگىز كۆتۈرسە، بۇ مەيدان شۇنىڭ بولسۇن، — دېدى.

— ھەرقانچە زور دەرەخ بولسىمۇ يىلتىز - يىلتىزىدىن تارتىپ يۇلۇۋېتىمەن، — دېدى ئەلقەمە، — سېنى كۆتەرمەك قانچىلىك تەس ئىدى؟ — دەپ، ئەمىرنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ، زور قىلدى. بىرىنچى كۈچەشتە تىزىغا ئالدى. ئىككىنچى كۈچەشتە ئوڭ قولى سۇندى، بۇرنىدىن قان كەتتى. ئەلقەمە ئەمىردىن قولىنى يىغىپ، «نۆۋەت ساڭا كەلدى» دەپ تۇردى. ئەمىر ئەلقەمەنىڭ كەمەر زەنجىرىگە قولىنى قويۇپ، خوجا ئۆمرىگە قارىدى.

خوجا ئۇمرى موللاق ئېتىپ، قالپىقىنى ھاۋاغا ئاتتى. مەداينى چېرىكلىرى: «ئەمىر ھەمزە نەرە تارتىدىغان بولدى» دەپ بىلىشتى، ۋە ئۆز ئاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇلاقلىرىغا پاختا تىقىپ تۇرۇشتى. ئەمىر نەرە تارتىپ، بىرىنچى كوچەشتە بېشىغا ئېلىپ شۇنداق ئايلاندۇرۇشقا باشلىدىكى، ئىككى لەشكەر ھەيرانۇ ھەس قېلىشتى. ئەمىر ئەلقەمنى «تەسلىم بول» دېدى، ئەلقەمە: «نېمە قىلساڭ قىل، تەسلىم بولمايمەن» دېدى. ئەمىر ئۇنى بېشىدىن چۆرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇستىخانلىرى تالقان - تالقان بولدى. نەرىنىڭ ئاۋازىدىن ئەلقەمەنىڭ چېرىكلىرى بىھوش بولۇپ يىقىلدى. تۆت ئاياغلىق ھايۋانلار خۇددى ھاشاراتلاردەك باياۋانغا قېچىپ كەتتى. گۇستەھەم ئەلقەمەنىڭ دوزاخقا كەتكىنىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ھەزرىتى ئەمىر-نىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ جان تىلىدى. ئەمىر ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ئەمىرنىڭ لەشكەرلىرى ئەلقەمەنىڭ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ، تۆت قونالغۇلۇق يەرگە بېرىپ نۇرغۇن ئولجىلارنى ئالدى. نۇشىرىۋان ھەزرىتى ئەمىرنىڭ ئىشلىرىغا تەھسىن ئاپىرىنلار ئوقۇپ، نۇرغۇن سەرۇپايىلارنى تەقدىم قىلدى. ھەزرىتى ئەمىرمۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

## پەسلى داستان، ھەزرىتى ئەمىرھەمزىنىڭ پالۋان پىلتەن بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى.

ئەلقەمە ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى بارلىق ئالتۇن كۇلاھلىق پادشاھلار ۋە چېدىرچى پالۋانلار كىسرى راۋىقىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، بەختەكنىڭ باشچىلىقىدا نۇشىرىۋان پادشاھنىڭ ھۇزۇ-رىغا كىرىشتى ۋە يالاڭۇاش بولۇپ:

— ئەبۇلئالى ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرىپتۇ، ئۇ، تېخى كىچىك بالا تۇرۇپ بەھرامدەك بىر پالۋاننى يەڭدى، پەيزئاباد ئورمانلىقىدىكى يولۋاسنى ئۆلتۈردى. ھىشا ئەلقەمەدەك زەبەردەست پالۋانلارنى ھالاك قىلدى. ئەمىر ھەمزىنىڭ نىيىتى باشقا، ئۇ ھەرگىزمۇ بىزگە دوستلۇق قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنى يوقىتىش كېرەك.

— بۇنىڭ بىلەن كىم جەڭ قىلالايدۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشىرىۋان.

— قەلئەئى زەڭگىبارنىڭ بىر پادشاھى بار ئىمىش، — دېدى بەختەك، ئېتىنى پىلتەن پىلزور دەيدىكەن. ھازىر ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. نامە ئەۋەتسەك، كېلىپ ھەمزىنى يوقىتىپ بېرىدۇ، — دەپ، پادشاھنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى نەچچىلىگەن مەنزىللەرنى بېسىپ قەلئەئى زەڭگىبارغا يەتتى. پادشاھقا نامىنى بەرگەندى. بۇ پالۋان بەجانىدىل قوبۇل قىلدى. جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، سەكسەن مىڭ زەڭگى بىلەن مەداينگە يۈرۈش قىلدى.

ئەمدى سۆزنى ھەزرىتى ئەمىردىن ئاڭلايلى:

ئەمىرنىڭ ئادەملىرى كېلىپ:

— زەڭگىبارلار سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىۋاتىدۇ. سىز بولسىڭىز بىخەۋەر ياتامسىز؟ — دەپ خەۋەر قىلىشتى. خوجا ئۇمرى «شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى» دەپ، شۇ كېچىسى شەھەردىن چىقىپ، شادىكام دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشتى. ئەتىسى بارلىق شاھلار نۇشىرىۋان-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئالدىغا يىغىلدى. قارىسا ئەمىر ھەمزىنىڭ تەختى بوش ئىدى.
— ھەمزە نەگە كېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشىرىۋان.
— شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى قارۇن دىۋەبەند، — نەگە باردىكىن، بىلمىدۇق، ماڭا لەشكەر قوشۇپ بەرسىڭىز ئىزدەپ باقاي.
— ئەي پادىشاھ، — دېدى گۇستەھەم، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۈزسىزگە قارىمىغايسىز. پۈتۈن لەشكەر ئاتلىنىپ، ھەمزىنى دۇنيادىن يوقىتايلى. — دېدى.
پادىشاھ لەشكەرلەرنى ھەمزىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشكە ئەمر قىلدى. لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى. ئۇمەر مەئدە كەرەب چېترەك تۇراتتى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ خەۋەر ئەمىرگە يەتتى. ئۇ، ئاتلىنىپ جەڭگاھقا كەلدى. رەڭگىبارلار ئەمىرنى كۆرۈپ، ئۇمەر مەئدە كەرەبتىن ئايرىلدى. ئەمىر مەيدانغا كىرىپ، مەرد تەلەپ قىلدى ۋە نەرە تارتىپ جەۋلانبازلىق قىلىپ:
— ھەركىمنىڭ ئۆلۈش ئارزۇسى بولسا، مېنىڭ بىلەن مەيدانغا چۈشسۇن، ئۆلۈم بىلەن خۇشى يوقلار مەدايىنگە يېنىپ كەتسۇن، — دەپ دەبدەبە قىلىشقا باشلىدى.
بۇلار مۇشۇ يەردە تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى پىلتەن پىلزوردىن ئاڭلايلى.
پىلتەن پىلزور مەدايىنگە يېقىن يېتىپ بېرىپ ئۇكىسى قارۇنغا:
— سەن بېرىپ، ھەمزىگە مېنىڭ يارلىقىمنى يەتكۈزۈپ ئۇنى ئېلىپ كەل، — دەپ ئەۋەتتى. پادىشاھقا:
— جاكارچى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ھەمزە قېنى سەن! بۇياققا چىق!» دەپ توۋلاۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر كەلدى. پادىشاھ ئۇنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىشقا كىشى بۇيرۇدى. چىقىپ ئۇ ئادەمنى تەكلىپ قىلغانىدى، «مەن ھەمزىنى كۆرمىگىچە ھېچ يەرگە چۈشمەيمەن» دەپ ئۇنىمىدى. پىلتەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن كەلدى. نۇشىرىۋان دېدى:
— بۇ پالۋان ھەمزىنى چاقىرماي ئۆلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئاكىسىنىڭ ئالدىدا بىز بالاغا قالىمىز. ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ جەڭ قىلغىلى قويماڭلار، — دەپ يارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پىلتەنلەرنىڭ كەينىدىن قەيتۇس مەغرىبى ماڭدى. ئۇ يېتىپ بارغىچە قارۇن ئىككى تەرەپتە دەريادەك، ئىككى لەشكەرنىڭ سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بىر كىشى مەيداندا جەۋلانبازلىق قىلىپ تۇراتتى: ئۇ كېلىپ:
— ئەي بىچارىلەر، مۇشۇ يىگىتلىكىڭلەرنى ئىشقا سېلىپ كۆن كەچۈرۈۋاتامسىلەر؟ بۇ يىگىت كىم؟ — دەپ سورىدى گۇستەھەمدىن. ئۇ:
— ئەمىر ھەمزە دېگەن شۇ، — دېيىشى بىلەنلا، قارۇن پىلتەن سەكرەپ مەيدانغا چۈشتى. ۋە قارىسا، بىر پالۋان يەر زېمىنى زىلزىلىگە سېلىپ، جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— ھەمزە دېگەن سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى قارۇن.
— ئەلۋەتتە مەن! — دېدى ھەمزە.
— ساڭا پىلتەن پىلزورنىڭ يارلىقى، شوكى، ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا كەل، — دېدى قارۇن، — سېنى ئالەم پالۋانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن!
ئەمىر كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— ئەي ئەخمەق، قانداق قىلىپ ئېلىپ بارسەن؟ — دېدى. قارۇن:

— «مانا موشۇنداق باغلاپ ئاپىرىمەن» ، — دەپ، ئەمىرنىڭ كەمىرىگە قول سوزۇپ،
پىلغا ئىشارەت قىلدى. پىل خارتۇمى بىلەن ئەمىرنىڭ بېلىدىن يۆگىۋېلىپ، ئەمىرنى ئات
بىلەن بىللە سۆرەپ، ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئاتتىن ئاجرىتالمىدى. ئەمىرنىڭ
قەھرى- غەزىپى ئېشىپ، نەرە تارتقىنىچە پىلنىڭ خارتۇمىدىن تۇتتى ۋە پىلنى يەردىن
ئۈزۈۋېلىپ شۇنداق ئۇردىكى، پىلنىڭ ئۇستىخانلىرى كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى. قارۇن
پىلتەن قورقۇپ تىكىۋەتتى. ئەمىر ئۇنى قوغلاپ بېرىپ بىلىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن
باغلاپ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇمەر مەئدە كەرەبكە تاپشۇرۇپ بەردى. قارىسا تامام لەشكەر
ئات سېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. قوللىرىغا شەمشەر ئېلىپ ئازراق جەڭ قىلغاندىن كېيىن چېرتك-
لەرگە ئېتىلدى. بارلىق لەشكەرلەر ئارقىسىغا ئۇرۇلۇپ قاچتى. ئۇمەر مەئدە كەرەب نۇشىرد-
ۋاننىڭ ئىككى ئوغلىنى تۇتۇپ كەلدى. لەشكەرلەر مەدايىنگە قايتىشتى. بولغان ۋەقەنى
پادىشاھقا مەلۇم قىلىشتى. پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ ھاياتىدىن غەمگە پاتتى.
— ئەي پادىشاھ، — دېدى خوجا، — شاھزادىلەردىن كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بول-
سۇن، ئەمىر ھەمزە ئۇلارغا يامانلىق قىلمايدۇ.
پادىشاھ خاتىرجەم بولدى. ئالەمنىڭ مەردانىسى ئەمىر ئىككى شاھزادىنى ئەكىلىپ،
نۇرغۇن ئىززەت - ئىكراملار قىلدى ۋە ئۇمەر مەئدەنى قوشۇپ، ئۇلارنى مەدايىنگە ئەۋەتتى.
پادىشاھ شاھزادىلىرىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇمەر مەئكەرەبكە زىياپەت بەردى.
زىياپەت تازا قىزىغاندا بىر ئادەم كىرىپ پادىشاھنى كۆزىگە ئىلماي:
— سىلەرگە پىلتەن پىلزورنىڭ يارلىقى شۇكى، ئىنىم قارۇن پىلتەننى، گۇستەھەم
ھىيلە بىلەن ئەمىر ھەمزىگە ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ. ماڭا گۇستەھەمنى ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن
چىقىرىپ بېرىڭلار. بولمىسا، بېرىپ شەھىرىڭنى ۋەيران قىلىپ، تامام كىشىلىرىڭنى ئۆلتۈ-
رىمەن، دەيدۇ، — دېدى. ئۇلار:
— گۇستەھەمنى باغلاپ ئاپىرىپ بېرەيلى، — دەپ، بۇ ئادەمنى يولغا سالدى ۋە
«قانداق قىلىمىز؟» دەپ مەسلىھەت قىلىشقى، خوجا جۇمھۇر ئەمىر ھەمزىگە مەلىكە مېھرىنە-
گارنى ۋەدە قىلىپ نامە ئەۋەتىشنى مەسلىھەت بەردى. نۇشىرۋان قىزىنى ۋەدە قىلىپ ئەمىرگە
نامە ئەۋەتتى. ئەمىر قايتىپ بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ مەجلىس تۈزۈپ،
نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ۋەدە قىلدى.
ئەتىسى ناماز ۋاقتى بىلەن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى كەلدى. قارىسا، پىلتەن پالۋان
مەيدانغا كىرىپ، جەۋلانبازلىق قىلىۋاتقان:

كېلىپ پەھلەۋان پىلتەنى پىلزور،
يېتەر ئارقىدىن مەرزوق ئەفكەندەشۇر.

خوجا جۇمھۇر ئەمىرنى «كېسەل بولۇۋالسۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەمىر ياتتى.
لەشكەرلەر چىقىپ سەپ تۈزدى. ھېچكىم مەيدانغا كىرمىدى. ئۇ پالۋان:
— گۇستەھەم دېگەن نەدىسەن! مەرىكە مەيدانىمغا كەل! — دەپ قىچقىراتتى.
گۇستەھەم مەيدانغا كىرمەيتتى. ئۇ، باشقىلاردىن ئاتمىش پالۋاننى تەسلىم قىلىپ يېنىپ
چىقتى. ئاخشىمى گۇستەھەم پادىشاھ قېشىغا كېلىپ:
— بۇ پالۋان مەدايىننى خاراب قىلىدۇ، ئەمىر ھەمزىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com



چوڭ ۋەدە قىلىڭ — دېدى. پادىشاھ ۋەدە بەردى. ئاندىن بارلىق پالۋانلار بىرلىشىپ، مېھىرنىگارنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئەمىرنى چاقىرىپ، شاراب تۇتۇڭ. مەست بولغاندا: «سىز تۇرۇپ، بىر سەھرالىق مەداييننى خاراب قىلامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىسىڭىز مەن راۋاق ئۈستىگە چىقىپ تاماشا كۆرسەم» دەڭ، دەپ ئۆگەتتى. مېھىرنىگار ئۆگەتكەندەك قىلدى. ئەمىر دېدىكى:

— قەيتۇر ئۈستىگە چىقىپ تاماشا قىلىڭ، مەن نېمە ئىشلارنى قىلىدىكەنمەن، — دېدى.

پالۋانلار خۇشال بولدى. ئەتىسى پىلتەن مەيدانغا كېلىپ، سەپ راسلىدى ۋە:

— مېنىڭ مەرىكە مەيدانىمغا كىرىپ جەڭ قىلغۇدەك ئادەم بارمۇ؟ — دېدى. پالۋان ئۆمەر مەئدە كەرەب شاراب كۈچىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم بىلەن مەيدانغا كىردى. پىلتەن قولىغا ئۇمۇدىنى ئالدى ۋە:

— سەن گۇستەھەممۇ يا ھەمزىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن — ھەمزىنىڭ پالۋىنى ئۆمەر مەئدە كەرەب بولىمەن، — دېدى ئۆمەر مەئدە.

پىلتەن: «ئەمىسە ھازىر بول!» دەپ بىر ئۇمۇد ئۇردى. ئۆمەر سۇپەر تۇتتى. ئىككى پۇتى يەرگە تېقىمىغىچە كىرىپ كەتتى. ئەمما، قولى تايمىدى. مەئدە كەرەب ھوشىدىن كەتتى. خوجا ئۆمرى يەنە ئۇمۇد كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر موللاق بىلەن مەيدانغا كىرىپ پەشۋا ئۇردى. پىلتەن چېكىندى. خوجا ئۆمرى ئۆمەر مەئدەنى بىر كاچات ئۇرۇپ ھوشىغا كەلتۈ- رۈپ، مەيداندىن چىقىرىۋەتتى. ئۆزى مەيداندا تۇردى. خەلق بىر ئادەمنىڭ مەيداندا تۇرغانلى- قىنى كۆردى. پالۋان ئۈنىڭدىن:

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈڭگە ھېزى بول، — دېدى خوجا ئۆمرى — سەن بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلگەن ئادەممەن.

پالۋان غەزەپلىنىپ، ئۇمۇدنى قولىغا ئالدى. خوجا ئۆمرى:

— بىردەم توختىغىن، سۇپەرىمنى ئېلىۋالاي، — دېدى. پالۋان توختىدى. خوجا ئۆمرى خالتىسىدىن بىر قەغەز سۇپەرنى چىقىرىپ چۆرۈپ «پۇۋ» دېدى. سۇپەر چوڭىيدى. ئۇنى بىر سۇرەتنىڭ بېشىغا توسۇپ قويدى. ئاندىن «تەييار بولدۇم، ئۇرغىن» دېدى. پالۋان ئۇمۇد بىلەن بىر سىلىۋىدى. ئۇ سۇرەت ئۇمۇدنىڭ ئاستىدا غايىب بولدى. خوجا ئۆمرى سەكرەپ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، بىر پاتمان تاشنى پالاقمانغا سېلىپ شۇنداق ئۇردىكى، پالۋاننىڭ تاجىسىدىكى جاۋاھىرلار تاش زەربىسىدىن مەيدانغان چېچىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن پىلتەن غەزەپكە كېلىپ:

— ئەي، ئالۋاستى، تاجىمنى نېمە قىلدىڭ؟ — دېدى.

— يەنە بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، جاۋاھىرلارنى تېرىپ بېرەي، — دېدى خوجا ئۆمرى.

پالۋان دېدى:

— ئېتىڭ نېمە؟ نېمە ئادەمسەن؟

— مېنىڭ ئېتىمنى مۇرغى سۇلايمان دەيدۇ، — دېدى خوجا ئۆمرى، — پالۋانلار جەڭ قىلىپ، مەيدانغا جاۋاھىر چېچىلسا مەن يەردە بىر تال قويماي ئالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇرغى سۇلايمان» دەيدۇ، — دەپ جاۋاھىرلارنى تەرگىلى تۇردى. ئۈچ - تۆت پاتمان جاۋاھىرنى تاسقاپ تېرىۋالدى. پالۋان دېدى:

— ئەي، مۇرغى سۇلايمان. جاۋاھىرلارنى ماڭا بەر، ئۆزۈڭمۇ ئال.

ئەمما، خوجا ئۆمرى ھەممىسىنى تېرىپ، خالتىسىغا سېلىۋالدى. پالۋان «ماڭىمۇ بەرگىن» دەپ ئۇنى تۇتقىلى يۈگۈردى. خوجا ئۆمرى قاچتى. ئۇ قانچە موللاق ئاتقانسېرى پالۋان ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغىلى ئاز قالدى. خوجا ئۆمرى سېپىلدىن سەكرەپ ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى. ئەمما، پىلتەن بىر ئۆمۈد بىلەن سېپىلنى ئۆرۈۋەتتى. لېكىن توپا - تۇمان دەستىدىن خوجا ئۆمرىنى كۆرەلمىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، لەشكەرگە ھۇجۇم قىلدى. پۈتكۈل لەشكەر قېچىپ، ئەمىرنىڭ كەينىگە ئۆتتى. پىلتەن يېتىپ كەلدى. ئەمىر ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئەمىر. پىلتەن قارىمىدى. ئەمىرنىڭ غەزەپ - ئاچچىقى كېلىپ بىر نەرە تارتقانىدى، ئاندىن پىلتەن ئەمىرنى كۆردى:

— ئەجەبمۇ ئۇنۇڭ يامان ئۇغرىكەنسىنا؟ — دېدى ئۇ ئەمىرگە، — ئېتىڭ نېمە؟

— ئېتىم ئەمىر ھەمزە - دېدى ئەمىر. پالۋان سورىدى:

— قارۇن پىلتەننى نېمە قىلدىڭ؟

— باغلاپ قويدۇم.

— خوپ چېلىشچى پالۋانىكەنسەن، ئۆلتۈرمەپسەن، - دە، ئەگەر ئۇنى ئۆلتەرگەن بولساڭ مەن سېنى ئۆلتۈرەر ئىدىم، . ھېلى بولسىمۇ بېرىپ، قارۇننى چىقىرىپ بەر، — دېدى پىلتەن.

— قارۇننى چىقىرىپ بېرەي، — دېدى ئەمىر، — ھازىر مەن ئاغرىق، ساقايغىچە جەڭ قىلمايلى.

— بولىدۇ، — دېدى پالۋان، — سەن ساقايغىچە مەن كەلمەي تۇراي، مۇرغى سۇلايمەن دېگەن ئەييار مېنىڭ جاۋاھىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئازراقىنى بولسىمۇ ماڭا چىقىرىپ بەر. — دەپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. لەشكەرلەرمۇ مەداينىگە قايتىپ كەتتى. پادىشاھ ئەمىرگە مېھرىبانلىق قىلىپ شاراب تۇتتى. ئەمىر بىر پەستىن كېيىن مېھرىنىگارنىڭ ئوردىسىغا كىردى. بۇنى ھېچكىم تويمىدى. شۇ يەردە شارابقا تېگىش قىلدى. قارۇننى بولسا ئازراق جاۋاھىر بىلەن ئاغىسىنىڭ قېشىغا چىقاردى. پالۋان قارۇننى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، شاراب ئىچتى. تۇتۇۋېلىنغان 60 پالۋان قويۇپ بېرىلدى. ئەمىر ھەمزە تاكى يەتتە كۈنگىچە مېھرىنىگارنىڭ قېشىدىن چىقمىدى. سەككىزىنچى كۈنى خوجا:

— خېلى ئۇزۇن ئارام ئالدى، ئەتە جەڭگە چىقسۇن، — دەپ ئادەم ئەۋەتتى.

ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمباقلىرى چېلىندى، ھاۋادىكى قۇشلار نالىگە، دەريالار لەرزىگە كەلدى. بۇ قىرىق مىڭ ناغرا خۇسرەۋنىڭ بارگاھىدا، زەڭگىلەرنىڭ دۇمباق-لىرىدەك ئاڭلىناتتى. نۇشىرۋان «سەپلەرنى تۈزۈڭلار، ھەممە سىپاھىلىرىڭلار پولاتتەك تەر-تىپ بىلەن تەييارلانسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. تەييارلىق پۈتۈپ، ئىككى لەشكەر دەرياسى سەپ تۈزدى. نۇشىرۋانمۇ چىقىپ تۇغ - ئەلەملەر ئاستىدىن ئورۇن ئالدى:

ئىككى لەشكەر ئەمەس ئىككى ھەشرگاھ،
قىلىپ باشىغە تۇغ - ئەلەم جىلۋىگاھ.
بولۇپ بىر - بىرىگە تاقابىل سىپاھ،
زەمىنمۇ پەلەك بولدى ئول دەم تەباھ.

www.uyghurkitap.com



ئۆرۈپ نەئرەلەر هاي ـ هۇيى بەدەرد،
سەدادىن تولۇپ گۈنبەرى لاجىۋەرد.

ئادەملەر ۋە هايۋانلارنىڭ شاۋقۇنىدا بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. تېخى مەيدانغا ئادەم كىرمىگەنىدى. ئەمما، پالۋان پىلتەن پىلزور مىڭ پاتماندىن توققۇز قات كىيىم كىيدى. قىرىق بەش پاتمان پولات دۇبۇلغا كىيدى. ئۇنى نۇرغۇن جاۋاھىرلار بىلەن بېزىگەن بولۇپ قۇش پەيلىرى سانجىلغانىدى. بېلىگە قىرىق پاتمان پولاتتىن ياسالغان كەمەر باغلىغانىدى. سەمەندۇنىڭ رۇي شەمشادىنى ئۆشنىسىگە قويۇلغانىدى. تۆت پىلنى جۈپلەپ ئۈستىگە تەختىراۋان ئورنىتىلغان، بۇ تەختنىڭ 12 كۈنگۈرىسى بار بولۇپ، ئەينەك قويۇلغان ۋە ھەممە يېرىگە جاۋاھىرلار قويۇلغانىدى. يەنە ھەربىر بۇرجىكىدە بىردىن ئوقياچى زەڭگى، بىردىن نەيزىۋاز زەڭگى ئولتۇراتتى. تۆت نەپەر پىلچى جاۋاھىر لىباسلارنى كىيىپ، تۆت پىلنىڭ بويىنىدا ئولتۇراتتى. پىللارنىڭ خارتۇمىغا ئىككى بىسلىقتىن شەمشەر باغلانغانىدى. پىلتەن ئەتە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن مەيدانغان كىردى. بۇنى كۆرگەن مەدايىن خەلقى ھوشىدىن كەتتى. ھەممە دۈشمەنلەرنىڭ كۆزى ئەمىردە ئىدى. ھېچبىر پالۋان مەيدان تەرەپكە قارىيالمايتتى. ھېچكىمدە مەيدانغا كىرگۈدەك جۈرئەت يوق ئىدى. ئاخىرى نۇشىرىۋان ئەمىرگە:

— سىز كىرىپ بويسۇندۇرمىسىڭىز، بۇ زەڭگى بىلەن ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۈدەك، — دېدى.

ئەمىر دەرھال جەڭ كىيىمىنى كېيىپ، مەيدانغان كىردى. پالۋان پىلتەن پىلزور ئەمىرنى كۆرۈپ كۈلۈپ دېدى:

— ئەي، يىگىت، ساقايدىڭمۇ؟

— ساقايدىم، — دېدى ئەمىر. پىلتەن سورىدى:

— يۈزۈڭ سېرىق كۆرۈنىدۇ، نېمە ئاغرىقىڭ بار؟

— ھەي زەڭگى، — دېدى ئەمىر، — مېنىڭ ئاغرىقىم بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ بار؟ چىرىكىڭگە ھېزى بول. جەڭ قىلىمىز! — دەۋاتاتتى. ئۈچ ـ تۆت يۈز كىشى مەيدانغا كىرىپ، پىللىرىنى سەكرىتىپ بارگاھنى قالايمىقان قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى پالۋان بار ئىدى. ئۇلار ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، سالاپەتلىك ۋە قامەتلىك ئادەملەر ئىدى. مەيداندا رەڭگارەڭ ئويۇنلارنى پەيدا قىلدى. ھەممە كىشى تاماشا كۆرۈشكە يېقىنلاشتى ۋە:

— مەيداندا نېمە ئۈچۈن بۇنداق تاماشا چىقىرىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىز پەرەڭ جەزىرىسىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغۇللىرى بولىمىز. بىرىمىزنىڭ ئېتى قاتىل پەنچەگەر، يەنە بىرىمىزنىڭكى مەقاتىل بەدمەستۇر. بىز ئالەمنى ئايلىنىپ، جامباشچىلىق قىلىۋاتقىنىمىزغا ئون تۆت يىل بوپتۇ. پەرەڭنىڭ ئون ئىككى مىڭ شەھەرىستانىدا بىزگە تەڭ كېلىدىغانلار چىقمىدى. مەغرىب زېمىنىدىمۇ مەغرىبلەردىن ھېچكىشى بىز بىلەن تەڭ بولالمىدى. پەرەڭ، مەغرىب پادىشاھلىرىدىن تەسلىمنامە ئالدۇق. ئەمدى، نۇشىرىۋان يەتتە ئىقلىمنىڭ ئادىل پادىشاھىدۇر. شۇنىڭ ئالدىدا جامباشچىلىق قىلىمىز. ئەگەر بىر پالۋان بىزنى مەيداندىن تۇتالىسا، بارلىق خەزىنىمىزنى ئۇنىڭغا بېرىپ، بەيئەت قىلىمىز. ئەگەر بىز ئۇنى باغلاپ ئېلىپ چىقساق، شۇ شەھەرنىڭ بىر يىللىق خىراجىنى ئالىمىز. تەسلىمنامە خېتىمۇ ئالىمىز. بولمىسا جەڭ قىلىمىز، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن مەيداندىن يېنىپ چىقتى. ئەتىسى ناماز ۋاقتىدا نۇشىرىۋاننىڭ بارگاھىنى ئەكېلىپ، ئېگىز بىر جايغا تىكتى زەڭگىلەرمۇ بىر تەرەپتىن بارگاھ تىكتى. قاتىل، مەقاتىلنىڭ ئادەملىرى

ناغرىلىرىنى ياڭراتتى. ئۇلار قىرىقتىن ئىككى سەپ بولۇپ، بىرىگە قاتىل باش بولدى. مەقاتىل تەرەپتىن بىرى، قاتىل تەرەپتىن بىرى چامباشلىق قىلىشتى. پۈتۈن خالايىق «سەللەمىنا!» دېيىشتى. بىرىنى بىرى باغلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ سەكسەن كىشىدىن يەتتە كىشى تاللاندى. بۇ يەتتە كىشى بىلەن قاتىل چامباچىلىق قىلىپ ھەممىسىنى يەڭدى. قاتىل بىلەن مەقاتىل ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۇتۇشۇپ، تەڭ چىقىشتى. تۆتىنچى كۈنى قاتىل مەيدانغا كىرىپ، بىر كالا تېرىسىنىڭ ئۈستىدە بىر خىش ئالتۇننى قويدى ۋە:

— بۇ تېرىنى تارتىۋېلىڭلار، ئالتۇن سىلەرنىڭ بولسۇن، — دېدى. بۇ سەكسەن كىشى ھېچقانداق قىلىپ ئالالمىدى. ئاندىن:

قېنى تارۇق، قېنى ھامان، قېنى گۇرشەست بىلە قۇززات،
قېنى ئوترۇد، قېنى سامۇ نەرىمانلار، قېنى، دىۋزات.
قېنى زالۇ قېنى رۇستەم قېتنى سوھراب بىلە بەرزۇ،
تاقابۇلمەن ساڭا، كەلگىل، بۇ مەيدان ئىچرە بول ئۇترۇ!

دەپ توۋلىدى. مەيدانغا ھېچقايسى تەرەپتىن ئادەم چۈشمىدى. ئەمما، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەمىر مەيدانغا كەلدى ۋە:

— بۇرۇنقى پالۋانلارنى نېمىدەپ چىشلەپ تارتىسەن؟ — دەپ مەيداندىكى سەكسەن كىشىنى باغلىۋەتتى. ئاندىن، بايىقى تېرىنىڭ بۇرجىكىدىن تارتىپ يىقىتىپ، ئالتۇننى ئېلىپ، خوجا ئۆمەرگە بەردى. ئاندىن كېيىن قاتىلنى باغلىدى. ئاخىرىدا مەقاتىل بىلەن ئېلىشتى. پېشىن ۋاقتى بولغاندا نەرە تارتىپ، مەقاتىلنى دەس كۆتۈرۈپ بېشىغا ئالدى. ئۇنى كۆتۈرگىنىچە مەيداندا بىرقانچە قەدەم ماڭدى.

شۇ چاغدا مەلىكە ئاسما ئۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. نەرە ئاۋازى ئاڭلاندى. تەختىنى زېمىن تەرەپكە ماڭغۇزدى. قاتىل بىلەن مەقاتىل ئەمىرگە تەسلىم بولۇپ، نۇشىرىۋانغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئەتىسى يەنە سەپ راسلاندى. ھەزرىتى ئەمىر مەيدانغا كەلدى ئۇ يەردە سۇلايمان بەندىدىن جۇدا بولغان دېۋىدەك، جاڭگىلىلى مازاندىرانلىدىن چىققان شىردەك بىر پالۋان تۇراتتى. ئۇ كۈلۈپ دېدى:

— ئەي نادان، سەن نۇشىرىۋاننىڭ قىزىغا ئاشىق ئىمىشسەن. بۇ بالالارنى شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىڭغا ئاپسەن. ماڭا بەيئەت قىل، ساڭا رەھىم قىلىپ، بىر سائەتتە مەداينىنى ئېلىپ، نۇشىرىۋاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزاي، خۇسراۋ بارگاھىنى ساڭا تەقدىم قىلاي، كۆرگىنىكى، سەكسەن مىڭ زەڭگى پالۋىنىم بار، نۇشىرىۋاننىڭ لەشكىرى بىز بىلەن جەڭ قىلالمايدۇ، — دېدى.

— ئەي، پالۋان، — دېدى ئەمىر، — سېنىڭ قۇرۇق ھىممىتىڭگە رەھمەت، مەن ساڭا تەۋە بولمايمەن. مەن ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىمەن. مەككە بۇزرۇكزادىلىرىدىن بولىمەن. باشقا كىشىگە تەۋە بولماق بىزگە دۇرۇس ئەمەس. چېرىكىڭگە ئاگاھ بول! — دېدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى پالۋان، — سېنى خېلى زەربەدەست دەپ چاغلىغۇدىم، قەددىڭ ئوتتۇراھال ئىكەن. بىر زەڭگى كەلسۇن سەن شۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىن. كۆچ قۇۋۋىتىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دەپ، ئىشارەت قىلغانىدى. شۇ زامان بىر زەڭگى مەيدانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈشتى. ئەمىرنىڭ غەزىپى تاشتى. زەڭگى قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى. ئەمىر ئۇنىڭ قولىنى شەمشەر بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋېلىپ، بېشىغا ئۇردى. زەڭگى قىرىق گەز يەرگە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنى باغلاپ مەيداندىن چىقىرىپ، جەۋلانبازلىق قىلىپ تۇردى.

— ھەمزە، — دېدى پالۋان، — ئەجەب باتۇر ئىكەنسەن، مەن بىلەن جەڭ قىلساڭ ئوسال بولۇپ قالىسەن، مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن.

ئەمىر دەرغەزەپ بولۇپ، ھىشامنىڭ گۇرزىسىنى قولىغا ئالدى. تەختكە شۇنداق ئۇردى‐كى، تەختنىڭ كۇنگۇرىلىرى پارە ـ پارە بولدى. بۇ پالۋان شەمشاد توخمىقىنى ئېلىپ ئۇرغانىدى. ئەمىر پىيادە بولۇپ سوپەر تۇتتى. ئەمىرنىڭ ئىككى پۇتى تىزىمىغىچە يەرگە پېتىپ كەتتى. سوپەرنىڭ گۇل ـ نەقىشلىرى يەرگە تۆكۈلدى. شەمشاد توقماقنىڭ گويا تاغ ـ تاغقا سوقۇلغاندەك، ئاسمان يىقىلغاندەك ھەيۋىتىدىن پۇتكۇل لەشكەرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى. باياۋاندىكى دىۋە ئەھرىمەنلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى. پالۋان كەينىگە قاراپ ئەمىرنىڭ ئىسكەندەر سېپىلىدەك تىك تۇرغانلىقىنى كۆردى. يەنە بىرقانچە قېتىم كۈچ كۆرسەتتى، نەسىھەت قىلدى. ئەمما ئەمىر ئۇنىماي ئۇمۇ ئۈچ قېتىم گۇرزى ئۇردى. پالۋاننىڭ ئەمگەن سۈتى تامىقىدا قالدى. ھەزرىتى ئەمىر بىلەن بۇ پالۋاننىڭ ئارىسىدا ئون ئىككى كۈن جەڭ بولدى. ئون ئۈچىنچى كۈنى ھەزرىتى ئەمىر بىر زەربە بىلەن پىلتەن پىلزورنى زەخمىلەندۈردى. پىلتەن: «بۇنىڭ سۆزى ھەق بولمىسا، ماڭا غالىب كەلمەسىدى» دەپ ئويلاپ، ئەمىرگە تەسلىم بولۇپ قۇلىقىغا تۇتقۇنلۇق ھالقىسىنى سالدى. بۇ يەردە نەچچە كۈنلەر تۇرۇپ، خوشلىشىپ، زەڭگىبار قەلئەسىگە كەتتى. نۇشىرىۋان ئەمىرنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، مەي تۇتۇپ، باشلىرىدىن جاۋاھىرلارنى چاچتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىر مەدايىنگە بېرىشنى خىيال قىلىپ، شادكام دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتى.

## پەسلى داستان، ھىندىستاندىن ئەلچى كېلىپ لەندىھۇرنىڭ سۈرىتى ئېلىپ كېلىنگەنلىكى، نۇشىرىۋاننىڭ قورقۇپ ھوشىدىن كەتكەنلىكى

ھەزرىتى ئەمىرشاد كام دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشتى، پۈتۈن زەررىن كولاھ پالۋانلار تاقى كىسرىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، «ئەبۇلئالى مەدايىنگە بارغىلى يولغان چىقىپتۇ. ئۇنى قايتۇرۇپ كەلسەك، مەدايىنگە بارمىسا ياخشراق بولارمىكىن، ئۇ يەرگە بارسا، بىزگە باش ئاغرىقى بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىۋاتاتتى. بەزىلىرى نۇشىرىۋانغا: «ھەمزە قەيتۇردىن يىقىلىپ، بېشى يېرىلىپتىمىش، شۇڭا چىقىپ كېتىمىش» دەيتتى. شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئادالەت زەنجىرى تەۋرىدى. ۋە ھىندىستاندىن ئەلچى كەپتۇ» دەپ ئېلىپ كىرىشتى. مۇرشىدفورى نامە ئەۋەتكەنىدى. خەتتە: «ئەي، پادىشاھى ئادىل، مەنكى شەبھاد شاھتۇرمەن. ئاغام سەئىدىن شاھتىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلگەنىدى. ئىسمى لەندىھۇر ئىدى. ئۇ پۈتۈن ھىندىستاننى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. سىلى ئەسكەر چىقىرىپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇق بەرسىلە ياخشى بولاتتى. بولمىسا، ھىندىستان قولدىن كېتىدۇ. بەلكى، ئىراننىمۇ بېسىۋېلىشى مۇمكىن» دېيىلگەنىدى.

ئەمىرلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى. پادىشاھ سورىدى:

— لەندىھۇر قانداق ئادەم؟

— ئەي، پادىشاھ، — دېدى سەرخاپ، — ئۇنىڭ سۈپىتىنى تەرىپلەپ بولماس، ئون بەش ياش ۋاقتىدا ئوتتۇز ئالتە گەز ئوزۇنلۇقتا بىرىمىڭ بىرىيۈز پاتمان ساۋۇت كىيەتتى. مىڭ ئۈستىدە ئاتمىش پاتمانلىق سۈپەر، بېشىغا ئون ئىككى كۈنگۈرىلىق دۇبولغا كىيەتتى. ئىككى يۈز پاتمانلىق نەيزىسى بار ئىدى. پىلى مەھمۇدقا تەختىراۋان بېكىتىپ ئولتۇراتتى. پىلنىڭ ئۈستىگە خۇشئاۋاز ناغرىلارنى ئېسىپ قويغان بولۇپ، خارتۇمىغا ئىككى بىسلىق شەمشەر بېكىتىپ، رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشاتتى. ھازىر ئېلىپ بىرىز تېغى بولسىمۇ، ئۇنى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، — دېدى.

— ئۇ پالۋاننىڭ سۈرىتى بولغان بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك كىشى ئەۋەتكەن بولساق ياخشى بولاتتى، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم. — دېدى سەرخاپ، — لېكىن، بارگاھقا پاتماسمىكىن؟

پادىشاھ تەختىنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى، ئۈمىرالار يىغىلدى، سەرخاپ ساندۇقتىن لەندە ھورنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ، تاناپقا ئاستى. نۇشىرىۋان سۈرەتنى كۆرۈپ بىر ۋاراقىراپلا ھوشىدىن كەتتى. پالۋانلارمۇ ھەر تەرەپكە قاچتى. كۆرگىلى كەلگەن خەلقلەر بىر - بىرىنى دەسسەپ قېچىشتى. ئېغىر بوي ئاياللارنىڭ بويىدىن ئاجرىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايدى. خوجا جۇمھۇر سۈرەتنى دەرھال يوشۇردى. پادىشاھ ھوشىغا كېلىپ:

— نېمە بالا بۇ؟ سۈرىتىنى كۆرۈپ شۇنچە بولۇپ كېتىسىلەر، ئۆزىنى كۆرسەڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ — دېدى.

نۇشىرىۋانىڭ لەشكىرىدىن ھىندىستانغا ھېچكىم بېرىشقا پېتىنالمىدى. پادىشاھ خوجىغا قاراپ:

— سىز بۇلارنى بېرىشقا دالالەت قىلىسىڭىز، — دېدى. خوجا:

— كىم بارىدۇ؟ ئەگەر مېنى بار دېسىلە باراي، — دېدى.

— ھەرقانچە مۇشكۇل ئىشىڭىز بولسا قىلىمەن دەيتتىڭىز، — دېدى نۇشىرىۋان، — بۇنىڭ بىر ئىلاجىنى قىلىڭ.

خوجا دېدى:

— مەن سېلىنىڭ خىزمەتلىرىگە بىر كىشىنى تاپقانىدىم. دۈشمەنلىرى ئۇنى مەيدانىدا تۇرغىلى قويمىدى.

— ھەمزىنىڭ كۈچى يېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— ھېلىغۇ بىر لەندىھۇركەن، — دېدى خوجا جۇمھۇر، — پۈتۈن ھىندىستان خەلقى لەندىھۇرغا ئايلانسىمۇ پالۋانلىقتا ئەبۇلئالىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى نۇشىرىۋان، — ئەمىر ھەمزىنى ئېلىپ كېلىڭلار. ھىندىستانغا بېرىپ، لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئەكېلىپ بەرسۇن، ئۇنىڭغا مېھرىنىگارنى بېرەي، — دېدى. خوجا دەرھال ئەمىرنىڭ قېشىغا ماڭدى ۋە ئۇنىڭ بارگاھىغا كىردى. ئەمىر خوجىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ چىقتى.

— ئەي، ئەبۇلئالى، — دېدى خوجا، — كىشى - كىشىگە ئاشىق بولسا، ئەنە شۇنداق تاشلاپ كېتىدۇ، — ئەمىر بېشىنى تۆۋەن سالدى. خوجا جۇمھۇر يەنە:

www.uyghurkitap.com

— سىزگە خۇش خەۋەر، پادىشاھقا بىر بالايىئاپەت كەلدى. ھىندىستاندا جەلق بولۇپ، ھىندىستان بويسۇندۇرۇلۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى بىر كىشى قىلىپتۇ. ئېتىنى لەندىھور دەيدۇ. سۈرىتىنى تارتىپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. سۈرەتكە قاراپ ھېچقانداق پالۋان ئۇنىڭغا قارشى بارغىلى پېتىنالمىدى. نۇشىرىۋان سىزنى ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسە، قىزىمنى بېرىمەن، دەپ قەسەم ئىچتى. مەن سىزنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى. ئەمىر: «بار، دېسىلە باراي» دەپ، خوجا جۇمھۇر بىلەن بىللە يولغا چىقتى. شادىكام كۆۋرۈكىدە قونۇپ، ئەتىسى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ ئەمىرنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ:

— ئەي بالام، مەندىن رۇخسەتسىز نەگە باردىڭىز؟ — دېدى.

— ئەي ئادىل پادىشاھ، — دېدى. — ئەمىر، مەدايىنگە كېلەي دېگەنىدىم، لېكىن دۈشمەنلەر مېنى بۇ يەردە تۇرغىلى قويمىدى.

— ئەي ئوغلۇم، — دېدى پادىشاھ، — ھىندىستاندا ماڭا چوڭ بىر دۈشمەن، پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، ھەممە كىشىنىڭ ھوشى كەتتى. ھېچكىم بارغىلى پېتىنالمىدى. سىز بېرىپ، دۈشمەننىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسىڭىز، مېھرىنىگارنى بېرەي شۇ چاغدا ئۇ بەدبەختلەرمۇ سىزگە تەۋە بولاتتى.

ئەمىر تەزىم قىلىپ ئولتۇردى. ئاندىن، بەختەك سۈرەتنى ئەكىرىپ كۆرسەتتى. ئەمىرنىڭ بېرىپ ئۇنى كۆرۈش ھەۋىسى قوزغالدى. ئۇنىڭ ھىندىستانغا بېرىشى مۇقىملاشتى.

## پەسلى داستان، لەندىھورنىڭ شەھاد بىلەن ئېلىشقانلىقى:

ھىندىستاندا لەندىھوردىن باشقا يەنە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنى بۇقرات شاھ دەپ ئاتايتتى. ئۇ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى سەئدىن شاھ، يەنە بىرىنىڭ شەھاد شاھ ئىدى. ئاتىسى ئالەمدىن كېتىپ، سەئدىن شاھ تەختتە ئولتۇرغانىدى. ھۆكۈمالار سەئدىن شاھنىڭ تەلىيىگە قۇرئە سېلىپ بېقىپ دېدىكى: «سىزدىن بىر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. سىزدىن ۋە شەھادتىن كېيىن شۇ بالا تەختكە چىقىپ پادىشاھ بولىدۇ». سەئدىن شاھ:

— ئۇنداق بولسا مەن باشلىق بولماي، دەپ ئويلىدى. بىر كۈنى ئۇ شىكارغا چىقىپ، لەشكىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇسساپ، ھەر تەرەپكە باردى. ئاخىرى بىر ئېگىز قەسىرنىڭ ئىشكىگە يېتىپ باردى. ئىشكتىن بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئىدى. ئەمما، چېچىنىڭ بىر تەرىپىنى تارىغان بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتە تاغاق بار ئىدى. ئۇ قىز سەئدىن شاھقا سالام قىلدى. سەئدىن شاھ ئىلىك ئېلىپ سۇ سورىدى. قىز سۇ ئاچىقىپ بەردى. پادىشاھ:

— مېنى تونىماي، لاي سۇ ئاچىقىپ بەردىڭىزمۇ؟ — دېدى. قىز:

— قارىسام پادىشاھتەك قىلىسىز. سۈزۈك سۇ بەرسەم دەرھال ئىچىسىز، زىيان قىلىدۇ. شۇڭا لاي سۇ بەردىم. سۈزۈلگەندە ئىچەرسىز، — دېدى، بۇ سۆز پادىشاھقا بەكمۇ ياقتى. ئۇ شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتىسى تەختتە ئولتۇرۇپ:

— ئەي ئۈمىرالار، مەن بىر قىزنى كۆردۈم، — دەپ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى تەرىپ قىلدى. بارلىق ئەمىر - ئەكابىرلار ئۇ قىزنى كۆرۈپ كېلىپ، قىزنى پادىشاھقا ئېلىپ

بەردى. پادشاھنىڭ مورادى ھاسىل بولدى. ئۇ قىز ھۇد پەيغەمبەرنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئېتى مەھۋانە ئىدى. قىز شۇ كېچىسى ھامىلدار بولۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن، بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. سەئدىن شاھ ئالەمدىن كەتتى. بالىنىڭ بويى ئون ئىككى يېرىم گەز كېلەتتى. ئۇنىڭغا لەندىھۇر دەپ ئات قويىدى. بالىنى بېقىشقا ئىنىككىنا تاپتى. شۇ چاغدا، شەھادشاھنىڭ خوتۇنىمۇ بىر ئوغۇل تۇغدى ئۇنىڭ ئېتىنى جىھاد قويىدى. بۇلار بەش ياشقا كىردى. جىھادنىڭ ئايىغى چىقتى. ئەمما، لەندىھۇر قوپالماي، يېتىپ ئورنىغا سىيەتتى. ئىنىككىنانىلىرى «ئۇنىڭ ئايىغى چىقتى. بۇنىڭ چىقماي، يېتىپ يەپ ئورنىغا چىچىدۇ» دەپ، لەندىھۇرنى بىر تەستەك سالدى. لەندىھۇر قولىنى ئۇزىتىپ ئىنىككىنىسىنىڭ پاچىقىدىن تۇتۇپ، تامغا بىر ئۇرۇۋىدى، ئۇستىخانلىرى كۆكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى، خادىملار كۆرۈپ، شەھاد شاھقا خەۋەر قىلىشتى. شەھاد شاھ «لەندىھورنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۇنى كۆرۈپ، «ئۇنى پىلنىڭ ئالدىغا تاشلاڭلار» دەپ يارلىق قىلدى. لەندىھۇرنى ئەكېلىپ، پىلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. پىل لەندىھۇرنى خارتۇمىغا يۆگىۋېلىپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇۋىدى. لەندىھۇر پىل-نىڭ خارتۇمىنى تۇتۇۋالدى. پىل قاچتى. بۇ ئىشنىمۇ شەھاد شاھقا خەۋەر قىلىشتى. شەھادشاھ: «ئۇنى پىلى مەھمۇدنىڭ ئالدىغا تاشلاڭلار» دېدى. بالىنى ئاپىرىپ پىلنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. پىل لەندىھۇرنى كۆرۈپ، ئۇنى خارتۇمى بىلەن ئۇچىسىغا ئېلىپ، تامام پىللارنى ئالدىغا سېلىپ، ھەيدەپ شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، مازانداران جاڭگىلىغا يۈرۈپ كەتتى. نەچچە كۈن مەنزىل، مەراھىللارنى كېزىپ، مازاندارانغا يەتتى. تامام پىللار، پىلى مەھمۇدنىڭ مەنزىل مەقامىغا كېلىپ، تەسلىم بولۇشتى. لەندىھۇر بولسا ھەر كۈنى 5 - 10 پىلنى ئىمىپ ئون ئىككى ياشقا كىردى. زېرىكسە پىللار بىلەن تۇتۇشۇپ چېلىشىپ ئوينايتتى. گاھى چوڭ پىللار لەندىھۇرنى خارتۇمى بىلەن يۆگىۋېلىپ، يەردىن ئۈزۈپ ئالاتتى. گاھى لەندىھۇر ئۇششاق پىللارنى قوچاقلاپ، دەس كۆتۈرۈپ، 50 - 60 قەدەم يەرگە باراتتى. ئەمما، جاڭگىلى مازانداراندىكى يەرلەرنىڭ مەرزۇق ئەفكەندەشور ئاتلىق بىر باشلىقى بار ئىدى، بۇلار سەئدىن شاھقا تەۋە ئىدى.

بىر كۈنى بىر ئەييار مەرزۇققا شەھادنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدى، خەتتە: «سىلەر بىزگە تەۋە ئىدىڭلار. سەئدىن شاھتىن كېيىن زادى كەلمىدىڭلار. بىزمۇ سىلەرنى يوقلىما-دۇق. ھالا، بىزنىڭ پىلى مەھمۇد پىللار بىلەن بىر بالىنى ئېلىپ، مازاندارانغا كېتىپتۇ. شۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ ئەكېلىپ بەرسەڭلار» دېيىلگەنىدى.

— ئۇ ئوغۇلنى ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپ باقايلى، تاپالىساق تۇتۇپ بېرەيلى، — دەپ ئەييارنى قايتۇردى. كىشىلەر ھەر تەرەپنى ئىزدەيتتى. بىر كۈنى بىر ئادەم چىقىپ بىر ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، پىللار بىلەن تۇتۇشۇپ، پىلنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋېلىپ ئويناۋاتاتتى.

بۇ پىللارنىڭ ئارىسىدا تاغدەك بىر پىل بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى يىگىرمە پىلدەك كېلەتتى. ھېلىقى ئادەم بۇنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال بېرىپ، مەرزۇق ئەفكەندە شورغا خەۋەر قىلدى. مەرزۇق ئوتتۇز مىڭ ئادەم بىلەن ئاتلىنىپ كېلىپ، پىللارنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قات قىلىپ قورشىۋالدى. جەڭ دۇمبىقىنى ئۇردى. پىللار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئارىغا ئېلىۋالغىنىنى كۆردى. پىلى مەھمۇد لەندىھورنى ئۇچىسىغا ئالدى. بىرچىنارنى يۇلۇۋې-لىپ، لەندىھۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىر ئادەم مەيدانغان كىرىپ، ھەيۋەت بىلەن ۋارقىراپ-

تى. لەندىھۇر ئۇنىڭ تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئادەممۇ لەندىھۇرنىڭ تىلىنى بىلمەيتتى. ئىككىسى جەڭ مەيدانىدا روبىرو بولدى. ھېلىقى ئادەم لەندىھۇرغا ئۇمۇد تەڭلەپ كەلدى. لەندىھۇر جەڭنى بىلمەيتتى. ئۇ، قولىدىكى چىنار شاخلىرىنى پۇتىۋېتىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئادەم ئۇمۇدنى لەندىھۇرنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئۇرۇۋىدى، لەندىھۇر ئۇمۇدىغا چىنار بىلەن ئۇردى. ئۇمۇد ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كىشى يەنە ئۇمۇدىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى لەندىھۇر چىنار بىلەن بىر سالغانىدى. بىچارىنىڭ ئۇستىخانلىرى پارە - پارە بولدى، يەنە ئادەم يېتىپ كەلدى. لەندىھۇر ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنى زەخىملەندۈردى. بىر ئادەم ئۆلدى. ئاندىن مەرزۇق ئەفكەندە شور مەيدانغا كىرىپ، ھەيۋە قىلدى. لەندىھۇر ئۇنىڭ دىۋە بۇخارىدەك، بېشى گۈمبەزدەك، ئاغزى غاردەك، چىشلىرى سەندەلدەك، قولى چىنار شېخىدەك ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ، بىر پىلغا مىنىۋاپتۇ. لەندىھۇر بۇنى كۆرۈپ، قورقۇپ يېنىپ چىقتى. پىللار چەڭگە كىردى. ئۇ كۈنى قىرىق پىلنى تۇتۇپ بەندكە تارتتى.

ئەتىسى ناماز ۋاقتى بىلەن يەنە مەيدانغا كىرىشتى لەندىھۇر يىلى مەھمۇدقا مىنىپ روبىرو بولدى. بۇ پالۋان لەندىھۇرنى كۆرۈپ: «يېشى كىچىككەن، ئەمما، بەستىدىن يەرۇ - جاھان لەرزىگە كېلىدىكەن» دەپ زوقلاندى ۋە ئۇمۇد بىلەن جەڭ قىلسام ئۇنى زەخىملەندۈرۈپ قويارمەنمىكىن، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كەمىرىگە قول ئۇزىتىپ ئالدىغا تارتتى. لېكىن، پىلدىن يىقىتالمىدى. لەندىھۇرمۇ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئىككىيلەن يەرگە چۈشۈپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز تۇتۇشتى. ئاخىر، مەرزۇق لەندىھۇرنى باغلىۋالدى. ۋە ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ گەپ سورىدى. لەندىھۇر ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدى. ئۇنى يالىڭاچ قىلىپ قارىغانىدى. دولىسىغا سەئدىن شاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەئدىن شاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاندىن ئۇنى ھېسابسىز ئىززەت ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىلدى. مەرزۇق پالۋان ئۆزىنىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى بىلەن مىڭ دانە جەڭ پىلىنى ئېلىپ، لەندىھۇرنى كۆتۈرۈپ، سەرانديپقا يۈرۈپ كەتتى. بۇ خەۋەر شەھادقا يەتتى. شەھاد سەرانديپنىڭ چۆلىگە ئادەم بۇيرۇپ: «تامام پالۋانلار يىغىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. شەھادنىڭ ئوغلى جىھاد قوپۇپ:

— مەن لەندىھۇر بىلەن تەڭ ياشتا. رۇخسەت قىلسىڭىز ئۇنىڭ بىلەن مەن ئېلىشسام، — دېدى. شەھاد ئۇغلىغا ئون لەك لەشكەر قوشۇپ بەردى. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ سەپ تۈزدى. ئۇلار لەندىھۇرنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لەشكىرى يېتىپ كەلدى. جىھاد لەندىھۇرنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى يۈز ئون گەز تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قەددىگە قاراپ، جىھادنىڭ بېشى قايدى. كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. شۇئان، لەندەھۇرنىڭ كۆزى سەرانديپ لەشكىرىگە چۈشتى ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتە مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك پاتمان گۈرزىسىنى قولىغا ئالدى. چېرىكىدىن بۆلۈنۈپ، سەرانديپ لەشكىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاتلىقمۇ، پىيادىمۇ ھەممىسى يەكسان بولاتتى. بۇنى سەزگەن لەشكەرلەر چۆل بىلەن قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. لەندىھۇر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇلار دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، خەندەككە سۇ لىقلاپ قويغانىدى. لەندىھۇر پىلدىن چۈشۈپ، گۈرزىسىنى خەندەككە تاشلىدى. ئاندىن ئۆزى سەكرەپ ئۆتۈپ، گۈرزىنى ئەكېلىپ، سەرانديپنىڭ بىر بۆلۈكىگە گۈرزى سالدى. شەھەرنىڭ يېرىمى ۋەيران بولدى. لەندىھۇر شەھەرگە كىردى. شەھاد ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سۈلھى قىلىپ دېدى:

— ئەي لەندىھۇر، سەۋر قىلغىن، ئارىمىزدا جەڭ بولمىسۇن، ئاۋۋال، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى نۇشىرىۋان ئىبنى كەيقۇباد شەھرىيارغا نامە ئەۋەتەيلى. پادىشاھلىقنى كىمگە بەرسە،

شۇ پادىشاھلىق قىلسۇن.

— شەھەر تالىشىدىغان ئادەم شەھەردىن چىقسۇن، نامە يېزىپ ئەۋەتكىن، كەلگەن كىشىگە جاۋاب بېرەي، — دىدى لەندىھۇر.

شەھاد شەھەردىن چىقتى. لەندىھۇر تەختتە ئولتۇردى. شەھاد مۇنداق دەپ نامە يازدى: «ئەي يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھى، مۇنداق بىر ئادەم پەيدا بولدىكى ئىران زېمىننى ئېلىپ، ھېچ كىشىگە بەرمىگۈدەك، بۇنىڭ ئىلاجى نېمە؟»

بۇ خەۋەر نۇشىرۋانغا يەتتى، پادىشاھ بەختەكنى چاقىرتىپ،

— بۇنىڭ ئىلاجىسىنى قىلايلى، — دېدى. بەختەك:

— ھەمزىنى چاقىرتىپ، ئۇنى كۈيئوغۇللۇق ۋەدىسى بىلەن شۇ يەرگە ئەۋەتمەك كېرەك، — دېدى.

## پەسلى داستان، گۇستەھەمنىڭ تەختىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى، خوجا ئۆمەرنىڭ سېھىرگەرلىكتىن تەلىم ئالغانلىقى

— گۇستەھەمنى ئەۋەتسەم ھەمزە بىللە بارمايدۇ. قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى نۇشىرۋان. بەختەك دېدى:

— گۇستەھەمگە ئۆگىتىپ قويايلى، ھەمزە بۇ يەرگە كەلسە، گۇستەھەم كۆرسىدىن چۈشۈپ: «ئەي، پادىشاھ سىز مېنىڭ كۆرسۈمنى ھەمزىگە ئېلىپ بەردىڭىز، ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭ» دېسۇن، سىز رۇخسەت قىلىڭ ۋە ھەمزىگە: «ئەي ھەمزە، سىزنى دەپ گۇستەھەمنى كەتكۈزۈۋەتتىم. ئۇنىڭ ئورنىدا سىز بېرىپ، بۇ ئىشنى ئوڭشاڭ» دەڭ، — دېدى. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى گۇستەھەمگە ئۆگەتتى. ئەتىسى نۇشىرۋان تەختكە ئولتۇردى. پۈتۈن ۋەزىرلەر ھازىر بولدى. نۇشىرۋان:

— ئەي خوجا، ھازىر ماڭا لەندىھۇرنىڭ ئىشى ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتىدۇ. كىمنى ئەۋەتسەم بولار، — دەپ سورىدى.

— ئەمىر ھەمزىدىن باشقا كىشى ئوخشىتالماس، — دېدى خوجا، — ئەمىر ھەمزە بارسۇن.

نۇشىرۋان دېدى:

— ئەگەر ھەمزە بېرىپ، لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا قىزىمنى بېرىمەن.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى خوجا، — ئۆز دىنىڭ ۋە مىللىتىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گېپىڭدە تۇرغايسەن.

نۇشىرۋان بۇ توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. خوجا جۇمھۇر ھەزرىتى ئەمىرگە قارىتىپ نامە يېزىپ بەردى. ئەلچى نامىنى ئېلىپ ئەمىر تەرەپكە راۋان بولدى. ئاندىن گۇستەھەم پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھ، ھەمزىنى بۇ يەرگە ئەكەلسىڭىز، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. ماڭا كېتىشكە رۇخسەت بېرىڭ، — دېدى.

— تۇرمىساڭ قانداق قىلاي، كەت! — دېدى نۇشىرۋان. گۇستەھەم بارگاھتىن

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، سەرانىدىپ يولىغا راۋان بولدى. خوجىنىڭ نامىسى ئەمىرگە يەتتى. ھەزرىتى ئەمىر نامىنى ئوقۇپ، سۆيۈپ بېشىدا قويدى. ئۇ يەردىن دەرھال كۆچۈپ، مەداينىگە قاراپ راۋان بولدى. پادىشاھقا «ئەمىر كەلدى» دەپ خەۋەر قىلىشتى. نۇشىرىۋان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەزرىتى ئەمىر ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپ كەلدى. نۇشىرىۋان ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ، نۇرغۇن مېھرىبانلىقلارنى قىلدى. شاھانە سەرپايلارنى كىيدۈرۈپ، شەھەرگە ئېلىپ كىردى. نۇشىرىۋان كەيخۇسراۋنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. ھەزرىتى ئەمىرنى سام نەرىماننىڭ كۇرسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن نۇشىرىۋان:

— ئەي ھەمزە، سىنى دەپ، گۇستەھەمنى كەتكۈزۈۋەتتىم، — دېدى. ھەزرىتى ئەمىر بولسا: «بۇ قىلغىنىڭىز ئانچە ياخشى بولماپتۇ» دېدى. تائام كەلتۈرۈلدى. ساقىلار ئالتۇن پىيالىلەرنى ئايلاندۇرۇشتى: خۇشئاۋاز سازەندىلەر چاڭ، بەربەتلىرىنى چېلىشقا باشلىدى.

ئاندىن كېيىن بەختەك شەھادىنىڭ نامىسىنى نۇشىرىۋانغا تۇتتى. پادىشاھ نامىنى ئوقۇپ بولۇپ دېدى:

— ئەي، بەختەك، بۇ مۇھىم ئىشقا كىمنى ئەۋەتسەم بولار؟

— ئەي، پادىشاھىم، — دېدى بەختەك، — ئىلگىرى گۇستەھەم بار ئىدى، مۇھىم ئىشلارغا شۇ باراتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:

— ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بار. بۇ مۇھىم ئىشقا مەن باراي، — دېدى ئەمىر.

— ئەگەر سىز بېرىپ، — دېدى پادىشاھ، — بۇ ئىشنى قاملاشتۇرۇپ، لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلەلىسىڭىز، سىزنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىمەن.

خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر قوپۇپ، پادىشاھنىڭ تەختى ئالدىغا چۈشۈپ يەرگە باش قويدى. شادىيانە نەغمە چالدۇردى. ئاندىن كېيىن خوجا ئۆمرى، ئۆمەر مەئىدەكەرەبنى «ئىككى يىللىق ئوزۇق بىلەن چېرىك يىغىڭلار، جابدۇق ئېلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇ ئىككى پالۋان مەداينىگە چېرىك يىغقىلى چىقتى. خوجا يول جابدۇقىنى شۇنچىلىك تەل قىلدىكى، ياتلارنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئەمىر خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنى يېقىن كۆرۈپ:

— ئەي خوجا بۇزرۇك، مەن ھىندىستانغا كېتىپ بارىمەن، يا تىرىك كېلىمەن، يا يوق. شۇڭا، مېھرىنىگار بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقسام، — دېدى. خوجا بۇزرۇك: «بۇ خېلى مۇشكۇل ئىشكەن» دەپ ئويلىدى ۋە پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى:

— مېنىڭ بىر ئەرزىم بار ئىدى. ئېيتىشقا بېشىمدىن قورقىمەن، — دېدى.

— ئۆلۈم گۇناھىڭ بولسىمۇ ئۆتتۈم، — دېدى شاھ. خوجا پادىشاھقا يېقىن كېلىپ، قۇلىقىغا ئاستاغىنە «ئەمىر ھەمزە ئۆلۈم يېرىگە كېتىۋاتىمەن، ئۆلۈك ياكى تىرىك قايتىپ كېلىشىمنى بىلمەيمەن، مەلىكە مېھرىنىگار بىلەن كۆرۈشۈۋېلىپ ماڭسام، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. نېمىكى بولسا، شۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئەۋەتسەك ياخشى بولاتتى. بۇنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا، — دېدى. پادىشاھ:

— ئەي خوجا، ئۇغۇ بۇ سۆزنى قىلىپتۇ. ئەمما، باشقىلار ئاڭلىسا، ياخشى بولماسمىكىن؟ يەتتە ئىقلىم پادىشاھى قىزىنى ئەمىر ھەمزە بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت بېرىپتۇ، دېسە، مەن بۇ بېشىمنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ — دېدى.

— ئىنايەت قىلسىلا، پادىشاھىم، — دېدى خوجا، — بۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر.

— قانداقى قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى نۇشىرۋان.

— سىلى، ئوردا خانىملىرىغا ئاستا يارلىق قىلىپ، ئەمىر ھەمزە بىلەن خەيرلىشىپ قىرىق كۆنلۈك شىكارغا چىقىپ كەتسىلە. بۇ ئىشلارنى ئوردىدىكى ئايالار بەجا كەلتۈرىدۇ. ئاندىن ئەمىر ھەمزە خۇش بولۇپ كېتىدۇ. — دېدى خوجا. پادشاھ بۇ سىرلارنى خوجىغا ئىزھار قىلىپ، قىرىق كۆنلۈك شىكارغا كەتتى. خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر بۇ خوش خەۋەرنى ئەمىر ھەمزىگە ئېيتتى. ھەزرىتى ئەمىر خۇش بولدى. خانىملار، ئوردا قىزلىرى مېھرىنىگارغا خەۋەر قىلىشتى ۋە ئۇنىڭغا ياخشى سەرۇپايىلارنى كىيگۈزۈپ، يۈزىگە پەرداز قىلىپ ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە پارقىراق قىلىشتى. ھەزرىتى ئەمىر كىرىشكە تەييارلاندى. خوجا ئۆمرى ئېيتتى:

— ئەي ئەمىر، ھەرزەتلىرى بىر سائەت سەۋر قىلسىلا، مەن كىرىپ، مېھرىنىگارغا ئېيتىپ قويۇپ چىقاي، — دېدى ۋە مېھرىنىگارغا: «خوجا ئۆمرى دېگەن ئەييار كىرىدىكەن ئۇ، ھەرقانچە چىرايلىق ساھىبجامال قىزغىمۇ ئېۋەن قويارمىش، شۇڭا ئەدەپ - قائىدىگە قاتتىق دىققەت قىلغايلا دېگەن «خەۋەر يەتكۈزدى. شۇ سۆزنى دېيىشىۋاتقاندا خوجا ئۆمرى كىرىپ كەلدى. ئوتتۇرىدا نېپىز پەردە بار ئىدى. ئۇلار ئولتۇردى. ھەر تەرەپتە تەكشۈرگۈچىلەر بار ئىدى. مېھرىنىگارنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە ئۈچ يۈز نەپەر ئاي يۈزلۈك كېنىزەك تۇراتتى. ئارقىسىدىكىلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق، ھەممىسى پادشاھزادىلەر ئىدى. شۇ ئەسنادا خوجا ئۆمرى بىر خادىمغا ئاستىغىنە: «مېھرىنىگار چىرايلىقكەن. ئەمما، بۇرنى چوڭراق ئىكەن» دېدى. بۇ سۆزنى مېھرىنىگارغا يەتكۈزدى. مېھرىنىگار» بۇنى قانداق قىلىمىز؟ خوجا ئۆمرىنى ئەمىر ھەمزىنىڭ ھەم ۋەزىرى، ھەم ئەييارى دەيدۇ. چىقىپ دېسە، ئەمىرھەمزەنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا قانچىلىك پارا بەرسە، كىشىنى شۇنچە ماختار ئىمىش» دەپ، خوجا ئۆمرىگە توققۇز سەر ئالتۇن بەردى. ئاندىن، باشقا قىزلارمۇ بىر ھەميانىدىن ئەشرەفى بېرىشتى خوجا ئۆمرى بۇلارنى خالتىسىغا سېلىپ قايتىپ چىقتى ۋە:

— مەن دۇنيادا مېھرىنىگاردىن چىرايلىق ئادەمنى كۆرمىدىم. كېنىزەكلەرمۇ گۈزەل ئىكەن، — دەپ ماختىدى ۋە ھەزرىتى ئەمىرگە:

— ئەي ئەمىر، مەن ئالدىنغىنىمنى ئېلىپ بولدۇم. ئەمدى سىز كىرىڭ، — دېدى. ھەزرىتى ئەمىر دەرۋازىغا يېتىپ بېرىپ، مېھرىنىگارغا خەۋەر قىلدى. مېھرىنىگار چىقىپ، ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ سارايغا كىرىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. جەمشىدنىڭ سورۇنىدەك سورۇن تۈزۈلۈپ، ساقىلار ئالتۇن پىيالىلەرنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. سازەندىلەر يېقىملىق، شوخ مۇزىكىلارنى، ياڭراتتى.

— ئەي مېھرىبان يار، — دېدى ئەمىر مېھرىنىگارغا، — ئىشقىڭىز مېنى بىقارار قىلغانىدى، — دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كېچىلەر ئىشقىڭدا جانان تا سەھەر بىدارىمەن.
بۇلبۇلى ئاشۇفتە يەڭلىغ گۈل يۈزۈڭگە زارىمەن.
ئىشقىڭىزدا زار بولۇپ ھەردەم خۇداغا يالبارىپ،
خەلق ئاراسىدىن چىقىپ، بىر گوشەدە يىغلارىمەن.

مېھرىنىگار:

www.uyghurkitap.com



— نەچچە كۈندىن بېرى سىزنىڭ پىراقىڭىزدا بىتاقەت بولغانىدىم. مانا ئەمدى، دىدار كۆرۈشمەككە مۇيەسسەر بولدۇم، — دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەچچە كۈندۇر بىر سېنى دەپ دەردۇ پىنمغان يىغلىدىم.
كۆركى، سارغايغان يۈزۈمنى ھاجىتىم ئىزھار ئەمەس.

ئۇلار شۇنداق مەجلىس تۈزۈشتىكى ئۇلارغا پەرىلەرمۇ رەشىك قىلاتتى. ئەمما خوجا ئۆمرى بىر ساتارچى قىزغا قاراپ، ئۇنىڭ بېلىكىنى تۇتۇۋېلىپ يېڭى بىلەن قولىنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقتى. قىز ساتارنى تاشلىۋەتتى. بۇنى بىلگەن ھەزرىتى ئەمىر:

— خوجا ئۆمرى بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى. خوجا ئۆمرى:

— ساتارنىڭ قۇلىقى بوشاپ كېتىپتىكەن، ئۇنى ئېغىزىڭىزدا ھۆللەپ تۆشۈككە تىقسىڭىز ئوبدان سادا بېرەتتى، دەپ شەرەت قىلسام ئاڭلىمىدى، — دېدى. سازاندە قىزلارنىڭ ھەممىسى نەغمىسىنى تاشلىدى. خوجا ئۆمرى ھەممە سازنى ئېلىپ ئۆزى چېلىشقا باشلىدى. 32 نەغمە، 24 خىل سېھرىگەرلىكنى ئۆزى يالغۇز بەجا كەلتۈردى. نەغمە ساداسىدىن ھەممە ئادەم بىھوش بولدى. شۇ يۇسۇندا يەتتە كېچە - كۈندۈز سۆھبەت قىلىشتى. بىر چاغدا، خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر كىرىپ كەلدى ۋە:

— مۇھىم بىر ئىشقا قەدەم قويغان كىشى ھايال بولغۇلۇق ئەمەس. شۇنچىلىك ئولتۇرغىنىڭلار يېتەر، — دېدى. ھەزرىتى ئەمىر مېھرىنىگار بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر ھەزرىتى ئەمىرگە بىھوش دورىسى بېرىپ، بىلىكىنى يېرىپ، شاھلىق مۆھۈرىنى سالدى. تىكىپ بولغاندىن كېيىن يەنە دورى بىھوش سالدى. ئەسلا مەلۇم بولمىدى. ئاندىن ئەبۇزەرجۇمھۇر:

— ئەي مۇقبىل، خوجا ئۆمرى، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار، كېيىن خاسىيىتىنى كۆرىسىلەر — دېدى ۋە ھەزرىنى ئەمىرنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇلار خوشلىشىپ مەدىنە شەھىرىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. قايسى مەنزىلگە كەلسە، شۇ يەرنى گۇستەھەم ۋەيران قىلىۋېتىپ كەتكەن بولۇپ، ھەزرىتى ئەمىر بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار بىر دەرياغا يېتىپ باردى. ئۇ كېمە سالىدىغان يەرنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىپ كېتىپتۇ. ھەزرىتى ئەمىر خوجا ئۆمرىنى:

— سەن بېرىپ، بىر يەردىن كېمە تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. خوجا ئۆمرى بىر سەھرادا كېمە ئىزدەپ يۈرەتتى، بىر كۆل كۆرۈندى. كۆلنىڭ بويىدا ئۆي بار ئىدى. خوجا ئۆمرى ھۇجرىغا كىردى. ئۆيدە بىر ياشانغان بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن كېمىچىلەرنىڭ چوڭىمەن، — دېدى بوۋاي، — گۇستەھەم «ئارقامدىن لەشكەر كېلىدۇ، ئۇلار سىلەرگە زۇلۇم - كۈلپەت قىلىدۇ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىڭلار» دېگەنىدى. باشقا كېمىچىلەر ھەر تەرەپكە كېتىشتى. مەن بۇ يەردە قالغانىدىم، — دېدى.

خوجا ئۆمرى:

— كېمىچىلەرنى قىچقىرىڭ، سىلەرنى ھەزرىتى ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ باراي، ئۇ سىلەرگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىدۇ، — دېدى.

بوۋاي كېمىچىلەرنى قىچقىردى. كېمىچىلەر ھەممىسى توپلاندى. خوجا ئۆمرى بۇلارنى

ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. كېمىچىلەر ھەزرىتى ئەمىرگە پۈتكۈل ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى.

— بۇ ئىشلار ھەممىسى نۇشىرىۋاندىن ئىكەن، — دېدى ئەمىر ۋە كېمىلەرنى ئەكەلدۇرۇپ كېمىچىلەرگە ئىنئام بەردى. ئاندىن ھەممە لەشكەر كېمىگە ئولتۇردى. ئۇلار كېمىدە كېتىپ باراتتى. تويۇقسىز سۇدا تەتۈر شامال كۆتۈرۈلۈپ، كېمە قايىنامنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. خوجا ئۆمرى ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتى. بىر چاغدا ئىسكەندەرنىڭ مۇنارى كۆرۈندى.

— ئەي خوجا ئۆمرى، — دېدى ئەمىر، — ئاشۇ مۇنارغا كىم چىقار؟

— بىر بولسا سىلىدەك ساھىبقىران چىقار، بىر بولسا مەن چىقارمەن، — دېدى خوجا ئۆمرى.

ھەزرىتى ئەمىر خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلىپ:

— ئەي بارا خۇدايا، كەبىنى بەرپا قىلغان ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ ھۆرمىتىدىن بىزنى بۇ بالادىن خالاس قىلغايسەن! — دەپ، كۆزنى يۇمغىنىچە سەكرەپ زەنجىرنى تۇتۇپ مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئاندىن خوجا ئۆمرى چىقتى. شادىنىڭ ئۈستىدىكى خەتنى ئوقۇپ كۆردى. ئۇنىڭغا: «كىمكى بۇ مۇنارغا چىقىپ، ئىسكەندەر ناغرىسىغا بىر ئۇرسا سۇدىكى بېلىق، ئەجدىھارلار ئويغىنار؛ ئىككىنچى قېتىم ئۇرغاندا شادا ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا سۇ مۇنار بىلەن تەڭ بولار. شۇ چاغدا مۇناردىكى كىشى چۈشسۇن، دەل شۇ سائەتتە چۈشمىسە، كېمە مېڭىپ كېتىدۇ، ئۇ كىشى مۇناردا مەڭگۈ قالۇر» دەپ يېزىلغانىدى. ھەزرىتى ئەمىر مۇنارغا چىقىپ ناغرىنى ئۈچ قېتىم ئۇردى. سۇ ئۆرلەپ مۇنار بىلەن تەڭ بولدى. كېمە گىرداپتىن چىقتى. ئەمىر:

— بۇلۇڭ، چۈشۈپ كېتەيلى، — دېدى.

— ئەي ئەمىر، — دېدى خوجا ئۆمرى، — بۇ ناغرىنى ياغاچ بىلەن ئۇرسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئالتۇن كۆپنى مەن ئالاي، — دېدى.

— ھەممىمىز جېنىمىز بىلەن قالغان ۋاقىتتا، بۇ يەردە تۇرارنىڭ ئورنى يوق، تېز چۈشەيلى، بەند بولۇپ قالمايلى يەنە، — دېدى ئەمىر ۋە كېمىگە چۈشتى، — ئەي خوجا ئۆمرى، سىزمۇ چۈشۈڭ، دەپ قىچقارغىچە، كېمە قىرىق سەككىز غۇلاچ يەرگە كېتىپ قالدى. خوجا ئۆمرى شادىنىڭ ئۈستىدە قالدى. ھەرزىتى ئەمىر خوجا ئۆمرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئۇلار دەريادىن نەچچە كۈندە چىقىپ بىر جەزىرىگە چۈشتى. خوجا ئۆمرى ئۆلدىمىكىن، دەپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. خوجا ئۆمرى مۇنار ئۈستىدە يەتتە كۈن قالدى. تىرىكلىكتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئاچلىقتىن مادارى كەتتى. «ئەمدى ئۆلدۈم» دەپ ئېگەكلىرىنى قوشۇپ، يۈزنى قىبلىگە قىلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇنارنىڭ ئۈستىدە ياتتى. كۆڭلىدە: «خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر نۆۋەت يولۇقۇپ، ماڭا بىر نەزەر قىلار» دەپ يىغلايتتى. شۇ سائەتتە خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولدى ۋە «ئەي خوجا ئۆمرى، كۆزۈڭنى ئاچقىن!» دېگەن سادا كەلدى.

— كىم سەن؟ — دېدى خوجا ئۆمرى، — ئەگەر ئەزرائىل بولساڭ، ئاۋۋال بىر نېمە يېگۈزۈپ، ئاندىن جېنىمنى ئال. نان بەرمىگىچە جان بەرمەيمەن. ئەگەر، خىرىز بولساڭ، كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ تىرىلدۈرگىن، — دېدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئېلياس ئەلەيھىسسالام كۈلۈشۈپ، خوجا ئۆمرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى. ئۇ كۆزىنى

www.uyghurkitap.com



ئىچىپلا ئىككى ئاقساقال نۇرانە كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «سىلەر كىم؟» دەپ يۈگۈرۈپ ئورنىدىن قوپتى.

— خىزىر پەيغەمبەر دېگەن مەن بولىمەن. بۇ بۇرادىرىم ئىلياسدۇر، — دېدى خىزىر.

— ئەي خىزىر بوۋا، — دېدى خوجا ئۆمرى، — بۇ يەردە ياتقىنىمغا نەچچە كۈن بوپتۇ، ئەمدى كېلەمسىلەر؟ ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدىڭلار؟ خۇدايىتائالا ئىككىڭلارنى ئاچلىق - سەرسانلىق، تەڭلىكتە قالغان خەلق ئۈچۈن يارىتىپ، بۇ مەقام مەرتىۋىگە يەتكۈزسە، مەن بۇ يەردە ئاچلىق ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگۈدەك بولسام، سىلەر خۇدايىتائالانىڭ ئەمىر - پەرمانىنى تۇتماي يۈرسەڭلار، مەن مۇنارنىڭ ئۈستىدە قالسام بولامدۇ؟ ماڭا نان، ۋە تاتلىق سۇ بېرىڭلار، — دەپ خىزىرنىڭ پېشىغا ئېسىلدى. قولىغا خەنجەر ئېلىپ تۇردى، بۇلار كۈلۈشتى، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر نان چىقاردى. ئىلياس ئەلەيھىسسالام سۇ چىقىرىپ، نانني يېگۈزدى. يەنە يېرىم ناننى بېرىپ:

— قاچان قورسىقىڭ ئاچسا، بۇنى يېگىن، بۇ نان ھەرگىز كېمەيمەيدۇ، — دېدى. ئاندىن ئىلياس ئەلەيھىسسالامنى «سىزمۇ بېرىڭ» دېدى. ئىلياس ئەلەيھىسسالام بايىقى سۇ قاچىسىنى بەردى ۋە:

— بۇ قاچا جامى ئىلياس دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ۋاقىتتا قولۇڭغا ئالساڭ، ئىچىدە سۇ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر، چۆرىسىدىكى «ئىسى ئەزەم»نى ئوقۇپ ھۆرسەڭ، قانداق سۈرەتتە بولاي دېسەڭ، بولالايسەن، — دېدى. ئاندىن: — «يا، ئىلياس!» دەپ، بېلىمدىن تۇتۇپ ماڭ دېدى.

— ئەي بوۋىلار، مەن بۇ ئالتۇن دۇمباق بىلەن كۈپنى ئېلىۋالاي دەپ بۇ يەردە قېلىپ ئۆلگىلى تاس قالدىم. ھېلىھەم مەن سىلەر بىلەن كېتىپ قالسام ئالتۇن دۇمباق ۋە كۈپ بۇ يەردە قالسا، ئۇنىڭ دەردىدە قۇرۇپ كېتىمەن. ئىككى پەيغەمبەر خوجا ئۆمرىنىڭ خالتىسىدىكى پۇلىنى ئالغىلى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ سىلەرگە بوھتان بولمىسۇن. ماڭا شۇ ئالتۇن كۈپنى ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپ ئېسىلىۋالدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام «مانا، دۇمباق ۋە كۈپ» دەپ كۆرسەتتى. خوجا ئۆمرى دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىنى تۇتتى. ۋە:

— ئەسلا ماغدۇرۇم قالمىدى، بىردەم يۈدۈۋېلىڭ، — دېدى.

— بېلىمنى تۇتۇپ ماڭ، — دېدى خىزىر ئەلايھىسسالام. ئۇلار دەريادا كېتىپ باراتتى. خوجا ئۆمرىنىڭ كۆڭلىگە «كۆزۈڭلار، بۇ بوۋىلار ماڭا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتقۇزىدۇ. ئۆزلىرى بولسا، خۇدايىتائالانى ياد قىلىدۇ. مېنىمۇ خۇدايىتائالا ياراتقان ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئوي كەلدى. ۋە «يا ئىلياس» دېگەن زىكرىدىن توختىشى ھامان دەرياغا چۆكۈپ كەتتى.

— مەن ئېيتقاننى ئېيتقىن، دېمەپمىدىم؟ — دېدى ئىلياس ئەلەيھىسسالام، — ئارقامدىن «ئىلياس» دەپ ماڭ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەريادىن چىقتى. ھەزرىتى خىزىر بىلەن ئىلياس پەيغەمبەر غايىب بولدى. بايىقى ئالتۇن دۇمباق ۋە كۈپنى ئېلىپ قارىسا، ئۇلار ئالتۇن ئەمەس شاخ - يىلتىزلار ئىكەن، ئۇ، بايىقى ئىككى پەيغەمبەرنى ئەيىبلەپ يولغا كىردى. شۇ كۈنى ھەزرىتى ئەمىر خوجا ئۆمرىنى ئۆلدى، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ نەزىرىنى بېرىۋاتاتتى. خوجا ئۆمرى يېتىپ كېلىپ، بىر كەمبەغەلنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كىرىپ ئاش يېدى. ھەزرىتى ئەمىرنىڭ پەرىشان بولغىنىنى كۆرۈپ، لەشكەرلەر ئارىسىدىن چىقىپ بىر ياقىغا باردى ھەم سۈرىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جامنى قولىغا ئالدى. ئىچىدە

سۇ پەيدا بولدى. چۆرىسىدىكى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، ھۆرۈپ «مەن خوجا ئۆمرىنىڭ روھىنىڭ سۈرىتىدە ب‍ـ‍لاي» دە سۇنى بېشىغا قۇيدى. سۇنى قۇيۇپ بولۇپ، ئۆزىگە باقتى. باشقىچىلا بىرىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپتۇ. خوجا ئۆمرىنىڭ ئۆزىدىن ئۆزىنىڭ قورققۇسى كەلدى. تۈن يېرىمى بىلەن ئەمىرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، تۈگۈلۈك بېشىغا چىقتى.

— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.

— مەن خوجا ئۆمرىنىڭ روھىمەن! — دېدى خوجا ئۆمرى.

— خوجا ئۆمرى سالامەت بارمۇ، يا ئۆلدىمۇ؟

— مۇنارنىڭ ئۈستىدە ئۆلدى، — دېدى ئۆمرى، — مەن شۇنىڭ روھى.

پىلسىراتتىن ئۆتكىلى قەدەم قويۇۋىدىم. بۇ ئالەمدە ئەلنىڭ پۇلىنى تولا ئېلىپ، قەرزدار بولغان ئىكەنمەن. بىر تول خوتۇننىڭ پۇلىنى ئېلىۋالغاندىم. ئۇ خوتۇننىڭ قارغىشى بەك تۇتۇپ كەتتى. ھەزرىتى ئەمىرنىڭ قېشىغا بارسام، قەرزىمدىن قۇتقۇزارمىكىن، دەپ قېشىڭىزغا كەلدىم، — دېدى. ھەزرىتى ئەمىر قوپۇپ، مىڭ ئەشرەپنى ھەميانغا سېلىپ ئېلىپ كىردى ۋە يېپقا باغلاپ بەردى. خوجا ئۆمرى تارتىۋالدى. ئاندىن چۈشۈپ، ئۆمەر مەئدە كەرەب قېشىغا باردى. ئۇنىڭغىمۇ بايىقى سۆزنى ئېيتىۋىدى. ئۆمەر مەئدە كەرەب:

— پۇل تىرىككە لازىم. ئۆلۈككە لازىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى. خوجا ئۆمرى بايىقى پۇللارنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. تاڭ ئاتتى. پۈتۈن لەشكەر ئەمىرنىڭ قېشىغا يىغىلدى. «بۈگۈن خوجا ئۆمرىنىڭ روھى كەلگەنىدى. مۇنار ئۈستىدە ئۆلۈپتۇ. پىلسىراتتىن ئۆتكىلى ئاجىز كېلىپتۇ. بىر مەزلۇمنىڭ مىڭ تەڭگىسىنى ئېلىۋالغان ئىكەن، شۇ قەرز ئۆتكىلى قويماپتۇ. مىڭ تەڭگىنى بەرگەنىدىم، ئېلىپ كەتتى، — دېدى ئەمىر. مۇقبىل:

— مەنمۇ يۈز تەڭگە بەردىم، — دېدى. ئۆمەر مەئدە كەرەب:

— مېنىڭ قېشىمغىمۇ كەلگەنىكەن، مەن پۇل تىرىككە لازىم، ئۆلۈككە لازىم ئەمەس، دەپ ياندۇرۇۋەتتىم، — دېدى.

ئۇلار شۇ سۆزنى قىلىشىۋاتاتتى. خوجا ئۆمرى ئۆزىنى ئوڭشاپ، يەتتە قەۋەت لىباس كىيىپ، كەمىرىنى باغلاپ، خەنجىرىنى ئېسىپ، سېھىرگەرلىك ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بارگاھقا راۋان بولدى. ھەزرىتى ئەمىرگە: «بىر چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چىقىپ قاراپ باقايلى» دېيىشتى، ھەممىسى بارگاھتىن چىقىپ، خوجا ئۆمرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جىمىي پالۋانلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى. بارگاھقا كېلىپ، خۇشال- خۇراملىقتىن نەغمە - ناۋا قىلىشتى. خوجا ئۆمرى بولغان ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ئەمىر ۋە بارلىق پالۋانلار بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ ھەيران بولۇشتى. ئاندىن ئۇلار سەرانديپقا بارماقچى بولۇشتى. ھەزرىتى ئەمىر كېمىچىلەرنى چاقىرىپ، كۆپ ئېھتىراملار قىلدى. ۋە:

— قايسى يول يېقىن بولسا، شۇ يولغا باشلاڭلار، — دېدى.

— گۇستەھەمنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكىنىگە قىرىق كۈن بولدى، — دېدى كېمىچىلەر، — يەنە بىر يول بىلەن باشلاپ بارايلى، سەرانديپقا ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ بارىمىز، — دېدى.

ھەزرىتى ئەمىر بىر كېمىدە ئولتۇردى. باشقا پالۋانلار بىرنەچچە كېمىگە چىقتى. كېمىچىلەر كېمىنى ھەيدەپ راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەرانديپنىڭ سەھراسىغا يەتتى. ئۆمەر مەئدە:

— ئەي ئەمىر، لەشكەرگە ئېيتىڭ، ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ بۇ سەھرانى تاماشا

www.uyghurkitap.com



قىلسۇن، — دېدى. بىرى:

— بۇ يەر ئاۋات ئەمەسكەن. ئەمىرب ھېچ يەرگە بارمىسۇن، زەخىم يېتىپ قالىدۇ، — دېدى. ئۇمەر مەئدە كەرەب:

— بۇ يەرنىڭ دەرەخلىرى يېشىللىقتا چۆمكىلىپتۇ، — دېدى.

ھەزرىتى ئەمىر لەشكەرلەر بىلەن كېمىدىن چۈشتى. باشقا لەشكەرلەر كېمىدە تۇرۇپ تۇردى، ئەمىر پالۋانلار بىلەن سەھراغا يېتىپ باردى. بۇ يەرنىڭ دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى. كۆللەردە سۇ بارئىدى. ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سۇ ئىچتى. قارىسا، ئۇ يەردە بىر قېرى ئادەم ئولتۇراتتى.

— ئەي بوۋا، — دېدى ئەمىر ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، — نېمە ئادەمسەن؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ ئۇ:

— مانا موشۇنداق قىلىمەن! — دەپ، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ بويىنىغا مىنىپ پۇتلىرى بىلەن چىڭ چىرمىۋالدى. ئەمىر ھەرقانچە كۈچەپمۇ بۇ رودىپايدىن ئاجرىيالمىدى. رودىپاي ئەمىرنى پۇتلىرى بىلەن ھەدەپ تېپەتتى. ئەمىر: «يارانلارنىڭ قېشىغا باراي، ئۇلار مېنى بۇ بالادىن خالاس قىلسۇن» دەپ، رودىپاينى كۆتۈرگىنىچە باشقىلارنىڭ قېشىغا باردى. قارىسا ئۇلارنىڭ بويىنىغىمۇ رودۇپايلار مىنىۋالغانىدى. ئەمىر نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى. بۇ رودۇپايلارنىڭ چىرايى ئادەمگە ئوخشايتتى. پۇتلىرى رودۇپاي بولۇپ ھەممىسىنىڭ بويىنىغا مىنگەنىدى. ئۇلار قەيەرنى خالىسا، كىشىلەر ئۇلارنى كۆتۈرۈپ شۇ يەرگە ئېلىپ باراتتى.

خوجا ئۇمرى ئۇمەر مەئدە كەرەبتىن ئۆچۈمنى ئالاي دەپ، ئۇچىسىدىكى رودۇپايغا:

— دوستىڭىزغا ئېتى سېمىز ئۇلغى بارلار مەن بىلەن يۈگۈرۈشمەمسىلەر، دەپ ئېيتىڭ، — دېدى.

ئۇ رودۇپا ئۇمەر مەئدە كەرەبكە مىنگەن رودۇپايغا:

— ھەي ئاداش، سېنىڭ ئېتىڭ بىلەن مېنىڭ ئېتىمنى يۈگۈرتىشەيلى، — دېدى. ماقۇل دېيىشىپ، خوجا ئۇمرى بىلەن ئۇمەر مەئدەنى يۈگۈرتتى. خوجا ئۇمرى شامالدەك كېتىپ باراتتى. ئۇمەر مەئدە كېيىن قالاتتى. رودىپاي بولسا: «سەن سېمىز ئات، ئورۇق ئات بىلەن نېمىشقا تەڭ يۈگۈرەلمەيسەن؟» دەپ، بىقىنىغا ھەدەپ تېپەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئەمىر كۈلەتتى. شۇ ھالدا ئۈچ كېچە كۈندۈز يۈردى. تۆتىنچى كۈنى خوجا ئۇمرى بىر يەردە سۇغا تۆكۈلۈپ قالغان ئۈزۈمنى كۆردى. ئۇ، ئاپتاپتا قايناۋاتاتتى. ئۈستىدىكى رودۇپايغا دېدى:

— ئەگەر مېنى ئولتۇرغىلى قويساڭ، ئازراق سۇ ئىچىۋالسام ئاندىن سېنى كۆتەرگىلى كۈچلىنەتتىم، — دېدى.

— بۇ مەي، ئىچمىگىن، — دېدى رودۇپاي، ئۇمرى:

— بۇ دېگەن سۇ، نەدە مەي بولسۇن؟ سەنمۇ بۇ سۇدىن ئىچىدىغان بولساڭ پۇتۇڭ مېنىڭ پۇتۇمغا ئوخشاش بولاتتى، — دېدى.

— ئاۋۋال سەن ئېچكىن، — دېدى رودۇپاي، — ئاندىن مەن ئىچەي.

خوجا ئۇمرى ئۆزى سۇنى ئىچكەندەك قىلىپ قويۇپ، رودۇپايغا ناھايىتى كۆپ ئىچكۈز-دى. رودۇپاي مەست بولۇپ، پۇتلىرى سولتايدى. خوجا ئۇمرى رودۇپاينى ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈرۈپ، يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۈستىخانلىرى كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئەمىر ھەمزىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭغا مىنگەن رودۇپايىنى ئۆلتۈرمەك بولغانىدى. ئەمىر:

— ئاۋۋال يارانلارنى قۇتقۇزۇڭ، ئاندىن مېنى قۇتقۇزۇڭ، — دېدى. خوجا ئۆمرى ھەممىسىنى خالاس قىلىپ، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ بويىندىكى رودۇپايىنى ئېلىپ ئۆرۈپ جېنىنى چىقاردى. ئاندىن سەراندىپ تېغىغا يەتتى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى. ئۇ يەردە زاھىد ۋە ئابىدلار ناھايىتتى كۆپ ئىدى. بۇ يەرگە شەيخ ۋە جارۇپكەشلەرنى قويدى. زاھىد، ئابىدلارغا نۇرغۇن سەدىقىلەرنى بەردى. ئۇ كېچە چۈش كوردى، چۈشىدە بىر نۇرانە كىشى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتەتتى.

— ئەي بالام، — دېدى ئۇ، — مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

مەن جىمىي خالايىقنىڭ ئاتىسى — ئادەم ئەلەيھىسسالام بولىمەن. دېدى. ئەمىر يەنە بىر كىشىنى كۆردى. ئۇمۇ ئاجايىپ نورانە، ھەيۋەتلىك ئىدى. ئەمىر ئۇنىڭغىمۇ سالام قىلدى. ئۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئاندىن يەنە بىر نۇرانە كىشىنى كۆردى. ئۇ، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر تەختتە تۆت كىشىنى كۆردى. ھەيۋەتتىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كېلەتتى. بۇلار: ھەزرىتى ئىسھاق، ھەزرىتى ياقۇپ، ھەزرىتى داۋۇد ئەلەيھىسسالاملار ئىدى. ھەزرىتى ئادەم ئېيتتىكى:

— ئەي بالام، سېنى ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مۇستافا قىلدۇق. قورقماي جەڭ قىلىڭ، غەلىبە سىزگە يۈزلىنىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەمىرگە تۆمۈر ھاسا بەردى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى مىڭ پاتمان كېلەتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— نەمرۇدقا ئوخشاش ھەرقانچە زەبەر دەست دۈشمەن بولسىمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئاجىز بولۇر، ھەرگىز قورقماي، جەڭ قىلىڭ، — دېدى. ھەزرىتى ئىسھاق بىر كەمەر بىلەن بىر قامچا بەردى.

— بۇ ھەرگىز ئۈزۈلمەيدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ پۇتىنى شەمشەردەك كېسىدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:

— ئوغلۇم يەھۇدا جەڭ كۆنلىرى مەيداندا نەرە تارتسا، يىگىرمە بەش مىڭ كىشى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلاتتى. ئوغلۇم شەمئۇن يۈكى بار پىللارنى ۋە تاغ يۆتكەر دۆۋلەرنى بىر قولىدا يەرگە چۈشۈرمەي ئوينار ئىدى. رۇبىل دېگەن ئوغلۇم مىڭ تاناپ يەرگە سايە بەرگەن دەرەخلەرنى بىر قولىدا بىرلەك پاتمان توپىسى بىلەن يۇلۇپ ئالاتتى. بۇ ئۈچ ئوغلۇمنىڭ كۈچىنى ساڭا بەردىم، — دېدى. ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كۆڭلىكىنى بېرىپ:

— بۇ كۆڭلىكىمنى ئاتام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مېنى قۇربانلىق قىلغاندا كىيىۋالغاندىم. پىچاق ئۆتمىدى. مېنىڭ ئورنۇمغا ئاسماندىن قوچقار كەلدى. ماڭا خۇدايىتائالانىڭ رەھمەت نۇرى ياغدى. سىزمۇ جەڭ كۆنلىرىدە بۇ كۆڭلەكتى كىيىۋالسىڭىز تىغ ئۆتمەيدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىر ساۋۇت بەردى:

جەڭ قىلغاندا كىيىڭ، ھېچقانداق نەرسە، تەسىر قىلماس، — دېدى ۋە ھەممىسى دۇئا قىلدى. ئويغانسا ئەتراپى ئالەم مۇشكى ئەنبەرنىڭ ھىدى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرسا پۇتلىرى تېقىمىغىچە يەرگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى، تاشقا دەسسىسە، ئوشۇقىغىچە كىرىپ كەتتى.

ئۇ كېچىسى يەنە شۇ نەرسىلەرنى بېسىپ ياتتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدى. ئۇ كېلىپ ئەمىرنى قولتۇقىدىن تارتىپ يوقىرى كۆتەردى. ئويغانسا خېلى ۋاقىت بولۇپتۇ. ئەمىر

www.uyghurkitap.com



بۇ يەردىن قوپۇپ زاھىدلارنىڭ قېشىغا باردى. زاھىدلار قارىسا، ئەمىر ئىلگىرىكى ئەمىر ئەمەس، شۇنداق ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىپتۇكى، يۈزىگە قارىسا قورقۇپ، يۈرەك يېرىلغۇدەك بولىدۇ. شەيخلەر: «ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن نەزەر تېپىپتۇ» دەپ پەملەشتى ھەم ئۇلارمۇ ئەمىرگە دۇئا قىلىشتى. ئەمىر ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ سەرانديپ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇيلىسا، خوجا ئۆمرى شۇ يەردە قاپتۇ. ئەمىر كەينىمدىن كېلەر» دەپ كېتىۋەردى. خوجا ئۆمرى تاغ بېشىغا چىقىپ، تۆت تەرەپكە قاراپ تاماشا قىلدى. ئۇنىڭغا بىر ھۇجرا كۆرۈندى. ھۇجرىغا يېقىن كەلسە ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ ئىچىدە ھەر خىل جاۋاھىراتلار بار ئىدى. بۇ ئالەمدە كىشىنىڭ كۆزى مۇتلەق كۆرمىگەن نەرسىلەر ئىدى. ئۇ ئالاي، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئىشىككە يېزىلغان: «ھەركىم بۇ جاۋاھىرلاردىن بىرنى ئالسا، ئىشىك يېپىلىپ قالۇر، قويسا ئېچىلۇر» دېگەن خەتنى كۆردى. سىنىماق ئۈچۈن كىرىپ ئېلىپ باققانىدى، ئىشىك يېپىلىپ قالدى. قويۇپ قويۇۋىدى ئېچىلدى. جاۋاھىراتلارنى خالتىسىغا جىق ئېلىپ توشقۇزغاندىن كېيىن، مۆرىسىگە ئارتىپ شۇنداق موللاق ئۇردىكى، ئىشىك يېپىلىپ، خوجا ئۆمرىنىڭ بېشى يېرىلدى ۋە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. يىقىلىپ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. تەختتەر ئولتۇرغان بەش پەيغەمبەر پەيدا بولدى. خوجا ئۆمرى ئۇلارغا سالام بەردى. ئۇلار:

— بىزنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى. ئاردىن بىرى:

— مەن ئادەمدۇرمەن، — دېدى. خوجا ئۆمرى:

— يا رەسۇلۇللاھ، ماڭا بىرنەرسە كارامەت قىلغىن، — دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر لېگەن بەردى ۋە:

— قانداق چاغدا تائام خالىساڭ، قول سالساڭلا شۇ تائام چىقىدۇ، — دېدى. ئىبراھىم پەيغەمبەر دۇئا قىلىپ:

— ھەرقانچە يۈگۈرسەڭ ھارمىغايسەن، — دېدى. ھەزرىتى ئىسمايىل پەيغەمبەر بىر خالتا بېرىپ:

— ئالەمنىڭ پۇلىنى ئالساڭمۇ تولمايدۇ. ھەرگىزمۇ ئېغىر بولمايدۇ، — دېدى. ھەزرىتى سۇلايمان پەيغەمبەر قالپاق بېرىپ:

— «بۇ قالپاقنى بېشىڭغا كىيسەڭ، ئەل كۆزىدىن غايىب بولىسەن، — دېدى.

— يا نەبىيۇللا! — دېدى خوجا ئۆمرى، — ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام بىر خالتا بېرىپ: «ئالەمنىڭ پۇلىنى ئالساڭ تولماس» دەيدۇ، بۇ ئۆيدىكى مال - دۇنيالارنى ئالسام تولارمۇ - تولماسمۇ؟.

— ئال، — دېدى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، — خوجا ئۆمرى دەرھال بارلىق پۇل-ماللارنى خالتىغا سالدى. قارىسا، تولماپتۇ. ئېغىرلىقىمۇ ھېچقانچە ئەمەس. خوجا سۆيۈنۈپ، ئىشىكتىن چىقتى.

— ئەي خوجا ئۆمرى، — دېدى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، — قورقما، بۇ جاۋاھىرلار-نى ساڭا بەردىم.

خوجا ئۆمرى: «بۇنچە نەرسىلەرنى ماڭا بەرمەيدۇ» دەپ ئويلىدى. بېشىغا قالپاقنى كىيىپ، يەنە ئېلىپ باقتى. كۆرۈنمىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ياد قىلىپ، شۇنداق قاچتىكى، ئېگىز تاغلاردىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى. دەريالاردىن قۇشتەك ئۆتتى. يەڭگىللىكىدىن ئۆزىنىمۇ توختىتالمايتتى. بارا - بارا ئېگىز بىر تاغقا چىقىپ قالدى. قارىسا،

بۇ جايدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. كۆڭلى تېخىمۇ تىنماي، شۇنداق يوگۈردىكى ھەزرىتى ئەمىرنىڭ كەينىدىن يېتىپ باردى. ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەردى. ئەمىر خۇشال بولدى. ئەتىسى ئۇلار لەشكەرگاھقا يېقىن يەتتى. ئۇمەر مەدە كەرەب ۋە بارلىق پالۋانلار ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا، ئەمىرھەمزە ئىلگىرىكى ئەمىرھەمزە ئەمەس. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكى ھېرىلغۇدەك بولاتتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن يەر – جاھان، تاغ – باياۋانلار لەرزىگە كېلەتتى. پالۋانلار يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ھەممىسى مۇبارەكلەشتى. بىر پولات كورسىنى بارگاھقا يېقىن قويۇشتى. ئەمىر كورسىغا دەسسەپ ئاتتىن چۈشتى. بۇ كورسى يەرگە كىرىپ كەتتى. پالۋانلار ئۇنىڭ كۈچ – قۇۋۋىتىنىڭ ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئەتىسى ئۇلار تاغدىن كۆچۈپ، بەندەرگە يەتتى. ئۇ يەردە پور ئىشكال ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى. بەش مىڭ ئادەم بىلەن ئۆتكەن – كەچكەنلەردىن باج ئالاتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى كېمىدىكىلەرنى كۆرۈپ، سودىگەرلەر بولسا كېرەك دېيىشتى. كېيىن، ئۇلارنىڭ لەشكەر ئىكەنلىكىنى تەھقىقلىدى. ئۇلار پورئىشكالنىڭ قېشىغا يوگۈرۈپ كېلىپ: «بىرمۇنچە كىشىلەر كېلىۋاتىدۇ. لەشكەر ئوخشايدۇ» دېدى. ئۇلار لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ قېشىغا يەتتى. ھەزرىتى ئەمىر ئۇلارنى كۆرۈپ، ئادەملىرىنى توپلىدى. پور ئىشكال:

— بېرىپ ئۇلارنىڭ ئادەملىرىدىن بىرنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ باقايلى، — دەپ بۇيرىدى. پور ئىشكالنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى مەيدانغا كىرىپ، مەرىت تەلەپ قىلدى. خوجا ئۇمرى ئەمىرگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، مەيدانغا كىردى. بۇ ئاتلىق خوجا ئۇمرىنى كۆرۈپ، مەسخىرە قىلىپ.

— ھەي، خوجا ئۇمرى، سېنى ئۆلتۈرگىلى كەلسەم، قاياققا كەتتىڭ؟ — دەپ قولىغا ئوقيا ئالدى. خوجا ئۇمرى بېشىغا قەغەز سوپەرنى تۇتتى. ئاتلىق بىر ئوق ئاتتى. خوجا ئۇمرى بىر سەكرەپ ئوقنى رەت قىلىپ، خەنجەر ئۇردى. ئۇ ئاتلىق ئەللىك يىللىق ئۆلۈكلەرنىڭ قاتارىغا كەتتى. خوجا ئۇمرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. شۇ كۈنى ئۇ 40 ئاتلىقنى ئۆلتۈردى. ئاندىن، پور ئىشكال مەيدانغا كىردى. ھەزرىتى ئەمىر خوجا ئۇمرىنى ياندۇرۇۋېتىپ، مەيدانغا ئۆزى كىردى. پورئىشكال بىر ھەيۋەتلىك ئوغۇلنىڭ مەيدانغا كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى.

— سەن كىم؟

— ئەمىرھەمزە دېگەن مەن!

— بويۇڭ پاكار نېمىكەنسەن، جەڭ قىلىشقا بىزنىڭ پالۋانلار ھەيدەپ كىردىمۇ؟ — دەپ مەسخىرە قىلغاچ، گۇرزىسىنى تەڭلىدى. ھەزرىتى ئەمىر سوپەر ئالدى. پورئىشكال شۇنداق ئۇردىكى، گۇرزى بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا ئوتلار چاقنىدى. ھەزرىتى ئەمىر ئۇنىڭ بىر قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىر پەشۋا ئۇرغانىدى. ئۇستىخانلىرى پارچە – پارچە بولۇپ تۆكۈلدى. ئۆزىنى چۆرۈپ بوشراق تاشلاپ قويۇپ دېدى:

— سەن خۇدايىتائالانىڭ بىرلىكىگە ئىقرار بول. ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ دىنى بەرھەق، دېگىن!

پور ئىشكال ئىقرار قىلىپ، مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئەمىر ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. پور ئىشكال ھەزرىتى ئەمىرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، قىرىق كېچە – كۈندۈز مېھمان قىلدى. قىرىق بىرىنچى كۈنى: «ھەزرىتى ئەمىرنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ

www.uyghurkitap.com



كەلدى» دەپ خەۋەر يەتتى. ھەزرىتى ئەمىر شادىمان بولۇپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى. يەنە: «گۇستەھەم دەريادىن ئۆتۈپ، قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى، گۇستەھەم: «ئەمىر مەندىن بۇرۇن دەريادىن ئۆتۈپ، سەرانديپقا بېرىپ، پۇر مۈشكالىنى بويسۇندۇرۇپ بوپتۇ» دەپ ھەيران قالدى. ۋە ئوغۇللىرىغا:

— ھەمزىنى كۆرسەم ياخشى بولاتتى. — دېدى. ئوغۇللىرى «بارايلى» دېدى. گۇستەھەم ئوغۇللىرى بىلەن بىللە ھەزرىتى ئەمىرنىڭ قېشىغا كىردى ۋە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— پادىشاھ مېنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتى، — دېدى. ئەمىر ئىلتىپات قىلىپ، يېنىدا سەندەل قويدۇرۇپ، گۇستەھەمنى ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇزدى ۋە شاراب ئىچىشكە تۇتۇشتى.

## پەسلى داستان، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ ھىندىستانغا بېرىپ، لەندىھۇر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

لەندىھۇر تەرىپكە: «مەدايىندىن ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەر چىقىپ، دەريادىن ئۆتۈپتۇ ۋە سەرانديپنىڭ يولىنى بېسىۋاپتۇ...» دېگەن خەۋەر كەلدى. لەندىھۇر بۇلارنىڭ مەدايىن لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان چوڭلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى 444 شەھەر، 12 مىڭ سەھراغا جىھاد زەڭگىدىن نامە ئەۋەتتى. خەتتە: «سەرانديپقا مەدايىندىن لەشكەر كېلىپ، دەريادىن ئۆتۈپتىمىش. سىلەر ھايال بولماي كېلىڭلار. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى جەڭ مەردانىلىرىنى ۋە مەست شىرلارنى، ئۇرۇش پىللىرىنى، سەھرالاردىكى غوللارنى ۋە ئەھرىمەنلەرنى، گىلەمگۇش، زەنجىرخورلارنى، چاھار دەستلەرنى، يەكدەست ئاتەشخورلارنى، ھەممىنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېيىلگەنىدى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ تۆت تەرىپىگە، ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇشتى. شەھاد شاھ قېچىپ ئەمىرنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە ۋەقەنى بايان قىلدى. ھەزرىتى ئەمىر: «پەھلىۋان گەردەنكەشانلار جەڭگە تەييارلانسۇن» دەپ يارلىق بەردى. ئۇلار تەييارلىنىپ، كۆك تۆمۈر ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، پولات بەدەن بولۇپ تەييارلاندى. شەھادنىڭ لەشكىرىدىن باشقا توققۇز لەك لەشكەر توپلىنىپ، ئەمىرگە خەۋەر قىلدى. شەھاد شاھنىڭ لەشكىرى يىگىرمە يەتتە لەك ئىدى. جەمئىي 36 لەك لەشكەر سەرانديپقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇمەر مەئدە كەرەب سەكسەن مىڭ گۇرزىباز پەھلىۋان بىلەن بارگاھنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن فۇرشەك ساسانى زەررىنە كېپىش ئۈچ لەك لەشكەر بىلەن ماڭدى. ئاندىن مۇقبىل ھەلەبى 160 مىڭ ئوقياچى بىلەن تەۋق ھەيرانى يۈز مىڭ نەيزىۋاز بىلەن، شەھاد شاھ 27 لەك لەشكەر بىلەن ماڭدى. ئون يەتتە كۈندىن كېيىن ھەزرىتى ئەمىر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار لەندىھۇرنىڭ مەشق مەيدانىغا يەتتى. ئۇمەر مەئدە كەرەب كېلىپ، لەندىھۇرنىڭ توپ ئاتىدىغان ساقىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ ھەربىرى بىر تاغدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، ئىككى دانە تاش ئىدى. ئۇمەر مەئدە كەرەب ئاتتىن چۈشۈپ ناھايىتى كۈچىنىپ، تاشنى يەردىن ئاران ئۈزۈپ ئالدى. شۇ چاغدا بىرنەچچە كىشى پەيدا بولۇپ:

— ھەي پەھلىۋان، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدىڭىز، بۇ تاش لەندىھۇرنىڭ ساقىسىدۇر.

ئۇنى ھەپتىدە بىر كېلىپ ئوينايدۇ، — دېيىشتى.

— قانداق ئوينايدۇ؟ — سورىدى ئۆمەر مەئدە كەرەب.

— ئۇ ئون ئىككى ياش چېغىدا بۇ تاشلارنى دەرەخنىڭ بويىدەك ئېگىزگە ئېتىپ ئوينايتتى. ئەمدى لەندىھۇر چوڭلاپ كەتكەنلىكتىن تاشنى تېخىمۇ ئېگىزگە ئاتىدۇ. شۇڭا ھاۋاغا ئاتقاندا بۇ تاشلار كۆزدىن غايىب بولۇپ، ھاۋادىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئىككى ساقىنى بىر قولىدا ئوينايدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

ئۆمەر مەئدە كەرەب:

— بۇنداق مەخلۇقنىڭ قېشىغا بارغىلى بولمىغۇدەك، — دېدى. لەشكەرلەر توختاپ، شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلدى، ئون يەتتە كۈندىن كېيىن ھەزرىتى ئەمىر كېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ بۇ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. پەھلىۋانلار: «بۇ يەردە بىر ئاجايىبات بار ئىكەن» دېيىشىپ، ئەمىرنى ئېلىپ كېلىشتى. ھەزرىتى ئەمىر لەندىھۇرنىڭ ساقىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنلۇك تەكبىر ئېيتىپ، ساقىنىڭ زەنجىر ھالقىسىدىن تۇتۇپ، بىرقانچە قېتىم توپبازلىق قىلدى. پەھلىۋانلار:

— ئەي ئەرەب سۇلتانى، بىزنىڭ لەندىھۇر بىلەن نېمە ئىشىمىز بار؟ بۇ يەردىن مەدايىنغا بېرىپ، نۇشىرىۋان بىلەن جەڭ قىلىپ، سىزگە مەلىكە مېھرىنگارنى ئېلىپ بەرسەك بولمىدىمۇ؟ سىناشقان دۈشمەن ئۇرۇشقىلى ياخشى دەپتۇ. لەندىھۇر بىلەن جەڭ قىلىپ سالامەت قايتىش مۇشكۇل، — دېيىشتى. ئەمىر:

— يەتتە يېشىمدا ئەلقەمەدەك پەھلىۋان بىلەن تەڭ بولدۇم. خۇدايىتائالا غالىبىيەتنى ماڭا بەردى. پەيزىئابات ئورمانلىقىسكى يولۋاسنى بويسۇندۇردۇم. ئۇ يولۋاسنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسى توققۇز يېرىم گەز، كۆكسىنىڭ كەڭلىكى ئون يەتتە گەز، قەددى قىرىق بەش گەز ئىدى. ھىشامنىڭ قەددى ئاتمىش گەز ئىدى، ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈردۈم. بەھرامدەك پەھلىۋاننى كۆتۈرۈپ، مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ باغلىدىم. پىلتەن پىلزوردەك پەھلىۋاننى ياربدار قىلدىم. ھەممىڭلار بىلىسىلەر. بەلكىم مەن ئۇلارنىڭ سىڭا قولىغا تەڭ كېلىمەن، يا يوق. خۇدايىتائالا نۇسرەتنى ماڭا بەرگەچكە، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا يېڭىلدى. لەندىھۇرنىمۇ ئاللاھ مېنىڭ ئالدىمدا ئاجىز قىلسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

— ئەي ئەرەب سۇلتانى، — دېدى بىر ئەييار كېلىپ، — لەندىھۇرنىڭ پۇتىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم. تاپىنى ئون يەتتە گەز كېلىدىكەن. بۇنداق مەخلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ، ئارقىمىزغا يانايلى، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگىنىمىزدىن ئۆز ئايىغىمىز بىلەن مېڭىپ گۆرگە كىرگىنىمىز ياخشى. پەھلىۋانلار ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېيىشتى. ئەمىر ماقۇل بولدى.

ھەممە پەھلىۋانلار لەندىھۇرنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۆلچەپ باقسا ئون تۆت يېرىم گەز چىقتى. بۇ ئىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەھلىۋان ئىرجەئنىڭ قەدىمىدە ئىككى قەدەم چىقتى.

— ئەي ئەمىر، — دېدى گۇستەھەم، — قۇباد شەھرىياردىن قېلىپ، تا بۈگۈنگىچە مەن بارمىغان شەھەر ناھايىتى ئاز، چۆل - جەزىرىلەردىمۇ نۇرغۇن ۋەھشىيلەرنىڭ ئىزىنى كۆردۈق. سۈرىتىنىمۇ سىزىپ ئەكەلگەن. ئەمما، بۇنداق ئىزنى بىز ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان. بىزگە بۇنىڭدىن زور خەتەر كېلىدۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

جانىڭ بولسا بولغاي جاھاندارلىق،
ئۆلۈككە قاچان يەتكۈسى شاھلىق.
تىرىك مەھرەمدۇر مېھىرنىگار،
جانى يوقتا ھەم قالمىغاي ھېچ نىگار.

ئۇ يەنە:

— بىھۇدە جەڭ قىلىپ ئۆلگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ھېچقانداق مەزلۇم ئۆلۈكنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتمىغان ۋە مېنىڭ ئۈچۈن ئولۇپتۇ دەپ، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتمىغان، — دېدي. ئەمىر:

— ئەي پەھلىۋانلار، پەھلىۋانلارنىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان بۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار، بۇنداق قىلساڭلار بۇ جاھاندا باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولماس، ئالدىنقى سىپاھنى ماڭدۇرۇڭلار، — دەپ يارلىق قىلىپ، سەرانديپقا كۆچۈپ ماڭدى.

لەندىھۇرمۇ شەھەردىن چىقىپ، ئۈچ كۈنلۈك يەرگە كېلىپ چۈشتى. سەرانديپنىڭ لەشكىرى قىرىق لەك ئىدى. قىرىق مىڭ فەرسەڭ يەرنى مەيدان قىلىپ بارگاھ تىكىپ، توققۇز زور توسۇق ھاسىل قىلدى. ئاجايىباتلارنى ئېلىپ كېلىپ قويۇشتى. بىرىنچى توساقتا سەپىد دەندان ھىندى، ئىككىنچى توساقتا سىيەھ دەندان ھىندى، ئۈچىنچى توساقتا رەۋزى قارا ھىندى، تۆتىنچى توساقتا باتۇر قارا ھىندى، بولۇپ يەتتە توساقتا يەتتە ھىندى پەھلىۋان مۇئەككىل بولدى. يەنە بىر توساقتا كۆل ياساپ سۇغا ئەجدىھادەك بىر لەھەڭنى سالدى. مەست پىلدەك شىرلارنى ئەكېلىپ توساقلارغا مەھكەم باغلىدى. ئاندىن، بىر ئېگىز يەرگە ساپ ئالتۇندىن بارگاھ تىكتى. ئاپتاپ چىقسا ئۇنىڭ شولىسى بىر كۈنلۈك يەرگە يالتىراپ كۆرۈنەتتى. لەندىھۇر ھەر كۈنى مۇشۇ يەرگە چىقىپ، تاماشا قىلاتتى. بىر چاغدا، مەدايىن تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى ۋە چاڭ ئارىسىدىن تۇغ - ئەلەملەر پەيدا بولۇپ يېقىنلاشتى. چاڭ - توزان پەسىيىپ، 80 بايراق كۆرۈندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇمۇدۋاز پەھلىۋانلار ئىدى. ئۇلار كېلىپ:

— ئەي سەرانديپ خەلقى، كىم بىلەن جەڭ قىلىسىلەر؟ بىكاردىن بىكار مەدايىن لەشكەرلىرىنىڭ ئايىغىدا قالىسىلەر. ھېلى بولسىمۇ قىلىچنى توغرا چىشلەپ، ساغدىقىڭلارنى بوينۇڭلارغا ئېسىپ، مېنىڭ ئالدىمغا چىقىڭلار. نۇشىرىۋاندىن گۇناھىڭلارنى تىلىۋالايلى، — دەپ تۇۋلاشتى.

— ھەمزە شۇمىدۇ؟ — دەپ سورىدى لەندىھۇر لەشكەرلىرىدىن.

— ئۇ ئۇمەرى مەئدە كەرەب، — دېيىشتى ئۇلار. ھىندىستان خەلقى ئۇ پەھلىۋاننىڭ لەندىھۇردىن ھېچقانداق كەملىكى يوقلۇقىنى كۆرۈشتى. بۇلار ئۇنى پەقەت ئويلاشمىغانىدى. ئاندىن گۇستەھەم ئۈچ لەك لەشكەر بىلەن كەلدى. ئۇلار ھەممىسى كۆك تۆمۈر بىلەن ئورۇنۇۋالغان بولۇپ، قىقاس - چۇقان كۆتۈرەتتى.

— ھەمزە شۇمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى لەندىھۇر. ئابگۇل بەرگى:

— ئۇ نۇشىرىۋاننىڭ لەشكەر بېشى گۇستەھەمدۇر، — دېدى. بۇلارنىڭ تېخى ئاخىرى چىقىپ بولالمىغانىدى. يەنە چاڭ كۆتۈرۈلدى. يۈز ئاتمىش نەقىشلىك بايراق كۆتۈرگەن بىر يۈز ئاتمىش مىڭ تىرەنداز بىلەن مۇقبىل ھەلەبى يېتىپ كەلدى. ھەممىسى پولات جەڭ

كىيىملىرىنى كېيىشكەنىدى. باشلىرىدا تاجى مۇرەسسە، پۇتلىرىدا كابۇلچە ئۆتۈكلىرى بار ئىدى. بەللىرىدە شەمشەر بولۇپ، تىغىدىن قان تېمىپ تۇراتتى.

بۇلار ئىلكىدە گۇرزۇ تىيرۇ سىنان،
ئوقى بىدەرەڭ نەيزەئى بىئىنان.
سەۋارى ھەمە ئىسپىھانى بۇراق،
ئەجەب شەۋكەتۇ بۇلئەجەب تۇمتەراق.

ئۇلار شۇ ھالەتتە يېتىپ كېلىشتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە چاڭ كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن يۈز گۇلدار ئەلەم كۆتۈرگەن يۈز قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن بىشەئى ھەيراننىڭ پادىشاھى تەۋق ھەيرانى يېتىپ كەلدى. ھەممىسى قوراللىنىپ ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن، ئۆزلىرىنى جەڭ كىيىمى بىلەن زىننەتلىگەن بولۇپ، پولات بەدەنگە ئايلانغانىدى. خۇددى:

بۇلار ئىلكىدە غەرقى ئاھىن سىنان،
ھەمە ئەجدىھايۇ شىرۇ چايان.
كۆرۈپ ھىندۇلار بارچە جەمئىي سىنان،
دېدى خەتتى مىژگاندىكى ئوقىلان.

دېگەندەك يېتىپ كېلىشكەنىدى. يەنە چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن شىرجەڭگىئاد، ئەرجەڭگىئاد ۋە خەرجەڭگىئادلار كەلدى. بۇلا كېلىپ بولغۇچە يەنە يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن زۇلخۇمارئاد، سەئىد يەمەنى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن شەھاد يىگىرمە يەتتە لەك لەشكەر، بەش مىڭ جەڭ پىلى بىلەن كېلىپ چۈشتى. تاكى، ئون يەتتە كۈنگىچە لەشكەركەشلىك بولدى. ئون سەككىزىنچى كۈنى «ھەزرىتى ئەمىر كەلدى» دەپ خەۋەر بولدى. بارلىق پەھلىۋان گەردەنكەشانلار ئاتلىنىپ، ئەمىر تەرەپكە مېڭىشتى. لەندىھۇرغا: «نېمە ۋەقە بولدىكىن، ئىران چېرىكلىرى كەينىگە يېنىپ كەتتى» دەپ خەۋەر قىلىشتى. لەندىھۇر بارگاھنى ئېگىز يەرگە تىكىپ تاماشا قىلدى. تامام ھىندىستان ئۇلۇغلىرى توپلىنىپ كۆردى-كى، چاڭ - توزان ئاسمانغا ئۆرلەشقان. بىر چاغدا چاڭ پەسىيىپ، تۇغ - ئەلەملەر كۆرۈندى. ھەممە پادىشاھلار ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. ئەمىرنىڭ پۇتلىرىدىن سۆيۈشتى. ھەزرىتى ئەمىردىن ھاردۇق سورىشىپ، تەق بولۇپ تۇرۇشتى. ئۇلار بارگاھقا يېقىن يەتتى. ھىندىستان خەلقى كۆردىكى، ئوڭ قولىدا تۆت يۈز يىگىت، سول قولىدا تۆت يۈز يىگىت بىللە كېلىۋاتاتتى. ئالدىدا خوجا ئۇمرى باشلىق، تۆت يۈز ئەييارمۇ موللاق ئېتىپ، ئويۇن قىلىپ كېلەتتى. ئارقىسىدىن مۇقبىل باشلىق تۆت يۈز تىرەنداز بار ئىدى.

ھەمە نازەنىنۇ، ھەمە دىلپەرزىر،
مەلاھەت ئارا شەھرى نىك دەستىگىر،
ھەمە تۈركۇ ئىرانى جابۇك سەۋار،
پەرى پەيكەرانۇ مەلائىك شىكار.
ئەرەبتىن ئەجەم ئىچرەكىم نازەنىن،

يەكى ھەممە سەييارەدەك ئەز زەمىن.

دېگەندەك، بۇ يىگىتلەرمۇ پىيادە بولۇپ ماڭدى. ئاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەمىردىن باشقا ئاتلىق كىشى قالمىدى.

لەندىھۇر شۇنداق بىر ئوغۇلنى كۆردىكى، يېشى ئەمدىلا ئون سەككىزدە ئىدى. جامالى ئالەمنى يورۇتاتتى. قەددى ـ قامىتى تازا يېتىلگەن، باھادىر ۋە شىجائەتلىك ئىدى. بېشىدا سۇمبۇل مىسالى چاچ، ئۈستىدە ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج بار ئىدى. يۈزلىرى ئايدەك نۇر چاچاتتى. پەھلىۋانلار سەندەل ئەكېلىپ قويدى. ھەزرىتى ئەمىر ئاتتىن چۈشۈپ، سەندەلگە ئولتۇردى. ئاندىن بارگاھقا كىردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن:

— لەندىھۇرغا ئەلچى بولۇپ كىرىدىغان ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

پەھلىۋانلاردىن ھېچ سادا چىقمىدى. ئىككىنچى قېتىم دېگەندە خوجا ئۈمرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەندىن باشقا كىشى ئەلچىلىككە لايىق ئەمەس. مەن كىرىپ، لەندىھۇرنىڭ دەبدەبە-سىنى بىر پۇل قىلاي. مەندىن باشقا ئادەمگە خەتىرى چوڭدۇر، — دەپ، خەتنى ئېلىپ سەراندىپقا راۋان بولدى. لەندىھۇرغا «ئىران لەشكىرىدىن ئەلچى كەپتۇ» دەپ خەۋەر بولدى. لەندىھۇر:

— دەربەندىكلەر تەييارلىنىپ تۇرسۇن، قىيناپ مۇشەققەت بىلەن ئېلىپ كىرىڭلار، — دەپ يارلىق قىلدى. خوجا ئۈمرى كېلىپ سالام قىلدى. لەندىھۇر كۆرۈپ، كۈلۈشكە باشلىدى. لەندىھۇرنىڭ كۆز ئالدىدىكى خوجا ئۈمرىنىڭ بېشى گويا جوزى ھىندىدەك بوينى ئالما ساپىقىدەك، قورسىقى تاۋۇزنىڭ شاپىقىدەك، پۇتى گۈمبەزنىڭ شادىسىدەك، قەددى ئون ئىككى يېرىم گەز، يوتىسى ئۇزۇن، پاقالچاقلىرى كالتە ئىدى. موللاق ئېتىپ ئويۇن قىلسا، ئىككى مۈرىسى ئىككى قۇلىقىغا يېتىپ سادا چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇ مەكتۇپنى تۇتۇپ بەردى. لەندىھۇر ئۇنچىقماستىن، مەكتۇپنى تىزىنىڭ ئاستىدا قويدى. ئۇ خوجا ئۈمرىگە قاراپ، ھە دەپ كۈلەتتى.

خوجا ئۈمرىنىڭ لەندىھۇرغا ئاچچىقى كەلدى. قولىغا توقماق ئېلىپ:

— ھەي مەسخىرىۋاز، نېمە كۈلىسەن؟ مەكتۇپنىڭ جاۋابىنى بەرمەمسەن؟ — دەپ، بېشىغا توقماق بىلەن بىرنى سالدى. پەھلىۋانلار «ھاي، ھاي. . .» دېيىشتى. خوجا ئۈمرى كىم «ھاي» دېسە، شۇنىڭ بېشىغا ئۇراتتى. بىر ئۇ يەرگە، بىر بۇ يەرگە سەكرەپ، ئۇلارنى ھەيران قىلاتتى. لەندىھۇرنىڭ بېشىغا يەنە بىرنى ئۇرۇۋىدى. بېشى ئايلاندى. خوجا ئۈمرى ئۇنىڭ تاجىسىنى ئېلىپ، بارگاھنىڭ تۈڭلۈكىدىن سەكرەپ چىقىپ كەتتى. ئاڭغىچە، قوۋۇق-تا تۇرغان پالۋانلارغا: «ئەلچى كېلىپ بىرقانچە كىشىنى توقماقلاپ، پادىشاھنىڭ تاجىنى ئېلىپ كەتتى» دەپ خەۋەر يەتتى. ئۇلار «بۇ ئەلچى قەيەردىن كىرگەن بولغىيتتى؟» دەپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. لەندىھۇر غەزەپلىنىپ جەڭ كىيىملىرىنى كىيدى. پىلغا مىنىپ، قوۋۇق ساقچىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى. ھېچقايسىسىنىڭ خەۋىرى يوق چىقتى. لەندىھۇر تېزلىك بىلەن قوغلاپ ماڭدى. ئۇ خوجا ئۈمرىنىڭ ئاستا كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ:

— توختا!، — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. خوجا ئۈمرى قاراپمۇ قويمىدى. لەندىھۇر ئاچچىقلىنىپ قولىغا ئوقىنى ئالدى. ئەمما، ئاڭغىچە خوجا ئۈمرى بىر موللاق ئېتىپ، كۆزىدىن غايىب بولدى. لەندىھۇر قوغلاپ ماڭدى. خوجا ئۈمرى بىر تۈگمەنگە يەتتى. ئۇ يەردە بىر پوستەكچى تازدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. خوجا ئۈمرى: — «بۇ، تازنى بىر

پايلاي» دەپ ئويلىدى.
— نېمە ئىش قىلىسىز. بۇ يەردە؟ — سورىدى تاز خوجا ئۆمەردىن.
— كۆرمىدىڭمۇ، لەندەھۇر ئاغرا ياساش ئۈچۈن تازنىڭ باش تېرىسىنى ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ. تازنىڭ باش تېرىسىنى سويۇپ ئاغرا كەرسە، ئۇنداق ئاغرىنىڭ ئاۋازى بەك ياڭراق بولارمىش، — دېدى خوجا ئۆمەرى. تاز بېشىنى كۆرسىتىپ:
— مانا قارىسىلا بېشىمنىڭ تېرىسى ھەم نېپىز، ھەم تۆشۈك تۇرسا، قانداقمۇ ئاغرا كېرەكلىك بولسۇن، — دېدى.
— لەندەھۇر بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، — دېدى خوجا ئۆمەرى، — ئۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ، غۇلۇغا كىرىۋال.
خوجا ئۆمەرى تازنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىپ، تازنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ تۇردى. تازنى يالىڭاچلاپ، غۇلۇغا كىرگۈزدى. ئۆزى پوستەكچى تاز قىياپىتىدە بولۇۋالدى.
لەندەھۇر كېلىپ:
— ھەي پوستەكچى، بۇ يەرگە بىركىم كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. خوجا ئۆمەرى:
— ئۆگۈت يوق، سۈنى باغلىۋەتمىسەم تۆگمەن قۇرۇقداپ، تاش تاشلىۋېتىدۇ، — دېدى.
— ھەي پوستەكچى، — دېدى لەندەھۇر، — مەن سەندىن تۆگمەن سورىمىدىم، بۇ يەرگە بىرەر ئادەم كەلدىمۇ، دەۋاتىمەن.
— تاش تاشلايدۇ، دېسەم پۇتمەيسىز، — دېدى خوجا ئۆمەرى — مانا، كۆرۈڭ! — دەپ تۇۋاقنى ئېلىپ قويدى. نودىن سۇ چۈشتى. غۇلۇدىكى پوستەكچى تاز سۇدىن قورقۇپ، بېشىنى چىقاردى. لەندەھۇر ئۇنى كۆرۈپ قالدى. تاز دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ غۇلۇغا كىرىپ كەتتى. خوجا ئۆمەرى:
— ھەي ئادەم، بىردەم توختا، سېنى تېخى بىركىم ئىزدەپ كەلمىدى، — دېدى.
لەندەھۇ قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ:
— ھەي پوستەكچى، مەن قوغلاپ كەلگەن ئادەمنى غۇلۇغا يوشۇرۇپ قويۇپ، نېمىشقا ماڭا ئېيتمايسەن؟! — دېدى. خوجا ئۆمەرى دېدى:
— مېنىڭ قۇلىقىم ئېغىر، ئاڭلىمايتىمەن. بىر ئوغرى «پاچىقىم سۇندى» دەپ ئاقساپ كەلگەنىدى. خەنجىرىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ: «پۇتۇمنى تېڭىپ قوي» دېدى. قورقۇپ كېتىپ تېڭىپ قويدۇم. مېنى بىركىمگە دېمىگىن، دېگەنىدى، دېمىدىم. مەن سىزگە نېمە قىلدىم؟ نېمىدەپ ماڭا قامچا تەڭلەيسىز؟
— پاچىقى سۇنۇقمىكەن؟
— سۇنۇپ كېتىپتۇ، «قارس» قىلدى، «قوپارغۇ سۇنغانمىكىن» دەپ قارىسام، شۇ ئوغرىنىڭ پاچىقى ئىكەن. بىر دانە تاج ئېلىپ كەلگەنىكەن ئۇنىمۇ ماڭا بەردى. ئىككى - ئۈچ پىچاق بار ئىكەن، ئۇنىمۇ بەردى، — دەپ كۆرسەتتى خوجا ئۆمەرى. لەندەھۇر كۆڭلىدە «شۇ ئەييار ئىكەن» دەپ بىلدى ۋە پىلدىن چۈشۈپ: «بويان چىق!» دەپ ھەيۋە قىلدى.
تاز قولىغا تاش ئېلىپ بېشىغا ئۇرۇپ ناله قىلىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. لەندەھۇر تۆگمەنگە ئوت قويماقچى بولدى. خوجا ئۆمەرى:
— تۆگمەننى يېقىتمىسىلا، ئالتە بالام بار، ئۇۋالىغا قالىلا، مەن ئېگىن - ئاياغلىرىنى تۇتۇپ تۇراي، ئۆزلىرى كىرىپ ئېلىپ چىقسىلا. بۇ يەردە مەندىن باشقا ئادەم يوق، — دېدى.
لەندەھۇر بارلىق كىيىملىرىنى سېلىپ غۇلۇغا كىردى. بىر يالىڭاچ كىشى چاقنى قوچاقلاپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com


— ھەي ئەييار، — دېدى لەندىھۇر، — بۇياققا چىق، پاچىقىڭمۇ سۇنۇپتۇ،

— مېنىڭ بېشىمنى كۆرسىلە، پادىشاھىم، بېشىمنىڭ تېرىسى ھەم نېپىز، ھەم تۆشۈك. مېنىڭ بېشىمنىڭ تېرىسى ئاغرا قىلىشقا يارىمايدۇ. رەھىم قىلغايلا، — دېدى تاز نالە قىلىپ. لەندىھۇر تازنى زورلۇق بىلەن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. قارىسا، خوجا ئۆمرى لەندىھۇرنىڭ بارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— كىيىملىرىمنى بەر! ، — دېدى لەندىھۇر، — ئەييارنى ئېلىپ چىقتىم.

— ھەي لەندىھۇر! — دېدى خوجا ئۆمرى، — جەڭسىز قەلئە ئالغۇچى خوجا ئۆمرى دېگەن مەن بولىمەن. — دېدى. لەندىھۇر:

— ھەي ئەييار، مەن يالىڭاچ قالدىم. پادىشاھلارغا بۇنداق ھالەت ياراشمايدۇ، كۆڭ-لەك- ئىشتىنىمنى بەر، — دېدى.

خوجا ئۆمرى بىر كونا كۆڭلەك، ئىشتاننى تاشلاپ بەردى. لەندىھۇر:

— يېڭىراقىنى بەر، — دېدى. خوجا ئۆمرى:

— بۇ كىيىملەرنى تېگىشتۇق. مېنى پوستەكچى دېگەنتىڭ. پوستەكچىلىكىنىمۇ ساڭا بەردىم. ئەمدى، مېنىڭ ئورنۇمدا سەن پوستەكچى بول، — دېدى. قارىسا، لەندىھۇرنىڭ سىپاھلىرى يېقىن كېلىپ قاپتۇ. خوجا ئۆمرى يەنە دەرھال قازىنىڭ سۇرىتىدە بولۇپ، پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، بۆكىنى قولىغا ئېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئارقىسىغا قەدەمدە بىر قاراپ، لەشكەرلەرنى «قېچىڭلار!» دەپ توۋلايتتى. لەشكەرلەر: «ئۇ نېمىشقا بۇنداق تېز يۈگۈرەيدىغاندۇ؟ پادىشاھقا بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە سوراشتى:

— نېمە بولدى. تېز سۆزلە.

— پادىشاھ بىر كىشىنى قوغلاپ كەلگەنىكەن، — دېدى خوجا ئۆمرى، — ئۇ كىشى غۇلۇغا كىرىۋالدى. پادىشاھ: «بۇ ياققا چىق!» دېۋىدى، چىققىلى ئۇنىمىدى. مېنى، سەن كىرىپ تۇتۇپ چىق دېگەنىدى. كىرگىلى يېقىن بارسام، خەنجەر تارتتى. قورقۇپ قېچىپ چىقتىم. پادىشاھ ئارقىسىغا قاراپ قانچە قىچقىرىپ ھېچكىمنى تاپالمىدى، ئاچچىقى كېلىپ، يەتتە كىشىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ «ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسەم» دەپ قەسەم ئىچتى. ئاندىن يالىڭاچلى-نىپ غۇلۇغا كىرىۋىدى، غۇلۇدىكى ئادەم نودىن چىقىپ، پادىشاھنى غۇلۇدىن چىقارماي، ئۇرۇپ كەتتى. پادىشاھ ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ ئۇنىمىدى، بېشىغا يىگىرمە - ئوتتۇز توقماق ئۇرغاندى پادىشاھ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئاندىن ئۇ كىشى شاھنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ كەتتى. پادىشاھ كېيىن كۆزنى ئاچتى. بېشى ئايلانغانىكەن. ھەركىمنى كۆرسە، بايىقى ئادەم خىيال قىلىپ ئۆلتۈرگىلى قوغلايدۇ. تۇگمەنىنىمۇ يىقىتىۋەتتى. ئىشتان - كۆڭلىكىنى يىرتىپ، يالىڭاچ بولۇۋالدى. مەن شۇڭا قېچىپ كەلدىم، — دېدى. سەفىد دەندان ھىندى سورىدى:

— ھېلىقى يەتتە كىشىنىڭ ئىسمى ئېسىڭدە بارمۇ؟

— سەفىد دەندان، سىيەھ دەندان دېدىمۇ، شۇلار ئېسىمدە، — دېدى خوجا ئۆمرى. بۇنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككىسى لەشكىرىنى ئېلىپ ياقىغا قاچتى. شۇ ئەسنادا، لەندىھۇر لەشكەرلە-رىنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— بېرى كېلىڭلار! — دەپ قىچقىردى. خالايىق لەندىھۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قارىغانىدى، ئۇنىڭ يالىڭاچ تۇرغىنىنى كۆردى. قولىدا ئۇمۇد بار ئىدى. ھەممىسى: «پادىشا-ھىمىز ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. ھەممىمىزنى ھالاك قىلغۇدەك» دەپ ساراسىمىگە چۈشتى. لەندىھۇر يەنە قىچقىردى. ھېچ كىشى بارمىدى. لەندىھۇر قەھرى - غەزەپكە كېلىپ، پىلغا يالىڭاچ

مىنىپ، ئۆمۈدنى ئېلىپ، لەشكەر تەرەپكە كەلدى. بايىقى يەتتە كىشى لەندىھۇر لەشكىرىدىكى چوڭ قوماندانلار ئىدى. ئۇلار: «بىزنى ئۆلتۈرگىلى قەسەم ئىچىپتۇ» دەپ، ھەممىسى ئۆز لەشكىرىنى ئېلىپ ياقىغا قاچتى. سەراندىپ خەلقى ئىلاجىسىز ئاتتىن چۈشۈپ تۇردى. لەندىھۇر:

— نېمىشقا كەلمەيسىلەر!؟ — دەپ سورىدى.

— سىزنى ئازدۇرغان ئەييار بىزنىمۇ ئازدۇردى، — دېيىشتى خالايىق.

خوجا ئۆمرى ئەمىرھەمزىگە خەۋەر قىلدى. ھەزرىتى ئەمىر لەندىھۇرنى بارگاھقا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى. كىيىم - كېچەكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. لەندىھۇر ھېچ نەرسە يېمەي. شارابمۇ ئىچمەي قايتىپ كەتتى. لەشكەرلەر تۈن يېرىمى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەتىسى جەڭ دۇمبىقى چېلىشقا بۇيرۇدى. لەندىھۇر تەرەپتىنمۇ جەڭ ناغرىلىرى چېلىندى. ئالەمنى ناغرا - دۇمباقنىڭ ئۈنى بىر ئالدى. ئىككى تەرەپ قوشۇن بەگلىرى لەشكەرگاھنى تەييار قىلىشتى. تامام لەشكەرلەر سەپ تۈزدى. ھەممە ئۇلۇغ پەھلىۋانلار بىر - بىرىنىڭ تاقابىلىدا تۇراتتى.

بولۇپ بىر - بىرىگە تاقابىل سىپاھ،
زەمىنو پەلەك ئۇل دەم ئولدى تەباھ.
بۇ لەشكەر ئەمەس گۇيىيا ھەشرەگاھ،
باشىغە قىلىپ تۇغ - ئەلەم جىلۋەگاھ.
بولۇپ شەرفەلەر ھەممە جاي غەرق قان،
بەسا چايقالىپ قالدى دەشتۇ جەھان.

دېگەندەك بولدى. ھەزرىتى ئەمىر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋۇتىنى كىيدى. بېشىغا سۇمۇرغ پېيىدىن تاج تاقىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇپ دەستىسىنى قولىغا ئېلىپ، قوتازغا مىنىپ، تۇغ - ئەلەم تۈۋىدە قارار تاپتى. ھىندىستان خەلقىنىڭ كۆزىگە ئەزرائىل كېلىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. لەندىھۇر ئۆ كۈنى پىلى مەھمۇدقا مىنگەنىدى. پىلنىڭ ئەتراپىغا خۇشئاۋاز قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، خارتۇمىغا ئىككى بىسلىق شەمشەرنى باغلىغان، بېشىغا سۇمۇرغ پەرلىك تاج كىيگەنىدى. پىلغا ئون ئىككى بۇرجەكلىك بىر تەخت بېكىتىپ، ئۆنىڭ ھەر بۇرجىكىگە بىردىن تۇغ - ئەلەم بېكىتىلگەنىدى. خالايىق لەندىھۇرنى كۆرۈپ، نۇرغۇنلىرى ھوشىدىن كەتتى. لەندىھۇرنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك چىقاتتى. ئەجدىھامۇ ئۆنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا باش چىقىرالمايتتى.

ئەلقىسسە، ئىككى لەشكەر دەرياسى ئۆركەشلەپ تۇراتتى. تېخى مەيدانغان بىر كىم كىرمىگەنىدى. مەداين تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. تۇمان ئارىسىدىن ئىككى ئەلەم كۆرۈندى. ئىككى يۈز مىڭ كىشى كېلىپ مەيدانغا ماڭدى. ئۇلاردىن بىرى يۇقىرى ئاۋازدا:

— ھەي ھەمزە ئەرەب، كىم - كىم بىلەن جەڭ قىلىشىڭنى بىلەمسەن؟ پەھلىۋان لەندىھۇرنىڭ جېڭىدىن سالامەت چىقماق بەسىي مۈشكۈلدۇر. ئاۋۋال، مېنىڭ جېڭىمدىن چىققىن. مەن قارۇن لەڭگۇرنى بولىمەن، — دەپ ھەيۋە قىلدى.

ھەزرىتى ئەمىرنىڭ غەزىپى كېلىپ، مەيدانغا ماڭدى.

ئانىڭ ھەيبەتىدىنكى بۇ دەھرى دۇن،
قىلىپ پەستلىك ئالدىدا نىلگۇن.

www.uyghurkitap.com

دىگەندەك ئىدى. ھېلىقى پەھلىۋان گۇرزى سالدى. ئەمىر رەد قىلىپ، سىڭا قولىدىن تارتىپ پىلدىن چۈشۈردى. بېشىدىن ئۈچ قېتىم چۆرۈپ، شۇنداق نەرە تارتتىكى، بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ، يىگىرمە بەش مىڭ كىشى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى چۆللەرگە قېچىپ كەتتى. ھىندىستان لەشكىرى بىر داۋالغۇپ توختىدى. ھەزرىتى ئەمىر قارۇن لەڭگۇرنىنى يەرگە ئېتىپ، باغلاپ كېلىپ پىلغا باغلىدى. پىل بىلەن بىللە مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ھوشى كەتتى. ئەمىر تەبىل بازىگەشتلىرىنى چېلىپ يېنىپ چۈشتى. ئەتىسى يەنە سەپ تۈزۈشتى.

تېخى مەيدانغا بىر كىشى كىرمىگەندى. جەزىرە ئەجدەرسەر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن 80 دانە تۇغ - ئەلەم كۆرۈندى. 80 مىڭ كىشى نىشانغا يەتتى. بىر پەھلىۋان مەيدانغا كىردى. ئېتى مالىك ئەجدر ئىدى. بۇ خالايىقنىڭ بوينى ئۇزۇن، بېشى كىچىك، يىلاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، نەرە تارتىپ، مەيداندا جەۋلانبازلىق قىلىپ مەرت چاقىردى. ئەمىر: «مەندىن باشقا كىشى كىرسە خەتەرلىكتەك تۇرىدۇ» دەپ ئويلاپ، مەيدانغا ئۆزى كىردى. قارىسا، ئۇ بىر قوي ھەيكىلىدەك مەخلۇق بولۇپ، تىلىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۈچ قېتىم ھەربە سالدى. ئەمىر رەد قىلدى ئەمىر قەمقامنى قولىغا ئېلىپ نەسىھەت قىلىۋىدى، بىلمىدى. قولىغا سۇپەر ئالدى. ئەمىر ئۇنىڭ بېشىغا قەمقام يەتمەيدىغانلىقىنى كۆردى.

قولىغە ئېلىپ ئېردى شەمشىرى كىن،
كى تىترەشكە كەلدى زەمانو - زەمىن.
مۇجەررەب تۇتۇپ چاپتى قىلماي دەرەڭ.
ئەدۇ قانىدا يەرنى ئەيلەپكى رەڭ.

شۇنداق چاپقانىدى بېلى ئۈزۈلۈشكە ئازلا قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ تېنى يەرگە چۈشتى. ھىندىستان لەشكىرىدىن چۇقان چىقتى. لەندىھۇردىن ھۇش كەتتى. لەندىھۇر دەرھال مەيدانغا كېلىپ، ئەمىرگە گۇرزى سالدى. بۇ گۇرزىنىڭ ساداسى باياۋانلارغا يەتتى. ئىككىنچى نۆۋەت يەنە گۇرزى ئۇردى ئەمىرنىڭ ھەربىر مويىدىن توختاۋسىز تەر ئاقتى.

نۆۋەت ھەزرىتى ئەمىرگە يەتتى. ئەمىر ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ چۇپ دەستىسى بىلەن ھەر سوققاندا بىر پىلنىڭ بېلى سۇندى. ئاندىن شەمشەرنى ئېلىپ نەچچە قېتىم چاپتى. ئۇلار شۇنداق تۇتىشىپ ئون يەتتە كۈن جەڭ قىلىشتى. جەڭ ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بولدى، ئەمىر دېدىكى:

— ئىككىمىزنىڭ جەڭ قىلىۋاتقىنىمىزغا ئون يەتتە كۈن بولۇپتۇ. ئاچ - ئۇسسۇز ئېلىشتۇق، سۇ، تائام ئېلىپ كەلسۇن. يەپ، شاراب ئىچىپ، ئاندىن جەڭ قىلايلى.

بۇ سۆز پەھلىۋان لەندىھۇرغىمۇ ناھايىتى خۇش كەلدى. سۇ ئىچىپ، تاماق يېگەندى بەدەنلىرى بوشاپ كەتتى. لەندىھۇر:

— ئەي ئەرەب سۇلتانى، بۈگۈن كەچ بولۇپ قاپتۇ. ھەر ئىككىمىز ئارامگاھقا قايتساق، ئەتە جەڭگاھتا ھازىر بولساق، — دېدى، ئەمىر:

— خوپ بولغاي، — دەپ شارابقا تۇتۇشتى.

لەندىھۇر ھىندىستان ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەزرىتى ئەمىرنى تەكلىپ قىلماقچى بولدى. مېھماندارلىق ئەسۋابلىرىنى تەق قىلىشقا چۈشتى. بۇ خەۋەر ھەزرىتى ئەمىرگە ئاڭلاندى. سلىھەت قىلىپ، ئىران ئۇلۇغلىرى دېدىكى:

— لەندىھۇرنىڭ قەستى بۇكى، ئۇ ھىندىستاننىڭ ئون ئىككى مىڭ سەھراسىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، تولىسى تېخى كەلمىدى، بىزنى ئويۇنغا كۆل قىلىپ، لەشكىرىنى يىغماقچى. ھىندىستان سەھرالىرىدا خەلق تولا. يەنە بىر ئىش ھىندىستان زەھەرنىڭ كانىدۇر. لەندىھۇرنىڭ ھەممىمىزگە زەھەر بېرىش خىيالى بار. مېھماندارچىلىقتا بارمىغىنىمىز ياخشى.

— بارغانلىرى ياخشىراق، — دېدى گوستەھەم — ھىندىستان خەلقىنىڭ ھەممىسى لەندىھۇرغا ئايلانسىمۇ پەھلىۋانلىقتا ئەمىر بىلەن تەڭ كېلەلمەيدۇ. بىر ئىرانلىق بىلەن بىر ھىندىستانلىق ھەمتاۋاق بولساق، نېمە يېسەك بىللە يەيمىز. نېمە بولساق بىللە بولىمىز. ھىندىستان پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە بارمىساق، قورقۇپ بارمىغاندەك بولىدۇ.

بۇ سۆز ئەمىرگە ماقۇل كەلدى. ئەمما، گوستەھەمنىڭ قەستى ۋە خىيالى ئەمىرگە زەھەر بەرمەك ئىدى.

سەۋسەن ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەرنى ئەكەلگەندى. سەۋسەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالالايتتى. ناخشا توۋلاپ ئويۇنغا چۈشۈپ كەتسە پۈتكۈل خەلقنى ئۆزىگە قارىتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن نۇرغۇن ئويۇنچى ئىشقۋازلارمۇ بار ئىدى. گوستەھەم ئۇلارغا:

— ئەمىر ھەمزە لەندىھۇرنىڭ مېھماندارلىقىغا بارىدۇر بولدى. ئەمدى ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىدۇ. بىز بارغاندىن كېيىن، سىلەر دەرھال بېرىپ يولدىكى چىمەنزارلىقتا بارگاھ تىكىپ، چاڭ، قالۇن، بەربەتلەرنى ئەۋجىگە كەلتۈرۈپ، پەرى چېھرىلەرنى ئويۇنغا سېلىپ تۇرۇڭلار. بىر شېشىدە ئۆتكۈر زەھەر، يەنە بىر شېشىدە بىھوش دورىسى قوشۇلغان شاراب تەييارلاپ، بەزمىنى قىزىتىپ تۇرۇڭلار. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر جېدەل پەيدا قىلىمەن. ئېنىقكى، بۇ يەرگە پەھلىۋانلار بىر- بىرلەپ كېلىشىدۇ. ئەگەر ھەمزە كەلسە، زەھەرنى بېرىڭلار. پەھلىۋانلار كەلسە، بىھوش قىلىش دورىسى قوشۇلغان شارابنى بېرىڭلار، ئۇلار ھوشسىزلانغان ھامان باغلاپ، پىنھان يەرگە ئاپىرىڭلار، — دەپ تەلىم بېرىپ، ئۆزى ئەمىر قېشىغا بېرىپ تۇردى. گوستەھەم مېھمانغا بارماقنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلەپ، ئاخىر ئەمىرنى قايىل قىلدى.

لەندىھۇر مېھماندارلىق ئەسۋابلىرىنى تەل قىلغاندىن تاشقىرى يەنە سوۋغا - سالام ئۈچۈن توققۇز دانە جەڭ پىلى تەييارلىدى. بۇ پىللارغا پولاتتىن جەڭ كىيىمى كىيگۈزدى. ئۈچىسىغا ئالتۇن تەخت ئورناتتى. يەنە توققۇز يۈز دانە ئالتۇن ئۈزەڭگىلىك ئىراق ئېتىنى جابدۇپ، بىردىن غۇلامغا تۇتقۇزدى. ئۇنىڭدىن باشقا تەييارلىقلىرىنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھىندىستان ئۇلۇغلىرى ئەمىرنىڭ بارگاھىغا ماڭدى. ئەمىرمۇ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۇلارنى بارگاھىغا ئېلىپ كىردى. ئاش - تاماقتىن كېيىن لەندىھۇر تامام ھىندىستان ئۇلۇغلىرى بىلەن پەگاغا چۈشۈپ:

— ئەي سۇلتانى ئەرەب، بىر باھانە بىلەن شەھىرىمىزگە پاي قەدەملىرى يەتتى. كولبەخانىمىزغا مۇبارەك قەدەملىرى يەتسە، خانەئى كەبىنىڭ توپىسىغا دەسسىگەن ئىزلىرىنى كۆزىمىزگە سۈرۈپ تاۋاپ قىلساق، دېگەن ئۈمىدتە دەرگاھى ئالىيلىرىغا ئەدەپسىزلەرچە كېلىپتۇرمىز، — دەپ، ئەرزىنى يەتكۈزدى.

ھەزرىتى ئەمىر كۆپ ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، ئۈچىنچى كۈنى بارماقچى بولدى. لەندىھۇرمۇ قايتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ھەزرىتى ئەمىر پۈتكۈل ئىران پەھلىۋانلىرى بىلەن بىللە، لەندىھۇرنىڭ بارگاھىغا قاراپ يولغا چىقتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# شېئىرلار ①

## سوپۇرگى سەنجەرى (غەرىبى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت چاۋار

*　　　*

بەرادەرلەر نىتەي ئەمدى پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم،
كۆزۈمنىڭ گەۋھەرى تاجى سەرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
شەرىئەت يولىنى تۇتغان، تەرىقەت ئىچرە قان يۇتغان،
ھەقىقەت مەئرىفەت بىلگەن پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
دەۋام ئۆمرىدە ھەق يادىدا ئەردى مەستۇ مۇستەغرەق،
خۇدانىڭ شەۋقىدە تۇرغان پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
ھىدايەت ئەيلەگەن ئۆز ئەسرىدە مۇخلىس - مۇرىدلارنى،
جىگەر بەندىم، ئەزىزىم، گەۋھەرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
مۇرىد - مۇخلىسلارىنىڭ دىللارىنى زىندە دىل ئەتكەن،
مۇھەببەت مۇۋەسسىن ساچقان پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
رىيازەتلەر قىلىپ شەب - رۇز بىخۇدۇ مەستى لايەئقەل،
خۇدا زىكرىن غىزا قىلغان پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
نەزەر ئەيلەپ مۇرىدلارغە مۇھەببەت شىددەتى بىرلەن،
يۈرەكلەرنى كەباب ئەتكەن پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
مېنىڭ ھالىمغە ھەر سائەت مۇھەببەت تۇخمىنى ساچقان،
دىلىمغە تەربىيەت قىلغان پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
غەرىبى ئاسىي بەدكارى، خۇدايىم ساڭا غەمخارى،
ئۈمىدىم بار پىرىم يارى، پىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا

* *

ئىلاھا، رەھم قىل پەرۋەردىگارىم،
مېنىڭ ھالىمغە رەھم ئەت بىرۇ بارىم.
گۇنەھلىك بەندەمەن ئىسيان بىلەن غەرق،
بۇ باغىسدىن جەھالەت ئىچرە ھالىم.
تاپالماي راست يولنى سەرنىگۇنمەن،
ھەقىقەت يولنى بىلدۇرگىل خۇدايىم.
ياراتىپسەن ۋۇجۇدۇمنى مۇسەۋۋەر،
بەھايىم نەسلىدەك بۇ زىشت ھالىم.
كىشى بولماس مېنىڭدەك غەفلەت ئامىز،
جەھالەت دەشتىدە لەب تەشنە جانىم.

سەئىدمەنمۇ شەقى مەنمۇ بىلەلمەي،
بۇ ھالەتدە قالىپ بۇ جىسمۇجانىم.
كىتاب قۇرئان ئوقۇپ مەغزىنى بىلمەي،
ئۆزۈم ئۆز ھالىمە بولدى ۋەبالىم.
ئەمەل قىلدىم تىلىمدا زاھىرانە،
ۋەلې باتىندە بولماي قىيلۇ قالىم.
بۇ دەردىمغە ئۆزۈڭ دەرمانپەزىر بول،
سېنىڭدىن ئۆزگە يوق ھالىمغە ھامىم.
غەرىبى، غەم بىلە ھەسرەتدە قالدى،
ئۆزۈڭ رەھم ئەيلەگىل پەرۋەردىگارىم.

* *

ئىسيانغە غەرق بولدۇم رەھم ئەيلەگىل ئىلاھىم،
نەفس دامىغە ئىلىندىم بولغىل مېنىڭ فەناھىم.
قىلدىم گۇناھى بىھەد تاغدىن ئاغىر بىئەدەد،
ئىسمىڭ سېنىڭ يا غەففار، ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىم.
دەرگەھىڭغە ساغىندىم، پەناھىڭغە يىقىلدىم،
ئەمدى ئۆزۈمنى تۇيدۇم، رەھم ئەيلە پادىشاھىم.
تەۋفىق ماڭا ئەتاقىل، جۇرمىمنى سەن رەھاقىل،
بەندەم دەبان نىدا قىل، مەھشەردە زۇلجەلالىم.
بەرگىل ماڭا ھىدايەت، بىر قەترەئى ئىنايەت،
بولسۇن ئىشىم نەدامەت، دەردىمگە قىل دەۋايىم.
غەفلەت بىلە بۇ ئۆمرۈم بولدى ئەدەم ۋۇجۇدۇم،
تۇتغىل قولۇم رەسۇلۇم يوق سەندىن ئۆزگە ھامىم.
ئىسمىڭ ئىرۇر مۇھەممەد بولغىل شەفىئىم ئەھمەد،
قىلدىم گۇناھى بىھەد سان يوقكى شۇم فەئالىم.
دىن يولدە ئىردى سىددىق ئەدلى ئۆمردە بىتەھقىق،
كانى ھەيادا ئۇسمان دامادى مۇستەفايىم.
شىرى خۇدا ئەلىدۇر ئۇممەتغە رەھبەرىدۇر،
شەمئى چىراغ نەبىدۇر بولغىلكى رەۋشەنايىم.
ئاسي غەرىبى ھەيران تاپماي گۇنەھغە دەرمان،
زۇلمەتدە قالدى بىجان، رەھم ئەيلە، ئەي ئىلاھىم.

* *

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



خۇداۋەندا، مەنۇ ئاسىي گۇنەھغە مۇبتەلا بولدۇم.
يۈرۈپ تۈرلۈك ھەۋەس بىرلە ھەۋاغە مۇبتەلا بولدۇم.
بولۇپ نەفسىم مېنىڭ فاسىق، ئىبادەت قىلمادىم لايىق،
قىلالماي بەندەلىك سادىق، رىياغە مۇبتەلا بولدۇم.
يېمەك - ئىچمەك ئىشىم دائىم، بولالماي دىندە مەن قايىم،
تەمام ئۆمرۈمدە مەن نايىم خەتاغە مۇبتەلا بولدۇم.
خۇدايا، قىل يىراق غەفلەتنى مەندەك ئاسىي بەندەڭنى،
ياراغى ئاخىرەت قىلماي جەفاغە مۇبتەلا بولدۇم.
مۇناجات ئەيلەدىم، يا رەب، ئىجابەت قىل دۇئايىمنى،
بۇ نەفسىم ھەددىدىن ئاشتى ھەۋاغە مۇبتەلا بولدۇم.
يۈرۈپ مەن نەفس كويىدا ھەمىشە فىسق يولىدە،
ئەجەب لەب تەشنەمەن تامئ كەزاغە مۇبتەلا بولدۇم.
ئەتاقىل تەۋبە تەقۋانى يىراق قىل نەفسى شەيدانى،
ساۋۇت مېھرىمى دۇنيانى گۇناغە مۇبتەلا بولدۇم.
غەرىبا، كېچەلەر ياشىڭ تۆكۈپ چۈن ئەبرى باراندەك،
ھەمىشە نالە ئەيلەپ ئىززۇ جاغە مۇبتەلا بولدۇم.
غەرىب ئاسىي ئۆزۈڭ نەفسى ھەۋا يولىدە شەرمەندە،
زەھۇل ھەيرەت بىلە قالغاچ بۇكاغە مۇبتەلا بولدۇم.

* *

كىشىكى ئىلمىي شەرىئەت بىلمەسە ئەييان،
بولۇر مەزاھىبى مىللەت بىنالارى ۋەيران.
نىشان ئەھلى سەئادەت شەرىئەت ئىچرە بىلىڭ،
كىمىكى شەرىئەتنى پاس تۇتماس جاھىلۇنادان.
شەرىئەت ھۆكمىنى بىلسەڭ خۇدا رەسۇل ئەمرى،
قىيام كىرگۈزۈپ ئەقلىڭدە ساقلاغىل پىنھان.
شەرىئەت ئىچرە ئەمەل قىلساڭ بولماغاي زايىئ،
قەبۇل بولۇر ئەمەلىڭ ئەسلا بولماغاي ۋەيران.
كىشىكى قىلسە ئەمەل ئاي، يىل، كېچە - كۈندۈز،
شەرىئەت ئىچرە ئەمەس بولسە ئۇ ئەمەل ۋەيران.
جاھاندىن ئۆتتى رەسۇل نەبىيۇۋەلى سانسىز،
خۇدا ئەمرىنى تەرك ئەتمەي يىغلادى چەندان.
خۇداغە بەندەئى خالىسمەن ئەمرىنى تۇتغىل،
تەكەببۇر ئەيلەمەگىل بۇدۇر خىلقەتى ئىنسان.
غەرىبى ئاسىي گۇنەھكار ئۆزۈڭگە بول ناسەھ،
كىشى بىلە نە ئىشىڭ، بىل ئۆزۈڭنى بەرگى خەزان.

* *

خۇداۋەندا، گۇناھلىغ بەندەمەن دەردىمغە قىل دەرمان،
يارىتىپ روزى مىساقدا مۇسەمما ئەيلەدىڭ ئىنسان.
ئاتا سۇلبى ئانا رەھمىدە ساقلاپ خاكى جىسمىمنى،
تەۋەللۇد قىلدۇرۇپ دۇنياغە كەلتۇردۇڭ بېرىپ ھەم جان.
سەئىد مەنمۇ، شەقى مەنمۇ بىلەلمەسمەن ساڭا زاھىر،
مېنىڭ بۇ زىشتى ھالىمغە ئۆزۈڭ رەھم ئەيلە ياسۇبھان.
بېرىپسەن نىئمەتىڭ سانسىز قىلالىمام شۇبھەدىن پەرھىز،
ساڭا شۇكر ئەتمەدىم ھەرگىز تەمام قىلمىشلارىم ئىسيان.
ساڭا قۇلمەن دەيۇ زاھىر تىلىمدە باردۇر ئىقرارىم،
ھەقىقەت تىلنى ئاختارسام بۇ ئىقرارىم بارى يالغان.
ئەزەل كۈندە بەلا دەپ ۋەئدە قىلغاندۇر مېنىڭ رۇھۇم،
ئەدەدسىز ئىلتىفات ئەيلەپ بېرىپسەن لەززەتى ئىمان.
ئۆزۈمنى بىلمەيىن قىلغان ئىشىم بېھۇدەلىك بىرلەن،
تەمام ئەفئالۇ ئەقۋالىم مۇخالىف شەرئى زايىئ جان.
خۇدايا، رەھم ئېتىپ ھالىمغە باقغىل ئاسىي بەندەڭمەن،
ھەمە ئىشدە ئۆزۈڭ قادىر خۇدا سەن ئەيلەگىل ئېھسان.
گۇناھ دەرياسىدا غەرقاب بولدۇم دەستىگاھىم يوق،
ئۆزۈڭ ساھىلغە يەتكۈر بەھرى زۇلمەتدىن ئايا، سۇلتان.
قىلىپسەن بارچە ئەئزايىم سەلامەت جانۇ تەن بىرلە،
ۋەلي شۇكر ئەتمەدىم بۇ نىئمەتىڭنى بىلمەدىم نادان.
باشىمدا يەتتە دەرۋازە قىلىپسەن ھەربىرى كامىل،
بىرى سىررىنى بىلمەس بىرى ئەسرارىدۇر پىنھان.
ئاغىزدە تىل كەلام بىرلە، بۇرۇن دائىم نەفەس بىرلە،
قۇلاق ئىشتۇر، كۆرەر كۆز بارچەسىدۇر خىلقەتى ئىنسان.
ۋەلى قول - پۇت سەداقەت بىرلە ھەر ئىشدە ئەمەس كوتە،
تۇرۇپ تەن خىزمەتىدە قۇدرەتىڭ بىرلە تۇتۇپ پەرمان.
يېمەك - ئىچمەك يەنە نىئمەت بېرىپسەن بىئەدەد سانسىز،
بۇ نىئمەت شۇكرىنى ئايتماي جەھالەت دەشتىدە ھەيران.
بېرىپسەن ئىلمىي قال مويى مەلەخ پايىچە بىر زەررە،
ۋەلي ھالدىن خەبەر تاپماي قىلۇرمەن نالەئى ئەفغان.
ئۆتۈپ كەتتى جەھاندىن مۇرشىدىم قالدىم كى موۋقىفدە،
ماڭا ھەم يەتتى نەۋبەت سەن ئەتا قىل لەززەتى ئىمان.
نەچۇك غەمدۇر ئۆلۈمدىن سەن ئەگەر ھالىمغە رەھم ئەتسەڭ،
شەقىلىقدىن فەنا بەرگىل، ئاتا قىلغىل ماڭا ئىمان.
خۇدايا، مۇستەفا ھەققى گۇناھىمنى ئۆزۈڭ ئەفۋئەت،
كەرەملىك پادىشاھىمسەن قۇلۇڭ بىچارە بىدەرمان.
گۇناھ زۇلماتى ئىچرە ئۆتتى ئۆمرۈم خابى غەفلەتدە،
بۇ غەفلەتنى يىراق قىل، ئايۇ كۈندەك ئەيلەگىل تابان.

مۇناجاتىم قەبۇل قىلغىل خۇدايا، قىلماغىل نەۋمىد،
ۋەلې «لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللا» ۋەئدە بار قۇرئان.
غەرىبى، يىغلاغىل دائىم، ئىبادەتدە بولۇپ قايىم،
تەمام ئەئزالارىڭ سالىم ھەمە قىلمىش ئىشىڭ ۋەيران.

* *

مېنىڭ ھالىم زەبۇن بولدى، خۇدايا رەھم قىلغايسەن،
بېلىم مانەند نۇن بولدى، خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
گۇنەھ دەرياسىدا غەرقاب بولۇپمەن ھېچ پەناھىم يوق،
كى سەندىن ئۆزگە يارىم يوق خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
باشىمغە چىرماشىپ ئىسيان زەلالەتدە بولۇپ ھەيران،
يۈرۈپمەن زار سەرگەردان خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
ھەقىقەتدىن خەبەر تاپماي تەرىقەتدىن ئەسەر تاپماي،
ياتىپ فەيزى سەھەر تاپماي خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
لەئىن شەيتان توسۇپ يولنى بىلەلمەي راستلىغ يولنى،
قولۇم تۇت، تاشلاما قۇلنى خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
ئۆزۈڭ رەھم ئەتمەسەڭ ھالىم بولۇپ نەفسىمغە مەن زالىم،
مۇخالىف بارچە ئەفئالىم خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
ھەبىبىڭ ھۆرمەتىدىن ئاسىيغە راست يولنى كۆرسەتسەڭ،
مۇھەببەت شەۋقى تاتتۇرغىل خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
گۇناھىم بىنىھايەتدۇر ئىشىم فىسقى زەلالەتدۇر،
ئاخىر قايغۇم نەھالەتدۇر خۇدايا رەھم قىلغايسەن.
غەرىبى مەن بولۇپ ھەيران ئىشىم بولدى مېنىڭ ۋەيران،
گۇنەھ، دەردىمغە يوق دەرمان خۇدايا رەھم قىلغايسەن.

* *

ئىلاھا، رەھم قىل مەن ئاسىيغە رويى سىياھدۇرمەن،
گۇنەھ دەرياسىدا غەرقاب بولغان مۇبتەلادۇرمەن.
گۇناھىم ھەددىن ئاشتى تاپمادىم دەردىمغە ھېچ دەرمان،
دەۋا قىلغىل گۇنەھ دەردىمغە مەن ماتەمسەرادۇرمەن.
بۇ دۇنيا بىۋەفاغە باغلانىپ بۇدەست ئىلە پايىم،
بۇ ئەقدىمنى ئۆزۈڭ يەزگىل مەگەر جۇرمى خەتادۇرمەن.
ئۆتۈپ كەتتى جەھاندىن مۇرشىدىم چۇن بادى رەفتاردەك،
قاراڭغۇ بولدى ئالەم زۇلمەت ئىچرە بىنەۋادۇرمەن.
يارۇغايمۇ جەھان زۇلماتىغە چۇن ماھى تابانەدەك،
جەمالى پەرتەۋى ھۇسنىنى ئىزدەپ بىر گەدادۇرمەن.

ئىشىم قالدى زەلالەتدە هۇزۇر تاپماي ئىبادەتدە،
بولالماي ئىستىقامەتدە غەم ئىچرە مۇبتەلادۇرمەن.
بۇ شەيتان شەررىدىن بەرگىل پەناھ، ئەي، ئالەمۇل ئەسرار،
ئۆزۈڭ رەهم ئەيلە قۇلغە ئارزۇيى پۇرزىيادۇرمەن.
خەبەر بەردىڭ ئۆزۈڭ قۇرئاندە ئۆزۈڭ «لاتەقنەتۇ» ۋەئدە،
ئۈمىدىم سەندەدۇر يارەب، ئىشىم خەۋفى رىجادۇرمەن.
يۈرۈپ بۇ هەيفى نادانلىق بىلەن ئۆمرۈم تامام بولدى،
ئىلاجىم يوق نەچۈك قۇلمەن گىرىفتارى بەلادۇرمەن.
ئەگەر رەهم ئەتمەسەڭ هالىمغە سەن هامى بولۇپ ناگاھ،
جەهالەت دەشتىدە لەب تەشنە مۇفلىس خۇدنەمادۇرمەن.
قۇلۇم سەن دەپ ئۆزۈڭ رەهم ئەتمەسەڭ بەندە دىمەك نەسۇد،
بۇ ئىقرارىم ئىرۇر كازىب فىغانىم نارەۋادۇرمەن.

* *

غەمى ئاشىقغە بولماس تەئنەئى تۇرلۇك مەلامەتدىن،
ۋەلي دىۋانەغە بولماسكى پەرۋايى قەباهەتدىن.
بولۇپ غەرقاب سەن غەۋۋاس رەهمەتدە بولۇپ سىيراب،
قولۇڭغە تۇشكۇسى شايەدكى ئول گەۋهەر سەئادەتدىن.
خۇدانىڭ غەيرىدىن پەرهىز ئەيلەپ هەقغە ۋاسىل بول،
ئەگەرسەن ئەهلى هەق بولساڭ قىلاي نۇكتە ئىشارەتدىن.
بولۇپسەن مەئسىيەت دەرياسىدا غەرق مەشتەئى خاكى،
بۇ ۋەيرانە دىلىڭغە ئىزدىمەسسەن نىك ئىمارەتدىن.
ياقاڭ يىرتىپ گۇناهىڭ شۇملۇغىنى ياد قىلماسسەن،
قىلىپ كۆپ جۇرم ئىسياننى قاچان قىلغۇڭ نەدامەتدىن.
ساۋۇتغىل سەن دىلىڭنى ئەي خاجە، دۇنيايى فانىدىن،
كىتەر ئۇچ كۇندە مالىڭ قول قۇرۇغ قالغاي ئامانەتدىن.
ئەگەر سەن خاهلاساڭ سالىك، بۇ يولنى قەتئ قىلماقنى،
ئەبەس ئۆتكۇرمە زاهىر باتىنىڭ نۇرى تەهارەتدىن.
دىلىڭدە خۇستجۇقىل بەهر تاپغىل پىرى كامىلدىن،
مۇيەسسەر بولغۇسى پىرنىڭ ۋىسالى ئىستىقامەتدىن.
پىرىكىم مۇرشىدى كامىل ئىرۇر هەق نۇرىغە غەرقدۇر،
ئانىڭ ئىلكىنى تۇتغىل سەن ئەگەر بولساڭ سەئادەتدىن.
ئەگەر بولساڭ پىرىڭ ئالدىدا سەن تاپغىل رىزاسىنى،
خەلاس ئەتكەي پىرىڭ ئاخىر سىنى چاهى زەلالەتدىن.
ئەگەر تائەتنى پىنهان ئەيلەسەڭ تاپغۇڭ مۇهەببەتنى،
دىلىڭغە زىكرى هەقنى ۋىرد قىل تاپغىل دەۋامەتدىن.
ئەگەر هەر زەررەنى كۆرسەڭ ئۆزۈڭدىن كۆرمەگىل كەمتەر،
نەچۇن قىلغايسەن، ئەي غافىل، خەلايىقغە ئەداۋەتدىن.
كىشىكىم كىنە تۇتسە كۆڭلىدە ئول ئالى ئەهمەدغە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يىراق بولغاي قىيامەت ھەشرگاھىدا شەفائەتدىن.
كىشىكىم راست ئالىمدۇر تەرىقەت ساھىبى بولغاي،
ئېگىلگەي قەددى يادەك ئەگرۇ بولغاي ئىستىقامەتدىن.
سەھل بىلسە كىشى ئەۋلادى ئەھمەدنى دىلى بىرلە،
يەزىدنىڭ فىرقەسىدىندۇر كۆرەر دىشۋار قىيامەتدىن.
گۇنەھكار بەندەسەن لەيكىن دىلىڭدە دوستى ئەھمەد بول،
مۇيەسسەر بولغۇسى ھۇرى قەسىر غىلمانى جەننەتدىن.
دىلىڭدە بولماسە ئىشقى مۇھەببەت دەردى سوز جارى،
تاپالماسسەن مۇھەببەت بۇيىنى مىلك زىكرى تائەتدىن.
غەرىبى مۇنچە سۆز قىلماق مەقالىڭدىن نەچۇك سۇددۇر،
ئۆتتۈپ ئۆمرۇ بۇ غەفلەتدە ھۇزۇر تاپماي ئىبادەتدىن.

* *

ئىلاھا، رەھىم قىل مەن ئاسىغە رويى سىياھدۇرمەن،
ئۆتتۈپ ئۆمرى ئەزىزىم فىسق بىرلە پۇر گۇناھدۇرمەن.
ياراتىپسەن مېنىڭ جىسمىمنى تۇفراقدىن قىلىپ مەۋجۇد،
تىلىم بىرلە مۇسۇلمان دەپ دىلىم كۇفرى ھەۋا دۇرمەن.
ھەمىشە فىسق ئىلە ئىسيان يولىدا مەن بولۇپ ھەيران،
سەھەرلەر قىلمايىن ئەفغان خەزان بەرگى نەۋادۇرمەن.
ئەزەل كۈندە دېدىڭ سەن بارچە ئەرۋاھغە خىتاب ئەيلەپ،
«ئەلەستۇ رەببۇكۇم» غە بارچە ئىقرارمەن گۇۋاھدۇرمەن.
ئىشتىپ بۇ نىدانى بارچە ئەرۋاھلار دېدى، بەللى،
بىلەلمەسمەن مېنىڭ روھۇم نەچۇك ئاسىي خەتادۇرمەن.
كىشى مۇئمىن ئىسە بۇ ۋەئدەغە قىلماس خىلاف ھەرگىز،
بولۇپمەن ۋەئدە يالغان ياكى سادىق مۇبتەلادۇرمەن.
قولۇم دېسەڭ خۇدايا، رۇزى مەھشەرخوش سەئادەتدۇر،
ۋەلى يۈز ئۆيرۈسەڭ مەن ئاسىيدىن ساھىب غەدادۇرمەن.
قىيامەت ھالىنى ئاسان قىلىپ ھالىمغە رەھىم ئەيلە،
ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ مەن ئاسىي قول جۇرمى خەتادۇرمەن.
ئەگەر دادىمغە يەتسەڭ جۇرمى ئىسيانىنى رەھا ئەيلەپ،
ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ شەرمەندەغە جۇرم خەتادۇرمەن.
جەمىئى ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالارنى شەفىئ ئەيلەپ،
پەناھ بەرسەڭ ئەزابى سىججىن نەيراندىن فەنادۇرمەن.
غەرىبدۇر مېنىڭ ئىسمىم، گۇنەھغە پۇر بولۇپ جىسمىم،
ئۆزۈڭ رەھىم ئەت مېنىڭ ھالىمغە دەرگاھى فەنادۇرمەن.

* *

يۈزۈڭ كۆرمەك ئۈچۈن ئەي ماھى تابان، ئىنتىزارىڭمەن،
ماڭا دىيدار كۆرسەتكىل يولۇڭدا بىقەرارىڭمەن.

ھەممشە رىشتەلى جانىم كۆيەر ئىشق ئوتىدە دائىم،
چىراغنىڭ شەمئىنىڭ رەۋشەنلىغىدا ئىنتىزارىگمەن.
مەنۇ ئۇفتادەغە ئەي شەھر يار، خاكنىڭ نەسىب ئولغاي،
مۇبارەك مەقدەمىگدە كەمتەرىن مۇشتى غۇبارىگمەن.
ئوشۇل ۋەقتىكى ئەي ساقى، شەرابى بىخۇدى بەرسەڭ،
كىچە ياشىم تۆكۇپ يىغلاپ سەھەرغە ئىنتىزارىگمەن.
كەمان ئىلتۇرمە كۆرسەتسەڭ ۋىسالى رويى زىيبانى،
كى ئىشق مىژگانىدىن ھەم سىينە رىش دىلفىگارىگمەن.
سىنىگدىن ئۆزگە ھىچ غەمخا لولماسلار ماڭا ھەردەم،
غەرىبلىققە تۇشۇپ غەفلەتدە يىغلار خاكسارىگمەن.
گۇناھىم بىئەدەد قىلدىمكى نادانلىق غەلەت بىرلە،
ماڭا رەھم ئەتمەسەڭ مەھشەر كۇنىدە شەرمسارىگمەن.
غەرىبى ئىشق ئوتىدە زار يىغلاپ باغرى بىرياندۇر،
جىگەر خۇناب قان يىغلاپ سەراپا لالەزارىگمەن.

* *

كىشىكىم دەردى يوقدۇر دەردمەنلەرنى نەچۇك بىلسۇن،
جەراھەتدار بولغان قەدردانلارنى نەچۇك بىلسۇن،
مۇھەببەت بۇيىدىن بۇي ئالماغانلار ئەسلى ناداندۇر،
مۇھەببەت زەۋقى شەۋقى مەيپەرەستلەرنى نەچۇك بىلسۇن.
ھەرىفلەر مەي ئىچەرلەركىم ئەزىز جانىن ئەۋز ئەيلەپ،
كىشى جاندىن ئۇزۇلمەي مەيفۇرۇشلارنى نەچۇك بىلسۇن.
نەسىبى تاپماسا ھەركىم ئەزەل جامى مۇھەببەتدىن،
مۇھەببەتدىن بۇي ئالغان بادە نۇشلارنى نەچۇك بىلسۇن.
كىشىكىم ئىچمەسە ساقى قولىدىن نەشئەئى مەينى،
دىلىنى كۆيدۇرۇپ ئول دەرد نۇشلارنى نەچۇك بىلسۇن.
نەچۇك سورغايسەن خەففاش سىياھى ئەقلى كوتەھدىن،
شۇئائى ھۇسن ئول خۇرشىدى تابانىنى نەچۇك بىلسۇن.
كىشى مەغرۇر دۇنياغە بولۇپ ئول سىمۇ زەر بىرلە،
لىباسى كوھنە گۇنجى خىرقەپۇشلارنى نەچۇك بىلسۇن.
كىشىكىم ئىشق تاپسە ئايرىلۇر پەرزەندۇ خاتۇندىن،
كىشىكىم ئىشقسىزدۇر پىرى كەنئانىنى نەچۇك بىلسۇن.
كىشىكىم كۇلگۇسى ئاشىق غەرىبنىڭ دەردۇ ئاھىغە،
ھۇزۇرى ئىشقسىزلەر چەشمى گىريانىنى نەچۇك بىلسۇن.
تەرىقەت جەۋھەرىن ئىزلەرغەرىبى نالە - زار ئەيلەپ،
مۇرادىن تاپمايىن لەئلى بەدەخشانىنى نەچۇك بىلسۇن.

* *

ئايا غافىل، ئۆمرۈڭ سېنىڭ بەدەركەتتى،
ئاخىرەتنىڭ ياراغىنى قىلماسمۇ سەن.
فىسق ئىسيان دەرياسىغە چۆمۈپ پاتتى،
تەۋبە قىلىپ ھەق يولىغە كىرمەسمۇ سەن.

ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ تەمام بولدى بىلمەي قالدىڭ،
غەفلەت يۈكى سېنى باستى تۇيماي قالدىڭ.
فىسق ئىسيان نامەسىنى قولغە ئالدىڭ،
بېدار بولۇپ ھەق قۇللۇغىن قىلماسمۇسەن.

قاراپ تۇرساڭ كارۋان كۆچۈپ يولغە كىردى،
يول جابدۇغىن تەييار قىلىپ يۈكنى قويدى.
تەئخىر قىلماي ۋەقتى سەھەر رەۋان بولدى،
سەن ھەم قوپۇپ يولغە رەۋان بولماسمۇسەن.

ئول كارۋاننىڭ ئەسلىن سورساڭ ئەي بىخەبەر،
بېدار بولۇپ ياشىڭ تۆكۈپ تۈن كېچەلەر،
بارچە تۇرماي يەر ئاستىغە قىلدى سەپەر،
جابدۇغ قىلغىل نەۋبەت كەلدى تۇيماسمۇسەن.

بۇ دۇنيانىڭ لەڭگىرىدە قەرار ئالماس،
كارۋان خەلقى قونۇپ ئۆتەر ساكىن بولماس.
ئوزۇق ئالماي يولغە كىرسە سودا بولماس،
ئوزۇقۇڭدۇر ھەق قۇللۇغىن قىلماسمۇسەن.

ئوزۇق ئالغان خەتەر كۆرمەي مۇراد تاپار،
مەنزىللەرنى قەتئ ئەيلەپ ئاخىر يېتەر،
بازار ئالىپ سودالارىن ئايان تاپار،
ئاخىرەتنىڭ سوداسىدۇر قىلماسمۇسەن.

سوداسىنى تەمام قىلىپ شادۇ خەندان،
ئارام ئالىپ مەنزىلىغە بولغاي رەۋان،
رەۋان ئۆتۈپ ئىسسىز ئۆمرۈڭ بولدى ئەمان،
فىكر ئەيلەپ نەزەر قىلىپ بىلمەسمۇسەن.

ئايا دوستلار، بۇ سۆزلەردۇر مەغزى ئىمان،
قۇلاق سالغىل جانۇدىلدە پىرۇ جەۋان،
ساف مۇسەففا پۇرگەۋھەردۇر لەفزى قۇرئان،
ئىبرەت ئالىپ ھەق يولىغە كىرمەسمۇسەن.

بۇ دۇنياغە ياراتىلغان دەۋام تۇرماس،
رىزقى رۇزى پانى ئۆمرى بەرپا تۇرماس.
بىر كۈن ئەجەل شەربەتىنى ئىچمەي قالماس،
غەفلەت ئۇيقۇڭ تاشلاپ بېدار بولماسمۇسەن.

ئەجەل ساڭا تارتىپ تۇرار يا بىلەن ئوق،
پانى دۇنيا مەشغۇللۇقدا خەبەرىڭ يوق.
فىسق ئىسيان باستى سېنى بىلەرىڭ يوق،
ئاگاھ بولۇپ كارۋان يولىن تۇتماسمۇسەن.

بۇ دۇنيادا ئۆلمەي ھېچكىم قالمادىلەر،
پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار ھەم كەتتىلەر.
بۇ دۇنيانىڭ ۋەفاسىنى كۆرمەدىلەر،
ئاخىرەتنىڭ ياراغىنى قىلماسمۇسەن.

ئۆمرۈم ئۆتتى مەن ئاسىيغە يول ئاچىلماي،
ئەزىز جانىم ھەق يولىدە فىدا قىلماي،
مۇرشىدىمدىن جۇدا بولدۇم نەچۈك قىلاي،
ئۆمرۈڭ زايىئ ئۆتكەننى بىلمەسمۇسەن.

كۆز قاراقىم مۇرشىدىمدىن جۇدا بولدۇم،
يىغلاي - يىغلاي غەم ئاستىدا ئەدا بولدۇم.
فىسق ئىسيان يۈكى باستى دۇتا بولدۇم،
ئىمان شەمئىن قولغە ئالىپ يۇرمەسمۇسەن.

قەزا يېتىپ كۆزىن يۇمدى سايەبانىم،
بادى خەزان تەگدى كەتتى ئول سۇلتانىم.
فىدا قىلسام يوللارىدا ئەزىز جانىم،
ئايا غافىل، سەن ھەم ئىبرەت ئالماسمۇسەن.

ئەي غەرىبى، ئۆمرۈڭ سېنىڭ بولدى ئەدا،
غافىل قالدىڭ ناگاھ يېتىپ كەلسە قەزا.
سۇد ئەيلەمەس ئاھۇفىغان ۋا ھەسرەتا،
تا قىيامەن قايىم تۇتۇپ يۇرمەسمۇسەن.

*

*

يا ئىلاھا، ياشىم ساچىپ فەرياد ئېتەي،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.
تا قىيامەت تۇفراق ساچىپ نالان ئېتەي،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

مۇرىدە مۇخلىس غەرىبلەرغە رەھبەر ئىدى،
بارچە ئەھلى سالىكلەرغە سەرۋەر ئىدى،
يولدىن ئازغان گۇمراھلارغە رەھبەرئىدى،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

شەرىئەتنىڭ چىراغىنى قولغە ئالغان،
تەرىقەتنىڭ پىشەسىنى سەير قىلغان،
ھەقىقەتنىڭ مەغزىن ئالىپ نىسار قىلغان،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

نەچچە يىللار يولغە سالىپ ئەھلى جەھان،
ئۆز ۋەقتىدە گويا ئىكەن قۇتبى زەمان،
ھەج قىلماقغە سەير ئەيلەپ كەتتى رەۋان،
ئۇشۇل پىرىم جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

ھەجگە بارماق ھەۋەس تۇشتى تۇرالمادى،
زەنۇ فەرزەند ئەھل ئەيالغە ھەم باقمادى،
مۇرىدە مۇخلىس، غەرىبلەرغە ۋىدائ قىلدى،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

بىر سۆز بىرلە ئارام ئالماي رەۋان كەتتى،
ئاي كۈن تۇغۇپ ئولتۇرغاندەك نىھان كەتتى،
يولغە كىرىپ پىرىم قۇتبى زەمان كەتتى،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

بارچە ياران ھەجر تارتىپ يىغلاپ كەتتى،
ئەلۋىدائ دەپ بىخۇد بولۇپ قانلار يۇتتى،
تۇفراق بولۇپ قان يىغلاشىپ ئۆزدىن كەتتى،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

يولغە كىرىپ يۈرۈپ كەتتى پەرۋاز ئېتىپ،
نەچچەند غەرب ھاجىلارنى ھەمراھ ئېتىپ،
مەككە سارى بارىپ يەتكەي تەيران ئېتىپ،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

دۇشەنبە كۈن يارانلاردىن بولدى نىھان،
ئەلۋىدائ دەپ يولغە كىرىپ بولدى رەۋان،
ھەجگە كەتكەن پىرىم ئەردى قۇتبى زەمان،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

گۇل بەرگىدىن ئۇزۇلگەندەك جۇدا بولدۇم،
ئەزىز جاننى شول پىرىمغە پىدا قىلدىم،
ھەقدىن ئۆزگە خەلايىقدىن جۇدا بولدۇم،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

يار - ياران ھەسرەت بىرلە ماتەم تۇتتى،
ياقا يىرتىپ سۇلتانىم دەپ نەئرە تارتتى،
سوھبەتىدىن بەھرە تابغان قانلار يۇتتى،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

نۇرى چەشمىم كۆز قاراقىم مالۇ جانىم،
پىدا قىلاي بۇ يولۇڭدا ئەزىز جانىم،
تاقىيامەت رەۋان ئاقغاي كۆزدە قانىم،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

ئەي غەرىبا، غۇسسە بىرلە قان يىغلاغىل،
شول پىرىمنىڭ مەدھىن ئېيتىپ يادكار قىلغىل
غەرىب جانىڭ ئۇشۇل پىرغە پىدا قىلغىل،
شول پىرىمنىڭ جەمالىنى كۆرەرمەنمۇ.

* *

ھەر زەمان ياشىم تۆكۈپ يادىڭنى قىلماق ئارزۇ،
ئىككى ئالەم چەرخ ئۇرۇپ مەستانە بولماق ئارزۇ.
مىڭ ھەۋەسلەر بىرلە زايىئ كەتتى بۇ ئۇمرۇم مېنىڭ،
نەفسى شەيتان ئىلكىدىن بىزار بولماق ئارزۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېچ ئىبادەت لەززەتتىن تاپماق نەسىب بولماي ماڭا،
بۇ سەبەبدىن كۆپ نەدامەت ئىچرە قالماق ئارزۇ.
مۇرشىدىم گەر بولماسە راھى ھىدايەت قىلغالى،
رەھ رەۋانلارنىڭ ئىشى دىۋانە بولماق ئارزۇ.
بۇ تەرىقەت يولى دەرىيادۇر ئاڭا لازىم كېمە،
پىرى كامىل كېمەدۇر دەرىيادىن ئۆتمەك ئارزۇ.
كېمەسىز دەرىيادىن ئۆتمەككە كىشى قويسە قەدەم،
مەۋجى دەريا غەرقىدىن ساھىلغە يەتمەك ئارزۇ.
گەر كىشى پىر تۇتماسە شەيتان لەئىن ئالغاي قولىن،
تاڭلا دەۋزەخنىڭ ئەزابىدىن قۇتۇلماق ئارزۇ.
پىر سېنى يەتكۇرگۇسى دەرگاھى ھەقغە تېزراق،
مۇرشىدىڭ ئەمرىنى تۇتغىل ھەقغە يەتمەك ئارزۇ.
ئەي غەرىبا، يىغلاغىل شامۇسەھەر مەھزۇن بولۇپ،
ھەق تەئالا رەھىم ئېتىپ مەقسەدىغە يەتمەك ئارزۇ.

*         *

ئىشق ئىچرە بەھرە تاپماس دىۋانە بولماغۇنچە،
ئىشقىدىن مىزە تاپىلماس مەستانە بولماغۇنچە.
كىرگىل خۇدا يولىغە يۇرمە ئىسيان چۆلىغە،
يەتمەس ئىشقىنىڭ بۇيىغە ھەيرانە بولماغۇنچە.
ئىشق ئىستەسەڭ فەنا بول تاشلاپ ھەۋەس يۇكىنى،
تاپماس ئەسەر مۇھەببەت مەستانە بولماغۇنچە.
ياش تۆكمەيىن كۆزۈڭدىن تاپماس ئىشىڭ كۇشايىش،
ئىشقىدىن تاپماس ئاسايىش سوزانە بولماغۇنچە.
ئىشق ئىچرە پادشاھ بول ئەيلەپ ئۆزۈڭنى گىريان،
چەشمەڭدە ئەشكى جارى گىريانە بولماغۇنچە.
ئىشقىدىن نەسىبە تاپغىل، گۇنجىدە دەرد تەلەپ قىل،
سەن ئىزدەمە دەۋانى دۇردانە بولماغۇنچە.
ئىشق دەردىگە دەۋا يوق، بۇ دەھردە ۋەفا يوق،
ئۇمرۇڭدە ھېچ بەقا يوق، جانانە بولماغۇنچە.
ئىشق بەھرى ئىچرە ئاقغىل غەۋۋاسى بەتىن بولغىل،
سورماس سەدەفنى ھېچكىم دۇردانە بولماغۇنچە.
قال بىرلە ھالنى تاپغىل، باتىن يولۇڭنى ئاچغىل،
زۇلمەت ھىجاب ئاچىلماس سوزانە بولماغۇنچە.
قالىڭ ئېرۇر چىراغىڭ، ھالىڭ ئېرۇر ياراغىڭ،
تاپماس رەۋاج كەمالىڭ ھەيرانە بولماغۇنچە.
قويغىل غەرىبى يىغلاپ تۇرغىل ئۆزۈڭنى جايلاپ،
كەتمەك يولۇڭنى تىڭلاپ مەردانە بولماغۇنچە.

*　　*

سالدى فىراقى بىر ئوت بۇ جىسمىمۇ جانىم ئىچرە،
كۆيدى مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئۆرتەندى قانىم ئىچرە.
ئەيب ئەيلەمەڭ يارانلار كۆيسە بۇ خەستە جانىم،
شۇئلە ئۇرسە ئۇچقۇندىن سورماقغە جانىم ئىچرە.
ھەيرەت ئىچىندە قالدىم مانەنى لەيلى - مەجنۇن،
كۆيدۇردى ھەجرى خەسدەك بۇ داستانىم ئىچرە.
ئىشق دەردى قىلدى ھەيران چەشمەمدە ئەشكى رىزان،
فەريادۇ نالە- ئەفغان ئاھۇ فىغانىم ئىچرە.
ئاھىم يېتىپ سەماغە، يەتسە تىلىم سەناغە،
يەتكەيمۇ بىر خۇداغە زىكرى زەبانىم ئىچرە.
ئاسىي غەرىبى ھەيران قالدىم ئەلەمدە نالان،
دىل خەستە باغرى بىريان نىھانىم ئىچرە.

*　　*

يا ئىلاھا، ئىككى ئالەمدە ئىبرۇرسەن پادىشاھ،
ئاسىيلارغە سەندىن ئۆزگە ئەسلا يوقتۇر تەكيەگاھ.
ئاسىيلارنىڭ ھالىغە نازىر ئىبرۇرسەن ئەي كەرىم،
رەھم قىل بىز ئاسىيغە جۇرمى گۇناھلىغ رۇسياھ.
راھبەرلىك بىرلە سەن مەقسەدكە يەتكۇر بارچەنى،
كارۋاندىن ئايرىلىپ مەن يول يۈتۈردۈم سەن گۇۋاھ.
سەن قولۇم تۇتغىل خۇدايا، رەھمەتىڭ ئام بارچەغە،
سەندىن ئۆزگە بولماغاي بىز ئاسىيغە پۇشتى پەناھ.
دەرگەھىڭدە يوقتۇرۇر مەندەك گۇنەھلىغ ھىچ كىشى،
تاڭلا رەسۋا قىلماغىل ئىسيان چۆلىدە ھەشرگاھ.
گەرچە زىشتۇ بەدفەئالۇ رۇسياھ گۇمراھمەن،
لۇتف قىلغىل سەن كەرەم بىرلە ماڭا، ئەي پادىشاھ.
سائىلى كەلدىم سېنىڭ دەرگاھىڭغە مۇھتاج ئولۇپ،
قىلماغايسەن نائۇمىد بەندەڭ ئىبرۇرمەن پۇرگۇناھ.
پىرى كامىل مۇرشىدىم قىلغان دۇئايى فەيزىدىن،
فەقر زىندانى غەرىبغە بولدى ئۇمرۇم مۇقتەدا.

*　　*

ھەمدىڭغە تىلىم ئاچتىم قىلغىل بۇ تىلىم گويا،
سۇنئۇڭنى قىلاي فىكرى قىلغىل بۇ دىلىم ئاگاھ.

www.uyghurkitap.com

تەن ـ جاننى ياراتىپسەن ئىنساننى قىلىپ قايىم،
زىكرىڭغە قىلىپ سەئيى بولسە تىلى ئىللەللاھ.
ئۆلتۈرماقۇ يا قوپماق، ئىچمەك، يېمەكۇ يۈرمەك،
بارچە بۇ ئېرۇر نىئمەت سۈنئۇڭ بۇ ئېرۇر ئەللاھ.
جان بىرلە ئەزىز تەننى پەيۋەند قىلىپ ئەئزانى،
ھەر ئەزۇ بىر ئىش بىرلە بولماس بىرىدىن ئاگاھ.
كۆزۈڭ ئىشىدۇر كۆرمەك، تىل ئىشىدۇر سۆز ئايتماق،
تىنماق بۇ بۇرۇن بىرلە شەب ـرۇز دەۋام ئاگاھ.
ئىشىتمەك بۇ قۇلاق بىرلە زىينەت كۆزۈ قاش بىرلە،
تەن تەخت بۇ باش بىرلە فىكر ئەيلەگىل، ئەي گۇمراھ.
ھەر ئۆزۋى بىر ئىش بىرلە دايىم بۇ رەۋىش بىرلە،
ھەم يازۇ قىش بىرلە ئۇمر ئۆتكۇسىدۇر ناگاھ.
ئوڭ قول بىلە بۇ چەپ قول ھەر ئىككى تەرەپلىك يول،
ھەر ئىش بىلە قايىم ئول ئۇمر ئىچرە رەۋان ئاگاھ.
ئوڭ پۇت بىلە چەپ پۇتنى يۈرمەككە قىلىپ قايىم،
دايىم ئىشى يۈرمەكدۇر بۇ ئىشدە ئەمەس كوتاھ.
ئىككى ئەشكى يارى ئاستىدا قىلىپ جارى،
بىر بىرىگە بولۇپ يارى ئۇمر ئىچرە رەۋان ھەرگاھ.
بۇ تۇرفە ئەجەب بىرلە ئىنساننى قىلىپ قايىم،
ئۆزئىشدە بولۇپ دائىم جان ـ تەن بىلەدۇر ئاگاھ.
بۇ فىكر ۋە سەنئەتغە ئىنسان ئىشى شۇكر ئايتماق،
شەب ـ رۇزدە زىكر ئايتماق بولسۇن ئۆزىدىن ئاگاھ.
بۇ فىكرى تەئەممۇلنى غافىل ۋەلې فىكر ئەتمەس،
غافىللىغى غالىبدۇر ئۇمر ئىچرە ئېرۇر گۇمراھ.
تەۋفىقى ھىدايەتنى گەر تەڭرى نەسىب ئەتسە،
ئول بەندە ئەزىزدۇرلەر ۋەرد ئەيلەگۇسى ئاللاھ.
ئەي ئاسىي غەرىبى، سەن ھەق يولىنى بىلمەسسەن،
دىن شەرئىنى ئۇقماسسەن ئۇمرۇڭ ئۆتەدۇر گۇمراھ.

* *

ئۇمرۇم ئۆتۈپ غەفلەت بىلە غەفلەندە بولدۇم مۇبتەلا،
تۇرلۇك ھەۋەس ئادەت بىلە ھەيرەتدە بولدۇم مۇبتەلا.
غەفلەت يولى غالىب بولۇپ شەيتان لەئىن ۋەسۋاسىدىن،
تۇتغىل قولۇمنى يا ئەھەد، ھەسرەتدە بولدۇم مۇبتەلا.
ۋەسفىڭنى مەن قىلسام خەيال قادىر خۇداسەن بەركەمال،
كۇنھىڭغە ئەقلىم يەتمەيىن فىكرەندە بولدۇم مۇبتەلا.
كۇنھىڭغە فىكر ئەتمەك خەتا، فىكرىڭنى قىلماقدۇر ئەتا،
زىكرىڭنى قىلماقدۇر غىزا غەفلەتدە بولدۇم مۇبتەلا.

ئەي قادىرى ھەييۇ قەدىم، لۇتۇق ئىناياتىڭ ئەمىم،
ئىسمى سىفاتىڭ، يا رەھىم، زۇلمەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
تاتتۇر ھىدايەت جۇرئىدىن، ياندۇر زەلالەت كويىدىن،
تاتتۇرغىل رەھمەت نۇرىدىن، ھەيرەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
تەۋفىقى تائەت روز قىل، ئاچقىل تىلىم پۇر نۇر قىل،
ئىشقىڭ بىلە مەھجۇر قىل، فۇرقەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
زايىئ ئۆتۈپ ئۇمرۇم ئەزىز، تاپماي ئىبادەتدىن لەزىز،
زىكرىڭ سىنىڭ قەندىن لەزىز جۇرئەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
يادىڭنى قىلغىل مۇنىسىم، فىكرىڭنى ئەيلەپ ۋەرزىشىم،
قان يىغلاماق بولسۇن ئىشىم ۋەھشەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
قادىر خۇداۋەندىم مېنى بىدار قىل غەفلەت تۈنى،
ئاسىي قۇلۇڭمەن فىسىق نى بىد ئەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
جۇرمى خەتالىغ بەندەمەن نەفس ئىلكىدە شەرمەندەمەن،
ئۇمرۇم ئۆتۈپ ھەسرەتتەمەن ھەسرەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
رەھم ئەيلەگىل قادىر خۇدا، قىلغاي مەدەد ئول مۇستەفا،
دەردىمغە تاپغايمەن دەۋا، غۇربەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
ئول چەھار يارى مۇستەفا، سىددىق، ئۇمەر ئوسمان سەفا،
ئول ھەيدەرى شىرى خۇدا غەفلەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
ئەھبابى يارانى رەسۇل، قىلغىل مۇناجاتىم قەبۇل،
غەم تىغىدىن بولدۇم مەلۇل شىددەتتە بولدۇم مۇبتەلا.
ئاسىي غەرىبىي خاكسار جۇرمى گۇناھ بىرلە غۇبار،
ھەسرەتتە يىغلاپ زار - زار فۇرقەتتە بولدۇم مۇبتەلا.

* *

ئەي دوستلارىم، غەم ئاستىدا پەناھ بولدۇم،
نەچۇك قىلاي، ئۇمرۇم گۇلى خەزان بولدى.
يىغلاي - يىغلاي دەردۇغەمدە ئەدا بولدۇم،
نەسۇد ئەمدى سالۇ ماھىم نىھان بولدى.

ھەق تەئالا ۋۇجۇدۇمنى بەرپا قىلدى،
جان، تەن بارچە ئەئزايىمنى بەنا قىلدى،
بەندەلىك قىل ماڭا، دەبان نىدا قىلدى،
غەفلەت بىلەن ئىسىز ئۇمرۇم رەۋان بولدى.

نادانلىغىم غالىب بولۇپ، ئۇمرۇم ئۆتۈپ،
جۇرمى ئىسيان ھەددىن ئاشتى بىغەم ياتىپ،
گۇناھ دەردى مېنى باستى ئاغىر كېلىپ،
بۇ سەبەبدىن ئۇمرۇم مېنىڭ فىغان بولدى.

مەن يولۇمنى بىلەلمەدىم ھەيران بولۇپ،
مۇرشىدىمدىن جۇدا بولدۇم گىريان بولۇپ،
ئەمەلىم يوق فېئلىم زەئىف بىريان بولۇپ،
ھالىم مېنىڭ ھەسرەت بىلە گىريان بولدى.

ئىسىز ئۇمرۇم زايىئ كەتتى ئۆتۈپ تەباھ،
يېمەك - ئىچمەك بىرلە ئىشىم بولدى بەنا،
قىيامەت كۈن نەچۇك قىلغۇم ئاسىي گۇمراھ،
غەم - قايغۇدا ئۇمرۇم ئۆتۈپ ئەدا بولدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ تەمام بولدى روزگارىم،
ئۆتۈپ كەتتى شەمال يەڭلىغ سايەبانىم،
قاراڭغۇلۇق تۈندە قالدىم چىققىل ماھىم،
زاھىر-باتىن بارچە ئىشىم نەھان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەي غەرىبا، ئۆمرۈڭ سېنىڭ ئۆتتى سەلدەك، قىيامەت كۈن ئىگەم سورار سېنى قىلدەك،
پۇرسەتچە يوق نەچچە يىللار ئۆتتى يەلدەك، ئەمەلىڭ يوق ئۆمرۈڭ زايىئ رەۋان بولدى.

* *

بەرادەرلەر، بۇ دۇنيادىن ھەمە مەردى خۇدا ئۆتتى،
قاراپ باقسام جەھانغە ئەۋۋەلى ئادەم ئاتا ئۆتتى.
نەبىلەر ھەم رەسۇللەر بارچە ئۆتتى نەۋبەتى بىرلە،
ئۇلۇغلۇمغە تاپمادى چارە تەمامى ئەنبىيا ئۆتتى.
بۇلاردىن سۇڭرە نەۋبەتلەر يېتىپ كەلدى رەسۇلۇمغە،
دەۋام ئۆمرىدە يىغلاپ ئۈممەتىم دەپ مۇستەفا ئۆتتى.
رەسۇلۇم نايىبى ئەردى ئەبابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان،
يەنە دامادى ئەھمەد شىرى يەزدان مۇرتەزا ئۆتتى.
رەسۇلىللاھ بىلەن ئۆمرىدە سۆھبەت ئەيلەگەن ئەسھاب،
بۇ دۇنيادىن ۋەفا كۆرمەي زىھى نۇرى ھۇدا ئۆتتى.
بۇلاردىن سۇڭرە بۇ دەمغە ئۇلۇم بىر كارۋاندۇرلەر،
سىغارۇ ھەم كىبارۇ بارچەلەر ماتەم سەرا ئۆتتى.
قاراپ تۇرسام پىرىم كەتتى بۇ كەجرەفتارۇ ئالەمدىن،
ئاتا - ئانا قېرىنداش كۆز يۇمۇپ بىر - بىر جۇدا ئۆتتى.
ھەمىشە يىغلار ئەردىم مۇرشىدىم ھەجرىدە ھەمچۈن ئەبر،
ئەرەق سىيلابىدەك ياشىم تۆكۈپ ئىشقىم ئەدا ئۆتتى.
بىشارەتلەر قىلىپ شول مۇرشىدىم مەنزۇمە قىلماققە،
كىتابەت نەزم قىل دەپ مۇرشىدىم ئەمرى نىدا ئۆتتى.
ئالىپ خامە قولۇمغە نەزم بوستانىدە سەير ئەتتىم،
يۈرۈپ بۇلبۇل سىفەت سەير ئەيلەدىم تىلىدىن سەدا ئۆتتى.
خەلايىقلار ئارا قالغاي بۇ يەڭلىغ بىھۇدە گۇفتار،
غەرىبى، يىغلار دائىم، بۇ سۆزۈڭ بىمۇددەئا ئۆتتى.

* *

«ئەلىف» ئىشقىڭ ئوتىدىن كۆيدى دىلىم بىمارى،
«بە» بەلاغەت بىلەن ئىشق ئىچرە قىلۇرمەن زارى.
«تە» تەلاۋەت بىلە ئىسمىڭ ئوقۇبان شامۇ سەھەر،
«سە» سەناگۇي بولۇپ كۆزدە ياشىم دەريايى.
«جىم» جەھدى بىلە ۋەسلىڭغە مېنى يەتكۈرگىل،
«ھە» ھەراسەت بىلە ھەسرەتدە قالىپمەن بارى.
«خە» خەيالىڭ بىلە ئاشۇفتە ھەيراندۇرمەن،
«دال» دىلبەر يوقىدىن بولمادى ھېچ دىلدارى.

«زال» زائىل بولۇبان بولدى ۋۇجۇدۇم فانى،
«رە» رىيا بىرلە ئىشىم بولدى ئەجەب ھەيرانى.
«زە» زىيان بولدى گۇناھىمغە ھىسابىم يوقتۇر،
«سىن» سەھەر نالە قىلىپ كېچەۋۇ كۇندۇز زارى.
«شىن» شەبۇ روز تەمەننا بىلە ئۇمرۇم ئۆتتى.
«ساد» سەبرىم بىلە ئۇمر ئۆتتى يۇرۇپ ناچارى.
«زاد» زايىد ئۆتۇبان تۇشەئى ئۇقبا قىلماي،
«تائ» تالىئ شۇمىدىن بولدى دىلىم بىمارى.
«زائ» زالىم بولۇبان ئالدى يولۇمنى ئىبلىس،
«ئەين» ئىشقىڭ تىلەدىم ئەيلە ۋىسالىڭ يارى.
«غەين» غۇربەت بىلە قالدىمكى ماڭا ھەمدەم يوق،
«فە» فىراقىڭ بىلە ياشىمنى تۆكۈپ مەن زارى.
«قاف» قۇربەت يولىدىن بولدى ئىشىم مەن مەئىز ۋلى،
«كاف» كەلامىڭ بىلە ھالىمغە ئۆزۈڭ بول ھامى.
«لام» لۇتفۇڭ بىلە جۇرمىم كەچۇرگىل، يارەب،
«مىم» مەلامەت بىلە فىئلىم ھەمەسى مەككارى.
«نۇن» نەدامەت بىلە نادانلىغىم ھەددىن ئاشتى،
«ۋاۋ» ۋىسالىڭ يەتكۇرگىلى قىلىپ بىدارى.
«ھى» ھەلاك ئولماقىم ئاخىر ماڭا يەتتى نەۋبەت،
«لامئەلىف» لال بولۇپ ئۇمرۇم ئۆتۇپ بىكارى.
ھەرفى ھىجانى تىزىپ نەزم تەرتىقى بىرلە،
ئۆز ۋۇجۇدۇمنى قىلىپ فىكىردە شەب - رۇز زارى.
«يا» يەقىن بولدى بۇ ئۇمرۇم گۇلى ئەمدى تازۇغاي،
مۇھلەتى كەلسە غەرىبى نە قىلۇرسەن بارى.

* *

گۇلۇڭ ۋەسلى دىماغىمغە سەھەر بادى سەبا بولغاي،
كى بۇلبۇل دەردىغە گۇل غۇنچەسى بىشەك دەۋا بولغاي.
قاچان ئول دىلبەرى خۇبان مۇيەسسەر بولغۇسى ناگاھ،
كى دىلىنىڭ تەختەسىغە زەررە نەقشى ماسەۋا بولغاي.
خۇنى رەڭگىنى ئاشىقدىن بولۇر ئول سيمتەن قاتىل،
سەن ئايتۇرسەنكى گۇلگۇن سيمتەن رەڭدىن ھىنا بولغاي.
سىنىڭ بۇ بىرەھىم تىغىڭدىن ئاشىقغە خەلاسلىق يوق،
سىنىڭ نەرگىس كۆزۈڭ ئاشىقغە يۇز نازى ئەدا بولغاي.
كىشى مەقسەدنى تاپماس چەرخى كەجرەفتارى ئالەمدىن،
قولۇڭ بۇ دۇنيادىن يىقغىل ئۇجۇزى بىۋەفا بولغاي.
يەقىن بىلگىل مۇيەسسەر گۇلئۇزارى ۋەسلىنى بەرگەي،
ھەر ئاشىق ئىشقى ئۆرتەپ رەڭگى ئانىڭ كەھرىبا بولغاي.

قولۇلۇق سۇنغىلىكى تۇتقىل دامەنى پىرى تەرىقەتنى،
ۋەلى مۇرشىدكى ئۇل ئالىم ئېرۇر دۇررى بەھا بولغاي.
ئاياغ - باشىلىق تەمام ئەئزالارىڭ ئىشق ئوتىدە كۆيدۇر،
كى پەرۋانە كۆيەر ئىشق ئوتىدا شەمئى لىقا بولغاي.
نىھان قىل دىل بىلە تائەتنى مەقبۇللۇقنى تاپغايسەن،
كى تائەت زىكرىدىن ئۆزگە ۋەلى رۇيى رىيا بولغاي.
تەرىقەت يولى ئېچرە پىرى ناقىسدىن يىراق قاچقىل،
كى ئالىم پىرى كامىل مۇقتەداۋۇ رەھنەما بولغاي.
غەرىبى ئاسىي گۇمراھسەن، پىرىڭدۇر مۇرشىدى كامىل،
قىيامەت پىرىڭ سەرچەشمەئى ئابى لىقا بولغاي.

* *

مۇرشىدىمنىڭ ھەجرىدىن مەن بىقەرار بولدۇم نېتەي،
كۆز ياشىمنى قان قىلىپ ئىشقىدە زار بولدۇم نېتەي،
مۇرشىدىمدۇر ئىككى ئالەم سايەبانىم، رەھبەرىم،
ئايرىلىپ قالغاچ پىرىمدىن خاكسار ئولدۇم نېتەي.
تا قىيامەت يىغلاسام ھەجرىدە ھەرگىز ئەيب ئەمەس،
دوستلار ئەيب ئەتمەڭىز، پىرىمغە زار ئولدۇم نېتەي.
ھەر كىشىنىڭ مۇرشىدى يوق، مۇرشىدى شەيتان ئېرۇر،
نەفسى شەيتان ۋەھمىدىن بىمارۇزار ئولدۇم نېتەي،
تەربىيەت ئەيلەر ئىدى سالىكلەرىغە بىئەدەد،
مەقسەدىمغە يەتمەيىن ھەيرەتدە زار ئولدۇم نېتەي.
مۇرشىدىم كەتتى جەھاندىن مەقسەدىن قولغە ئالىپ،
ئايرىلىپ شول مۇرشىدىمدىن بىقەرار ئولدۇم نېتەي.
ئايۇ كۈندەك سەير ئېتىپ فانى جەھان ئايۋاندىن،
كەتتى سۇرئەت بىرلە تېزرۇ، خاكسار ئولدۇم نېتەي.
ياد ئېتىپ قۇرئان تىلاۋەت بەخشىش ئەيلەپ روھىغە،
مەن غەرىب ياشىم تۆكۈپ غۇربەتدە زار ئولدۇم نېتەي.

* *

رەھمەتىڭ دەرياسى مەۋج ئۇرغاندا قەتران بولغۇسى،
يەر يۈزىگە سەبزىزارلىق بىرلە بوستان بولغۇسى.
بارچە مەخلۇق شاد ئولۇپ ئايتغاي تومەن ھەمدۇسەنا،
كۆز ياشىنى ئاققۇزۇپ نالانۇ گىريان بولغۇسى.
رەھمەتىڭ بايانى يوقتۇر بىھىساب ھەم بىئەدەد،
كىمكى ئىزدەر رەھمەتىڭنى زارۇ گىريان بولغۇسى.

ئەي خۇدايا، رەھمەتىڭنى كىمگە ئىيسار ئەيلەسەڭ،
كېچە - كۈندۈز زار يىغلاپ ئەشكى رىزان بولغۇسى.
ئىشق ئوتىنىڭ ئۇچقۇنى ھەركىمگە تۈشسە زەررەئى،
زار - زار يىغلاپ ھەممىشە داغى ھىجران بولغۇسى.
ئىشق ئوتى داغى مۇشكۇلدۇركى ئاشىق نەزدىدە،
زاھىرىنى سىندۇرۇپ باتىندا سۇلتان بولغۇسى.
زاھىرى باتىننى ساف قىلماي كىشىكىم ئۇرسە لاف،
زاھىرى سوفى نەما، باتىندە شەيتان بولغۇسى.
زاھىرى باتىننى ساق قىلغان ئەزىزنى ئىستەسەڭ،
خەلق خەرا دىۋانە - مەجنۇن ئىشق فىنھان بولغۇسى.
بىر خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەگەي ئەسرارنى،
ماسەۋەللاھدىن كېچىپ ئىشق ئىچرە جانان بولغۇسى.
ئەي غەرىبا، لاف ئۇرارسەن ئىشقدىن تاپماي ئەسەر،
ئىشق تاپغان ئاشىقى دايىم پەرىشان بولغۇسى.

* *

دۇنيانى بىزنىڭ دەپ ئۆمەرالار بارى كەتتى،
دىن يولىنى تۈزگەن ئۇلەمالار بارى كەتتى.
بىرلەھزەدە ئالەمنى كېزىپ ئەيلەگۈچى تەي،
باتىن كۆزىدە ئەھلى سەفالار بارى كەتتى.
كەلمەسدە يامان - ياخشىنى قۇرئەدە بىلگەن،
لۇقمان، ئەرەستۇ ھۇكەمالار بارى كەتتى.
جان رىشتەسىگە سۆزلەرىنى دۇركەبى تىزغان،
خۇش تەبئ، تەرەبناك شۇئەرالار بارى كەتتى.
غافىللىغىدىن مۇندا خۇدامەن دېگەن ئەل كور،
نەمرۇد كەبى كۆڭلى قارالار بارى كەتتى.
نە قىلدى نەقىب ھاكىمى نەقازىيۇ مۇفتى،
داد بەرگۈچى ئادىل ئۇدەلالار بارى كەتتى.
بۇ ئالەمى فانىغە كۆڭۈل بەرمە، بەرادەر،
نە قالدى غەنىيۇ فۇقەرالار بارى كەتتى.
ئەيش ئەيلەگەن ئەل بەزمە تۈزۈپ ساقىئى گۈلرۇخ،
مۇترىبلارى ھەم نەغمە سەزالار بارى كەتتى.
نە ئەھلى ۋەفا قالدى بۇ ئالەمدە، نە زالىم،
بۇ كۆھنە رەبات ئىچرە بەنالار بارى كەتتى.
ياشلىغ قارىغە ئەيلەمە كىبر، سەنمۇ قارىيسەن،
ئەندىشە قىلا ئاتا - ئانالار بارى كەتتى.
غەم - شادى بىلە بىخەبەر فەرەھ سۇبھىنى كۆردۈڭ،
كۈندۈز - كېچە دەپ ئاقۇ قارالار بارى كەتتى.

www.uyghurkitap.com

چەررەندەئى پەررەندە جەھاندا ھەمە، زىجان،
سانسىز بۇ جەھان ئىچرە نەۋالار بارى كەتتى.
دۇنيا يۈزىدە بارچە نەباتاتۇ ئەشجار،
گۇلزارلىق ئەيلەپ بۇ بەنالار بارى كەتتى.
دىۋانە غەرىب يەتسە ساڭا دەرد زەماندىن،
سەن قانچە كىشى، شاھۇ گەدالار بارى كەتتى.

* *

گەرچە ياشىم يەتتى ئەللىككە رەۋان،
فىسقى بىرلە ئۆتتى سالىم بىگۇمان.
قەبردە قىلسا سوئال مۇنكىر - نەكىر.
قەھرىدىن لۇتفۇڭ بىلە بەرگىل ئامان.

ئۆمرۈم ئۆتتى زۇلمەت ئىچرە بىلمەدىم،
نەفسى سەگنىڭ كويىدىن ئايرىلمادىم.
ئەمرى شەرئى ئىچرە ئادەت قىلمادىم،
مۇرشىدىم ئەمرىدە تائەت قىلمادىم.

* * * *

ئەرز ھالىم كىمگە ئايتاي ئەي كەرىم،
لۇتف قىل بەندەڭغە جەنناتۇننەئىم،
ھەم شەقىلىق يولىدىن بەرگىل فەناھ،
رەھمەتىڭدۇر بارچە بەندەڭغە ئەمىم.

خالىقا، نەفسىمنى قىلغىل پايمال،
نەفسىدىن يەتتى ھەمە ئىشىدا ۋەبال.
سەندىن ئۆزگە يوق مېنىڭ رەھم ئەتكۈچىم،
ھەشرگاھدا تۇت قولۇم، يا زۇلجەلال.

* * * *

خالىقا، رەھم ئەيلەگىل بەندەڭ غەرىب،
فىسق - ئىسيان ئىچرە قالدىم سارغارىب.
كېچە - كۈندۈز قىلماشىم جۇرمى گۇناھ،
ھەمدىڭ ئايتسام مىڭ تىلىم چۇن ئەندەلىب.

ئەي غەرىبا، خەتم قىلدىڭ بۇ كەلام،
قىلمادىڭ ھەق يولىدا خالىس قىيام.
گۇفتگۇي بىھۇدە قىلدىڭ پايمال،
ھەق تەئالا رەھم قىلغايلار ۋىسال.

* * * *

كۆڭلى ۋەيران، دىل خەرابىلار سۆزۈمنى ئاڭلاغىل،
بۇ جەھاننىڭ لەززەتى كۆزنى يۇمۇپ ئاچغۇنچەدۇر.
گەر خەتا بولسا تۇتۇپ ئىلكىمنى مەھكەم باغلاغىل،
داغ ئۆزرە داغ ئېتىپ ۋەقت تاپىپ قاچغۇنچەدۇر.

ئۇشبۇ دۇنيا فانىدىن ھېچ كىشى بەھر ئالمادى،
ھەم پەرىشتە بەلكى جىن، ئەۋلادى ئادەم قالمادى.
دۇنيادىن پانى بولۇپ كەتكەن خەلايىق يانمادى،
شەرق تەرەفدىن كۈن چىقىپ، مەغرىب سارى پاتغۇنچەدۇر.

گۇل مۇھەممەد كەتتى زۇھرا چاھار يارانى بىلەن،
رۇستەمى داستانمۇ ھەم سام نەرىمانى بىلەن.
ئەھلى بەيتىن تەرك ئېتىپ نۇرى ئىمانى بىلەن،
دۇنيادىن پانى بولۇپ غىلمان بىلەن ياتغۇنچەدۇر.

داستانلىق رۇستەمىگە نامى رۇستەم نايىبى،
ئىسمى مەشھۇر ئۇچ جىگەر گۇش بىر ئاتادىن ئانابى،
ئۇشبۇ سۆز يوقدۇر كىتابدا ئەقلۇ پەراسەت غايىبى،
ئىككى تەن كەتتى جەھاندىن ھەربىرى گۇل غۇنچەدۇر.

بىر ئاتاۋۇ بىر ئوغۇل قىلدى تەۋاف بەيتۇل، ھەرەم،
قانغۇچە سيراب ئېتىپ زەمزەم شەراب سۇبھان ئىگەم،
ۋادەرىغا ئوتراغە سالدى جۇدالىقنى كەرەم،
ھەربىرى بىر مەجلىس ئىچرە سايراغان بۇلبۇلچەدۇر.

بىر ئاتا ھەم بىر ئاكا بولدى ئىكى تەندىن خۇدا،
يەرۇ كۆك قىلدى فىغان ئىنسانلار ئەيلەپ نىدا،
بۇنە قىسمەتدۇر بۇلارغە بىلمەدۇك قادىر خۇدا،
دىن دىيانەت فەزلىدە كەۋسەر شەراب ئىچكۇنچەدۇر.

ئالىمۇ ئەللامەدۇر ئول مۇئەللىم تاجدار،
كۆڭلىگە تەسكىن بېرىپ قىلغاي مەدەد ئول چار يار،
كامىل رەھبەر مۇكەممەل ئەسھابى كەھف يارغار،
دەردى يوق بىدەردلەر مەنزىل ئەيلەبان كەتكۇنچەدۇر.

بىر مىڭ ئۇچيۇز ئەللىك ئىككى ئىبتىدا فۇرقەت يەنا،
ھاجى تىمۇردىن جۇدا بولدى ئىنى بىرلەن ئانا،
رەھبەرى يوق سەندىن ئۆزگە يارەسۇل بولغىل پەنا،
نەقشبەنددەك زەد بەلايى ئەھدنام بىتكۇنچەدۇر.

مۇندە قالغان لائىلاج بىچارەلەرغە بەركەلام،
باغرى بىريان مۇرشىدىمغە كۆپ دۇئايى ۋەسسەلام،
پىرى كامىل مۇجتەھىد قىلغاي مەدەد خەيرۇل ئەنام،
ھەرنە تەدبىر ئەيلەسە مەقسۇدىغە يەتكۇنچەدۇر.

* *

ئەييۇھەنناس دۇنيادە يۇرمەكغە تاقەت قالمادى،
كېچە - كۇندۇز دەرد - ئەلەم، غەمدىن بۆلەك ئىش بولماسە.

خانەلەر ھەم يۇرت ئىچىندە زەررە راھەت قالمادى،
دەردمەنلەر ھالىدىن گەپ سورغالى كىش بولماسە.

بىۋەفا دۇنيا ئىشى بادى سەرسەردەك ئۆتەر،
ئۇشبۇ كەجرەفتار جەھاندە كىم مۇرادىغا يېتەر،
ئىشق ئەھلىلەر ئوت فىراقىنىڭ دەردىدە يىغلاپ كېتەر،
يىغلاماق ئاسان ئەمەس كۆڭلى جەراھەت بولماسە.

نامى فەيزى غۇنچە گۇل ئول ماھتابنى ياد ئېتەي،
نامۇناسىپ سۆز بىلەن غەمكىن كۆڭۈلنى شاد ئېتەي،
چەشمەدىن خۇن ئاب ئېتىپ قادىر خۇداغە داد ئېتەي،
مەن نېتەي، ئەي دوستلارىم، دەردىگە دەرمان بولماسە.

دۇنيانى تەرك ئەيلەبان ياتتى لەھەد ئىچرە بارىپ،
نەۋھە، فەرياد ئەتتىلەر بىرمۇنچەلەر مۇندە قالىپ،
ئول مۇھەممەد توختى قالدى زەئفىراندەك سارغارىپ،
ھەقدىن ئۆزگە دادخاھ پۇشتى پەناھى بولماسە.

پانى بولدى ئەنبىيائى ئەۋلىياۋۇ زالۇ زەر،
ئەنقا بىلەن تاۋۇسدىن جۇدا بولۇر بالۇ پەر.
نابۇد بولۇر دۇنيادىن ئاسىپ، شۇتۇر، گاۋۇ خەر،
نۇشىرۋانى ئادىلدەك لۇقمان ھاكىم بولماسە.

ئول ھەسەن بىرلەن ھۇسەيندەك ئىككىنى تۇققان يامان،
ھەق تەئالا ئەمرى بىرلەن دۇنيادىن بولدى رەۋان،
بىر خۇدادىن ئۆزگە مەخلۇق ئۆلمەيىن تاپماس ئەمان،
نەقشبەنددەك رەۋشەنا ماھ دەرەخشان بولماسە.

ئۇشبۇ سۆزلەر قەسىدىدە كۆپ قىياس قىلغان ئىدىم،
مۇنچە كۇلفەت، دەرد، مۇشەققەت بەندەگە ئەسلى قىدىم،
ماتەمدار ھالىغە بىر تەبىب يەتكەي دېدىم،
ھاجى تىمۇردىن بۇلەك كۆڭلى پەرىشان بولماسە.

ئىككى ئالەم سەرۋەرى قىممەت بەھا ھاتەم قېنى،
بىر ئاتاۋۇ ئىككى فەرزەند باقغالى ئادەم قېنى،
دەردى يوق ئەھلى نىفاقىنىڭ كۆڭلىدە ماتەم قېنى،
ئەيىب ئېتەر ئەفسانەگويلار نۇرى ئىمان بولماسە.

* *

بۆ يولنىڭ تالىبىگە ياخشى رەھنەما ئۆچرار،
دۆئا تەلەب كىشىگە تالىبى دۆئا ئۆچرار.
نەزەرنى ئىلگەرى قوي ئىزلە تەۋبە فەرمانى،
كۆڭۈل مۇلكىگە شاھى جەھان نەما ئۆچرار.
مىسالى ئەدھەم ۋەقتى سەلتەنەتنى تەركىن قىل،
تۆت ھىممەتىڭنى بەلەند قولۇڭغە كىميا ئۆچرار.
ۋەفانىڭ رەسمىنى تۆت بولمە خاتىر ئازۆردە،
كۆڭۈل رەڭگىنى ئاچقۇدەك ئاشنا ئۆچرار.
بۆ يولدا بەرمە قولۇڭدىن رەسۇلنىڭ سۇننەتىنى،
شىكەستە ئۈممەتىگە راھى مۇستەفا ئۆچرار.
يېتەلمەدىم دېمەگىل دىۋ يولۇمنى باغلادى دەپ،
كىمكى دەردى دىلگە شاگىرد ئېرۆر دەۋا ئۆچرار.
سىنەلەرىڭ خالى قىل ئەھلى دىلنى تاپغان سوڭ،
تۇتار قولۇڭنى بۆ يولدا بىر ئاشنا ئۆچار.
زەمانە ئەھلىنىڭ ئەھدىگە ئېئتىماد ئەتمەسەڭ،
دۆرۆست فېئلى، دۆرۆست قەۋلى گاھ - گاھ ئۆچرار،
قولۇڭنى سالمە بۆ يولنىڭ مۇغاكىغە،
خىزرنىڭ يولدا بول نىش ئەجدەھا ئۆچرار.
مۆرۆۋۋەت ھەممە دەۋلەت كىشى بولالماسدۆر،
جەھاننىڭ تويىنى تاپقان زۆد غىزا ئۆچرار.
گەدانىڭ خىرمانىغە دەست ئۆرماغىل ئەي شاھ،
كى نىم دانە تاپىلماس قولۇڭغە گاھ ئۆچرار.
غۆبار قىلما دىلىڭنى جەھاننىڭ كاھىشىدىن،
بۆ ناشۆكرلىكىڭ پەراۋان بولۆپ بەلا ئۆچرار.
غۆرۆرى دەۋلەتى دۆنياغە بولماغىل مەغرۆر،
سەمەند بولسا دوندىكى پەشپا ئۆچرار.
غەرق لەشكەرى شەيتان باشىڭغە كەلمەي كەل،
كىمكى كەلدى بۆ دەرگاھغە رەببەنا ئۆچرار.
............① بۆ دىۋ مىكرىدىن،
بۆ يول راھى رەۋانىكى ياخشى پىشۋا ئۆچرار.
............ ② سەن ئىزلەمەبدەئى نۆرنى،
بۆ بەھرى رەھمەت ئېرۆر دەريايى بىبەھا ئۆچرار.

* * *

...... ③ كىش خەيرەت بىلە ئەندىش يوق سانى،

① ② ③ كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر قولىيازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

خىسال نىكو فىسەندىدە بىلە ئەفئال ئىھسانى.
سىبنىڭ ئىسمىڭ مۇرەككەپدۇر بولۇپ ئىككى سۇفەت بىرلە،
مۇھەممەددۇر ئۇلۇغ ئىسمىڭ كەرىم سەن فەزل ئىھسانى.
خىجالەتلىك بىلە تۇردۇم دۇئا ئەيلەپ جەنابىڭغە،
سەھەتلىك بوستانىدە ياتىپ غەفلەتدە فىنھانى.
مىنى ھەم ساقلاغايسەن ھەق تەئالا جۇملە كۇدۇراتىدىن،
كۆرۈشكەيمىز يەقىن سائەتدە سىرداش ئىچرە سۇلتانى.
قىزىل گۈل غۇنچەسىدەك ئاچىلىپ قەھ - قەھ بولۇپ شادان،
دەۋاسىز دەردىمىز كۆپ ئىككىمىزغە يەتسە دەرمانى.
ساڭاكىم سانىيەن ئەرزىم بۇدۇر بىلگىل ئەيا دوستۇم،
غەرىب كۆڭلۇمنى ئىزدەپ نامىڭىز كەلدىكى ئىھسانى.
قولۇمغە ئالدىم ئول سائەت قىلىپ تەئزىم تەھىيەتنى،
ئاچىپ كۆردۈم مۇبارەك نامىڭىزنى شاد شادانى.
ھۇزۇر ئالدى بۇ ئۆلگەن خەستە كۆڭلۈم شادلىق بىرلە،
ئىچىمدىن بارچە رەنجىم كەتتى نامىڭ بولدى دەرمانى.
قىيامىڭ يەتتى بۇ سائەت غەرىبىڭ بولدى بىتاقەت،
زەمان ھادىسلەرىدىن يەتكەن ئەردى كۆپ پەرىشانى.
پەرىشان خاتىرىم دەردىمغە ھىچ دەرمان دەۋا تاپماي،
بۇ بائىسدىن كىچە - كۇندۇز ئىشىمدۇر ئاھ - ئەفغانى.
زەمانى ھادىسات كەجرەۋلەرىدىن ھىچ ۋەفا يەتمەي،
تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ دەپ تىلىم دەر زىكر ئەللاھنى.
بۇ دۇنيا راھەتىنىڭ ئاخىرىدا نەشتەرى باردۇر،
ئەقىدە باغلاغان دۇنياغە كىم قىلدى فۇشەيمانى.
جەنابىڭ كەلمەيىن ئۆتتى غەرىبىڭ غەمدە قان يۇتتى،
نەچە كۇن نەچچە ئاي ئۆتكەچ ساغىنغاچ كۆز ياشىم قانى.
جەنابىڭنى دەۋام ئەھبابلارىمدىن ھەم سورۇپ تۇردۇم،
فەرىشاندۇر سىبنىڭ دوستۇڭ دىگەچ بولدۇم فەرىشانى.
زەمانە ھادىساتى ھەم جەنابىڭدىن تولا ئۆتتى،
خۇدانىڭ ياخشى دوستىغە بۇ دۇنيا بولدى زىندانى.
رەسۇلۇم قەۋلىدە دۇنيانى مۇئمىنغە دىدى زىندان،
بىھىشتى قىلدى خۇدا، دۇنيانى كافىرغە قىلىپ فانى.
ئىرۇرمىز ئىككى ئالەم جىنسىمىز شەك - شۇبھەسىز فارىغ،
فىدا بولسۇن مىنىڭ جانىم ساڭا يۈز مىڭ تۇمەن جانى.
بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيا ئاجراماسمىز دوستلۇق يولدىن،
ئەقىداتىمنى بىتكەن ئۇشبۇنامەم خۇن جىگەر قانى.
بەيان قىلسام مۇھەببەت دەفتەرىنى خەتكە ھىچ سىغماس،
سىفاتىڭنى بىتىپ خەتكە بۇ ئۇمرۇم بولغۇسى فانى.
ئەگەر يەتسە كەمالىغەكى ئىنسان ئەقلى ھەر سائەت،
سۆزىنى مۇختەسەر قىلغانى ئاقىل خۇلقى ئىنسانى.

باشاق غۇنچە ھويۇلۇق، بەرگىلەق ئاچىلغان گۇل ئېرۇر دەستىلىق،
كۆزۈمگە تۇتىيا بولغاي ئاياغىلىق گەردى ئېھسانى.
قىلىپ بىرنەچچە سۆز كاغەز يۈزىنىكىم قارا قىلدىم،
ساڭا يەتكەي خەتىم بارىپ ئوقۇلۇق ئەي دوستۇ جەۋلانى.
ماڭا بارماق نەسىب بولماي، ساڭا كەلمەك نەسىب بولماي،
يۈزۈڭنى كۆرمەيىن باغرىم كۆيۈپ ئاقتى ياشىم قانى.
غەرىبدۇر مېنىڭ ئىسمىم، ئۆتۈپ غەفلەت بىلە جىسمىم،
يېتىپ دوستۇمغە بۇ نامىم قىلىپ تۇھفە ئەزىز جانى.

* *

زەنۇفەرزەند يارانلارىم رازى بولسۇن،
كېچە - كۈندۈز بىدار بولۇپ دۇئا قىلسۇن.
ھەققى بولسە مەندىن ئانى تەلەب قىلسۇن،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

رازى بولۇڭ ئاغا - ئىنىم، يارانلارىم،
زەنۇفەرزەند ئۇرۇق - تۇغقان، قاياشلارىم،
تاغۇ چۆلدە ئاقىپ كەتسۇن بۇ ياشلارىم،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

بارادۇرمىز چۆللەر ئارا جاندىن كەچىپ،
تاغۇتاشلىق داۋانلاردا ياشىم ساچىپ،
كېچە - كۈندۈز ئاللاھۇ دەپ زىكرىن ئايتىپ،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

ئەي دوستلارىم بىلەلمەدىم ئۆز يولۇمنى،
رەسۇلىللاھ تۇتغايمۇكىن بۇ قولۇمنى،
باشقە ئالدىم ئۇشبۇ يولدا مەن ئۆلۇمنى،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

كۈندىن - كۈنگە مېنىڭ ھالىم بولدى بەتتەر،
بۇ دەرد بىلەن ئەمدى مېنىڭ باشىم كېتەر،
ھەرەم ئىچرە گۇناھىمنى مەئاف ئېتەر،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

مەدىنەمگە بارسام رەسۇل رەۋزەسىغە،
مەن ئاجىزنى يەتكۈزگەيسەن ئول جايغە،
ھەر بەندەنى يەتكۈزگۇسى ئارزۇسىغە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

زەمزەم ئىچرە باشىم قويۇپ نالە قىلسام،
يارانلارىم ئات - ئاتچە مەن قىچقارسام،
مۇندا كەل، دەپ بىخۇد بولۇپ زارىيغلاسام،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

قۇددۇس شەرىف پەيغەمبەرلەر قىبلەسىدۇر،
گۇنەھلەرىم ئاندا كۆيۈپ كەتكۇسىدۇر.
ئاندا بارغان مۇرادىغە يەتكۇسىدۇر،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

جىددە شەرىف ئىچرە باردۇر ھەۋۋا ئانا،
قىيامەت كۇن جۇملەمىزگە فۇشتى فەنا.
قەبرەسىدە نەچچەند زەمان ياتسام مانا،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

ئەي خۇدايا، تەۋفىق بەرگىل جاندىن كېچەي،
جاندىن كېچىپ ھىممەت بىلە ھەجگە كېتەي.
تاغۇتاشلىق داۋانلاردا ئۆلۇپ كېتەي،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

غەرىب، ئاسىي گۇناھىم كۆپ يەرگە سىغماس،
بەيتۇللاھغە يەتمەگۇنچە كۆڭلۇم تىنماس.
ماڭا ئەمدى نەسىھەتلەر تەئسىر قىلماس،
مېنى بۇگۇن سەرمەست قىلدى ھەج فىراقى.

* *

ياخشىلارنىڭ سۆھبەتى دارۇلجىنان، دوستلارىم،
يامانلارنىڭ مەجلىسى دايىم نەيران، دوستلارىم.

سالىكلارغە دوست بولماق ئىمانىمىز كەمالى،
يامانلارغە قوشۇلماق دىنسىزلىقنىڭ نىشانى،
ھەق يادىنى ئايتغانلار ئېرۇر جەننەت نىھالى،
ھەمراھ بولۇپ بېھىشتەدە راھەت كۆرۇڭ، دوستلارىم.

بىزلەر بولساڭ سىزلەرگە رەھمەت سەبەب ئېرۇرمىز،
پىرى كامىل بولماساق رەھدانلاردىن بولۇرمىز.

تۇتمادىڭلار ئەمرىمنى قايسى يولغە سالۇرمىز،
مەھكەم تۇتساڭلار ئەمرىمنى ھازىر بولاي، دوستلارىم.

ئۇمرۇم بەرگىم ئاتمىشقە يېتىپ بىمار بولدۇم مەن،
تەركى دۇنيا قىلمايىن دەرگاھىڭدىن نەۋمىدمەن.
يېتەلمەيىن مەقسۇدغە ئەجەب زەئىف بولدۇم مەن،
ھەق يادىدا بولالماي نەۋمىد قالدىم، دوستلارىم.

تەربىيەت قىلدىم قولۇمدىن كەلگۈنچە يول باشلادىم،
كېچە - كۈندۈز ھەسرەتدە ئىككى كۆزۈم ياشلادىم،
ھەر سۇبھۇشام ھىدايەتىڭغە دۇئا قىلماقنى خوشلادىم،
قادىر ئىگەم لۇتف ئېتىپ ھىدايەت قىلسۇن، دوستلارىم.

بىچارەئى ئاللايار ئاخىر ماڭا كەرەم قىلۇر مۇكىن،
غەرىب مىسكىنلىكىمنى ماڭا رەھمى كېلۇرمۇكىن.
جان بىرۇردە كامىل ئىمان ئەتا قىلۇرمۇكىن،
مەن غەرىبىنى ھەردۇئادا ياد قىلىڭلار، دوستلارىم.

* *

بىر ھېكايەت ئايتاي مەن يادىڭغە ئال،
خاتىرىڭغە يەتمەسۇن ئەندەك مەلال،
ئەھلى دۇنيالارنى كەم ئىخلاس بىل،
ھۇش كەتكەن يولدەكى كەنناس بىل.
ئەزىزلەرنىڭ ئىپار دۇكانى بار ئىدى،
جۇملە مىشك ئەنبەرى تاتار ئىدى.
تەفسىرى ئاياتى مىشكات ئەين مىشك،
ئىلتىماسىدۇر مەشام بولسە خۇشىك.
ھەق سۇخەندىن باز جاھىلراق بولۇر.
كۇفرلەر باش چىقارۇر كافىر بولۇر.
ھەر كىشىگە قىلماسە سۆز تەئسىرى،
يوقتۇر ئىمانى ئەبۇ جەھلنىڭ بىرى.
ھەرۋەلى دۇنياغە قىلسە تاكى خۇي،

مەئرىفەتنىڭ مىشكىدىن تاپمايدۇ بۇي.
ھەرۋەلىنىڭ بىخ نۇخۇت ئۇرۇر سەر،
تۆرت يۈز يىللىق تائەتى كۆيەر.
سۇرەتىڭ مۇئمىن سىرەتلەرىڭ دەغەل،
قەھرى ھەقدۇر بىزدە بولسە بۇ كەسەل.
جۇملە مۇزتەردۇر بۇدۇركى ئەي فەنا،
مۇز تەرەردۇرلەر ھەزاران ئەنبىيا.
ئەھلى دۇنيانىڭ دىلىدۇر ئىللەتى،
قورقەمەن ئىمانغە يەتكەي ئافەتى.
كىمكى بولسە ئاتەشى كىبرۇ غۇرۇر،
نۇرى رەھمەتنى خۇدا ئاندىن ئالۇر.
بولماغىل ھەمسۇھبەتى بەدرويغە،
ئەي جىگەر ھەمخانە بولمە دىۋەگە.

* *

ساڭا مەن دېدىم سىرر ئەخبارىڭنى بىل،
بۇ سەفەرنىڭ ئاخىرىن ئەندىشە قىل.
كۆپ ھۇنەر ئۆرگەتمە نەخۇتبازىغە،

ھەر نەچۇك خوك لازىم ئەرمەس رازىغە.
رازى ئىبراھىمنى بىلمەس نەمرۇدى،
چۇنكى كەجدۇر ئەۋۋەلىدىن ئاخىرى.

رازى مۇسا بولدى ئەفشا گۈنەگە،
يەتمەدى بىر شەمئىئى پەرۋانەگە.
بۇ رەمۇزدۇرلاركى ھەركىم بىلمەدى،
چۈنكى بىلدى كارىدىن ئايرىلمادى.
ئاندە غەير ئەردى دىلىدىن تاشلادى،
مەئرىفەتنىڭ يولىغە يول باشلادى.
غەرق بولغانلارنىڭ ھەرگىز نامى يوق،
كىمكى نام ئىزلەر ئانىڭ ئىمانى يوق.
گەنجى ھەق بىسيار ھەرگىز دىيدە يوق،
نۇرفە راۋان دىلىدە فەھمىدە يوق.
ئەھلى دۇنيالار ھەمە خۇدرۇ ئىرۇر،
ھەمچۇ مەبرەزخانە تاپغان گاۋ ئىرۇر.
دەر ئىدى ھەي-ھەي غەنىمەت تاپتىم بەقا،
ۋەھ نەخوش رەۋزىكى جەننەت تاپتىم بەقا.
بۇ نىجاسەت بىرلە خۇررەم جانى كۆر،
بولدى مەبرەزخانەلەر جەننات كۆر.
جانى دېھقانى سەمەندەردىن قاچىپ،
بەندەلىكدە ئەمرى ئەكبەردىن قاچىپ.
مۈلكى ئابادى بىلۈر ۋەيرانەنى.
مەنزىل ئەيلەپ نەچچە مەبرەز خانەنى.
مەرغىزارى باغئى مۇندىن قاچىپ،
جەننەتى فىردەۋسى رىزۋاندىن قاچىپ.
مىسلى كۆكسى ئىنتىزارى ئۇستخان.
بىرسەرى مەسلۇخ ئۇ تۇرغان پاسبان.
مەن سېنى ئەھمەق دېسەم ئۈلگۈك كىبلۇر،
نەردەكى خەر مۇھرىنى ئالغۇك كىبلۇر.
نۇرى جاندىن قالىپ بىبەھرەدۇر.
كۆر بۇلارنىڭ ھاسىلى خەرمۇھرىدۇر.
ئايتابەرسەم بۇ سۆخەن بولماس ئەدا،
تامەقامى خاتىرىم يەۋمىلجەزا.
ھېچ بىلمەسمەن نېچۈكدۇر بۇ رەمۇز،
خانەدىن بۇرۇنكى چىقمايمەن ھەنۇز.
دەر ھەقىقەت بۇ سۆخەن ئىخلاسدۇر،
خانە دۇنيادۇر بۇ خەلق خەرراسدۇر.
بۇ سۆخەن ئىخلاسى يوق نادانغە ھەيف،
گال بولۇر نادانغە تۇشكەن تىز سەيف.
كىمكى بولسە سىدق ئىخلاسى تەمام،
ئاڭا لازىم بۇ تەرىز شىرىن كەلام.
دەفتەر ئاچسە ئارىفى شىرىن كەلام،
يۈز قىيامەت ئۆتسە بولماسدۇر تەمام.
باغلا ھىممەتدىن كەمەر ئىخلاسى سۇست،
دىلدە دەردىڭ يوق نەمازىڭ نادۇرۇست.
مەن بۇ تەمسىلنى ساڭا ئەيلەي بەيان،
تاڭاچاي خەزىنەلەردىن داستان.
مەھرەمىم يوقدى دېسەم بىر رەھگۇزەر،
سۆھبەتى بىگانە ئەيلەر دەردى سەر.
مەن بۇ يولدا يىغلامايمەن نان ئۈچۈن،
خۇن تۆكەرمەن دىيدەدىن ئىمان ئۈچۈن.
سەن سەبۇكسارسەن سەفەرنى پىشەتۇت،
كىم كېيىن قالدى خەيالىڭدىن ئۇنۇت.
ئەسلى بۇدۇر خىسلەتى پەيغەمبەرى،
ئۈممەتىم بىر - بىرگە باردۇر رەھبەرى.
ئەخۋەتەن مۇئمىندۇر رەھمەت ئىرۇر،
كى بۇ ئەخۋەتلىك ھەمە ئەمرى غەفۇر.
ئەسلى مۇئمىن بولسە چۈن مۇئمىن تۇغار،
نىكلەرنىڭ سۆھبەتىدىن دىن تۇغار.
پايى سىدقىڭنى مېنىڭ پايەمگە قوي،
رەھنەماسىز قىلماغىل كۆپ جۇستجۇي.
بىلدى تالىب رەھنەمانىڭ قەدرىنى،
كۆزگە سۈرتەر تۇتىيادەك گەردىنى.
دېدى شىرھ دەردنى ساڭا مەن كۆرسەتەي،
گەۋھەرىم بار مۇشتەرى بولساڭ ساتاي.
ئولكى دەرد كۆرگەن بۇدەردىمنى بىلۇر،
مەرد كىبرەك ئەفتادە مەرھەملەر قىلۇر.
بولماساڭ بۇ يولدە كار ئۇفتادەئى،
كولامە دەردىمنى مۇردە سادەئى.
قىلما مەنئ مەنكى چەندان يىغلايىن،
تاتىرىكمەن ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلايىن.
مۇندا ھەركىم يىغلاماس مەرگ يىغلاتۇر،
غەفلەتىلەرنى بۇ شىددەت ئويغاتۇر.
بىمەھەل تىفل ئويغاندى شىرى يوق،
نەۋھە قىلماقدىن دىگەر تەسرى يوق.
ئەۋۋەلى ۋەقتىمدە پىرىم بار ئىدى،
يول يۇرەردە دەستىگىرىم بار ئىدى.
پۇرغەنىمەتدۇر پىرىڭ قەدرىنى بىل،
بۇ سەفەرنىڭ ئاخىرىن ئەندىشەقىل.
ئايرىلىپ قالغان ئۇشول سالاردىن،
ۋەقتى ئۆتتى ئەمدى قالدىڭ كاردىن.

سەن بۇ سۆزنى ساھىبى نىسبەتكە ئايت،
ھالى زارىمنى ئەمىر دەۋلەتكە ئايت.
مەۋلەۋىنىڭ قەۋلى ئىمانغە دەلىل،
ئەھلى مالدىن سىينەلەرنى خالى قىل.
دەفتەرى فەنجۇمنى ئاچتى مەۋلەۋى،
قۇتبى رەببانىنى غەۋسى مۇنتەھى.
مەھرەمى دەركار ئىدى راز ئاڭلاغاي،
نې مۇقەللە دىنكى ئاۋاز ئاڭلاغاي.
بۇ سۇخەن ئەھلى ھەقىقەتكە رەۋا،
جاھىلدىن سەر بەر ئۇرسە بۇ خەتا.
بازۇيى ھەيدەر كېرەك تۇرسە بىكار،
غەيرىنىڭ باشىغە ئۇرسە زۇلفىقار.
بەئزىلەركى تىغى بارۇ دەست يوق،
بەئزىلەرغە قەبز بارۇ بەست يوق.

ئول مەگەسلەر پىرىدىن نې - نې كۆرەر،
دىيدە بىنا پىرلەرىدىن ھۇ كۆرەر.
ئەي ئىزامىددىن بۇ يولدا پاك قايت،
سىررى جاننى جانى فاكانلارغە ئايت.
بۇ رەمۇزنىڭ مەئنەسىن ئاشىقغە ئايت،
مۇستەفانىڭ رازىنى سىددىقغە ئايت.
نابىرەسىم بۇ سۇخەن پايانى يوق،
يولدە تۇرغان ئۇقبەلەرنىڭ سانى يوق.
ئەسلا ئويغانمايدۇ روھى قالەبىڭ،
بۇ سەبەبدىن غەرقى زۇلمەتدۇر دىلىڭ.
ئاھى سەردىڭ بولسە ھەقغە تارگەر،
دىل مۇرەتتەب خانى ھەقغە بولسە تەر.
فىئلى يەتىم بولدى قىل چەشمى تەرى،
دىگەرى ئاڭا بولالماس مادەرى.

*   *

بەئداز ھەمە سەنائى مەۋلا.
سەلەۋات ھەبىبىغە ھۇدايا،
يۈز شۇكر خۇدا غەكىم بۇ مەكتۇپ،
ئىتمامىغە يەتتى بولدى مەرغۇب.
بۇ خادەم ئالىمانى پاكان،
بۇ مۇنىس كۆللى دەردناكان.
يەئنى بۇ كەمىنە موللا توختە،
بۇ نۇسخەئى دىلكۇشاغە ئوخشە.
كۆپ سەئيى بەلىغ ئىلە نەھايەت،
يىغدىم مۇنى ئەي ئۇنىس ئۇلفەت،
مۇخلىسلەرگە دۇر خەلايىق يول،
بىر نادىرەئى زەمانەدۇر بول.

دەير ئىچرە مۇقىملەرغە ئۇلفەت،
ھەمسۇھبەت يار ئەجەل فۇرقەت.
مەخمورلەرنىڭ شەراب جامى،
ئاشىقلارى نىسبەت تەمامى.
يادەب مۇنى ئەيلە ئەلغە مەقبۇل،
سەندىن مېنىڭ ھاجەتىم ئىرۇرشول.
رەد قىلمە زەكىلەرنىڭ دىلىدىن،
ئاجراتماغىل ئەھلى پەھم ئىلىدىن.
تەئرىخ مىڭ ئۈچيۈز ئەي مۇكەررەم،
ئۇستىدە قىرق بەشدۇر ئاڭا زەم.
ئالتىنجى جەمادىل ئاخىرئەي بار،
..............................[1]

---

[1] قولىيازمىدا بۇ شېئرنىڭ ئاخىرى يوقالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەندنامە

فەرىدىددىن ئەتتار

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

XII — XIII ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر سوفىستىك شائىرلارنىڭ بىرى شەيخ فەرىدىددىن مۇھەممەد ئەتتار (مىلادى 1145 ـ 1229 ـ يىللار) قەدىمكى ئىران مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان خوراساننىڭ نىشاپۇر ئەتراپىدا بىر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دەسلىپىدە دادىسىغا ئەگىشىپ تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە سوفىزم پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مەۋقەسىدە چوڭ بۇرۇلۇش ياسىغان. پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگ- رافىيە ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدىكى ئىلىملار بىلەن شۇغۇللىنىپ، «مەنتىقۇت- تەير» (قۇشلار نۇتقى)، «بۇلبۇلنامە»، «خۇسرەۋنامە»، «مۇشكىلات خاتىر- لىرى»، «پەندنامە»، «ئىلاھنامە»، «ۋەسىيەتنامە»، «ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى»، «بەگتاش ۋە رابىئە»، «گور ۋە خۇمرۇز» قاتارلىق ھەر خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ «لىسانۇت- تەير» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

«پەندىنامە» ئەتتارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دىداكتىك ئەسەر بولۇپ ھىجرىيە 1316 ـ يىلى (مىلادى 1898 ـ 1899 ـ يىل) ئەدەبىي تەرجىمان ئەبەيدۇللاھ تەرىپىدىن پارسچىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەجمى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان 1200 مىسرادىن ئارتۇق قىسمىنى تاش مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاپ چىقتۇق. نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەر بولسا، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇشىنى سورايمىز.

ھەمدى بىھەد ئول خۇدايى پاكغە،
چۈنكى بەردى جان قارا تۇفراقغە.
باز ئول ئادەمغە بەردى رۇھنى،
قىلدى تۇفاندىن مۇنەززەھ نۇھنى.
ئولكى فەرمان قىلدى قەھرىن بادغە،
تا سەزا بەرگەيدى قەۋمى ئادغە.
ئولكى ئۆز لۇتفىنى ئىزھار ئەيلەدى،
ئوتنى ئىبراھىمغە گۇلزار ئەيلەدى.
ئول خۇدايىدۇركى بىل ۋەقتى سەھەر،
قىلدى قەۋمى لۇتنى زىرۇ زەبەر.
ئول سارى ناگە ئوق ئاتسا دۇشمەنى،
پىشەئى بىرلەن ئىشىنى ئەيلەدى.
دۇشمەنىنى ئەيلەدى ئول غەرقى نىل،
سەڭگى خارادىن چىقاردى تىنۋە بىل.
قىلدى داۋۇدە ئىنايەت كىردىگار،
بولدى كۆپ ئاھىن كەفىدە مۇمۋار.
ھەم سۇلەيمانە ئەتا قىلدى نىگىن،
تەختى فەرماندا بولدى ئىنسۇ جىن.
بەردى قۇت سابىر تېنىدىن قۇرتكە،
بولدى يونۇس لۇقمەئى بىر ھۇتكە.
بەندەئىنىڭ باشىغە ئەررە بېرۇر،
تاج ئىلە بىرنەچچەنى خۇرسەند قىلۇر.
پادشاھىكىم ھەرنەدەر، ئول ئان ئېتەر،
لەھزەدە ئالەمنى ئول ۋەيران ئېتەر.
بولدى سۇلتانلىغ مۇسەللەم زاتىغە،
يوق كىشكىم دېگەلى چۈنۇ چەرە،
ئول بىرەۋغە گەنجۇ نىئمەتلەر بېرۇر.
ئۆزگەسىغە رەنجۇ زەھمەتلەر بېرۇر.
ئول بېرەۋغە زەررەچە ھەميان بېرۇر.
نەچچەلەر نان ھەسرىتىدە جان بېرۇر.

ئول بىرەۋغە كىيدۇرۇپ سىنجاب كىش،
بىلىباسىدىن بىرەۋنىڭ كۆڭلى رىش.
بىرنەچە ئىززەت بىلەن تەخت ئۈزرە خان،
نەچچەنىڭ ئاغزىغە يەتمەس پارچە نان.
نەچچەنىڭ كىمخائى نەخدۇر بىستەرى،
نەچچەنىڭ تۇفراق ئېرۇر ياتار يەرى.
تۇرفەتۇل - ئەين ئىچرە ئالەمنى بۇزار،
ھەددى ئادەم يوقكى ئاندە دەم ئۇرار.
ھەم ھەۋا مۇرغىغە ئول ماھى بېرۇر.
بەندەلەرگە دەۋلەتى شاھى بېرۇر.
بىئاتا پەرزەند ئول پەيدا قىلۇر.
نەچچەنى بىشكىدە ئول گويا قىلۇر.
داغى يۈز يىلىلىك ئۆلۈكنى تىرگۈزار،
مۇنى ھەقدىن ئۆزگىلەر قايدىن قىلار.
سانىئى تىندىن سەلاتىن ئەيلەدى،
نەجمنى رەجمى شەياتىن ئەيلەدى.
بىر قۇرۇق يەردىن كۆكەرتۇردى گىياھ،
ئاسماننى ھەم ئۆزى تۇتقاي نىگاھ،
ئول شەھكىم مۇلكىنى ئەنبازى يوق،
سۆزىنىڭ ھەم لەھن ھەم ئاۋازى يوق.
زاتىنى ئەل كۆزىدىن ئەيلەپ نىھان،
قۇدرەتىنى قىلدى خەلقىگە ئەيان.
قۇدرەتىنىڭ ئىنتىھاسى بولماغاي،
زاتىنىڭ ھەرگىز بەھاسى بولماغاي،
مۇئمىنە جەننەتنى گۇلزار ئەيلەدى،
دەۋزەخىن كاپىرگە تەييار ئەيلەدى،
بەئزىنى ئىشقى بىلەن شەيدا ئېتىپ،
بەئزىنى نەفسى بىلەن رەسۋا ئېتىپ.
بەس ئەجەب ئىشلار نەمايان ئەيلەدى،
ئەقلىنى ھەيرانۇ سەرسان ئەيلەدى.

## كەلدى بىل نەئتى نەبىغە بۇ بەيان.

بەئدەزان ئېيتاي دۇرۇدى مۇستەفا،
چۈنكى ئالەم تاپتى نۇرىدىن سەفا.
سەييىدى كەۋنەين خەتمىل - مۇرسەلىن،
كەلدى ئاخىر ئەردى فەخرىل - ئەۋۋەلىن.
ئولكى توققۇز ئاسمان مىئراجىدۇر،
ئەنبىيائى ئەۋلىيا مۇھتاجىدۇر.
دۇر ۋۇجۇدى رەھمەتەن لىلئالەمىن،
مەسجىدى بولدى ھەمە رۇيى زەمىن.
ئولكى يارى ئېردى بۇ بەكرۇ ئۇمەر،
قول ئۇچىدىن ئەيلەدى شەققۇل - قەمەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئول بىرى ئاتا رەفىقى غار ئىدى،
بىرىسى لەشكەركەشى ئەبرار ئىدى،
باز يارى ئىردى ئۇسمانۇ ئەلى،
ھەر ئىكىسى ئىردى ئالەمغە ۋەلى.
ئول بىرى كانى ھەيا ئۇ ھىلم ئىدى،
ئۆزگەسى بابى مەدىنە ئىلم ئىدى.

ئول رەسۇلى ھەقگە خەيرۇن ناسدۇر،
ئىلمى ياكى ھەمزەئى ئەبباسدۇر.
ھەردەمى بىزدىن دۇرۇدۇ يۈز سەلام،
ئول رەسۇلۇ ئالۇ ئەسھابە تەمام.
ھەردەمى يۈزمىڭ خۇدانىڭ رەھمەتى،
ئالى پاكىغە رەۋان بولسۇن تەقى.

## مۇجتەھىدلەرنىڭ بەيانى، ئەي جەۋان

ئول ئىماملار بار ئىدى كۆپ شەپقەتى،
بولسۇن ئۇلارگە خۇدانىڭ رەھمەتى.
بۇ ھەنىفە ئول ئىمامى بارىۋاج،
ئىردى بىشەك جەمئى ئۇممەتغە سىراج.
فەزلى ھەق بولسۇن قەرىنى جانىغە،
ھەم تەقى ئەرۋاھى شاگىردانىغە.
يانىدە بۇ يۇسۇفى قازى ئىدى،

ھەم مۇھەممەد زۇلمەدىن رازى ئىدى.
شافىئى ئىدرىسۇ مالىك ھەم زەفەر،
تاپتى ئانلاردىن شەرىئەت زىب فەر.
ھەنبەلىيۇ كەررۇخى ۋە ھەم ئۆزگەلەر،
بولدى كامىل مىللەتى خەيرۇلبەشەر.
رۇھلارى جەننەتدە بىشەك شاددۇر،
ئىلمىلىرىدىن قاسىردىن ئاباددۇر.

## بول مۇناجاتى مۇناسىبتۇر بەسى

پادشاھا جۇرمۇ ئىسيانىم كەچۇر،
مەن گۇناھكارىڭ ئىرۇرمەن سەن غەفۇر.
سەن ماڭا خۇشكارۇ مەن بەد ئەيلەدىم،
جۇرمى بىئەندازە بىھەد ئەيلەدىم.
كىچەۋۇ كۈندۈز مەناھى ئىچرە مەن،
بۇ مۇناھىدىن تەبايى ئىچرە مەن.
ئۆتمەدى مەندىن گۇناھسىز سائەتى،
باھوزۇرى دىل قىلالماي تائەتى.
نەچچە يىللار فىسقى ئىسيان ئەيلەدىم،
بەس بۇ ئىشلاردىن پۇشەيمان ئەيلەدىم.
كەلدى دەرگاھىڭغە بۇ قاچقان قۇلۇڭ،

جۇرمۇ ئىسيان بابىنى ئاچقان قۇلۇڭ،
مەغفىرەت لۇتفىڭدىن ئەيلەرمەن ئۇمىد،
كىم دىبدىڭ لاتەقنەتۇ بىرلەن نەۋىد.
لۇتفۇڭى دەرياسى بىپايان ئىرۇر،
رەھمەتىڭدىن نائۇمىد شەيتان ئىرۇر.
نەفسى شەيتان جەڭگىدىن بىراھمەن،
رەھمەتىڭدىن ھەم شەفائەتخاھمەن.
كۆز تۇتارمەنكىم گۇناھدىن پاك ئولاي،
قەبىل ئازانىكىم لەھەتدە خاك ئولاي.
ئول دەمىكى جان تىنىمدىن كىتەدۇر،
نۇرى ئىمانىم بىلەن ئىلىت، يا غەفۇر.

## ئاڭلاسۇن بۇرازنى ئاقىل كىشى

ئاقىل ئول بولغايكى ئول شاكىر ئىرۇر،
بەئەزان ئۆز نەفسىگە قادىر ئىرۇر.
كىمكى ئۆز خەشمىنى يۇتتى، ئەي جەۋان،
بولغاي ئول ئەلبەتتە خاسانى جەھان.

ئول ئىرۇر بىل ئادەمىنىڭ ئادەمى،
يىغسە ئەۋۋەل نەفسى بىدىن ھەردەمى،
باز پىندار ئەيلەسە ئول بەدنىگار،
تاڭلا ئامۇرزىش قىلۇر پەرۋەردىگار.

## بۇ بەياندۇر جەھالەت شەررىدىن

كەمبەغەللىك گەرچە قاتتىق، ئەي جەۋان،
بولماغاي ھەرگىز جەھالەتدىن يامان.
گەر مۇرادىڭغە يېتەرنى ئىستەسەڭ،
ئۇشلەگىل سەبرۇ قانائەت بىدەرەڭ،
كىمكى ئاڭا نەفسى تەۋسەن رامدۇر.
ئول خىرەدمەند ئىچرە نىكۇ نامدۇر.
قىل رىيازەت بىرلە نەفسىنى گوشمال،
تا سېنى ئول سالماسۇن ئەندەر زەلال.
كىم سەلامەتلىكنى ئەيلەر ئارزۇ،
ئول جەمىئى خۇلقىددىن قايتۇر غۇرۇ.
گەر غەنىيلىك ئىستەسەڭ غەففارىدىن،
بىل قەنائەتدىن تاپارسەن بىكەمىن.
ئادەمى ئۈيقۇدا بولغاي سەربەسەر،
ئول ئېرۇر بىدارىكىم قىلدى گۇزەر.
كىم سېنى ئاغرىتسا ئەرزىن پىشەقىل،
گەر قولۇڭدىن كەلسە سەن ئاغرىتماغىل،
باقمادى تەڭرىم كوڭۇل ئازارىغە،
يوق بۇ خىسلەت ھېچبىر دەرگاھىدە.

## بىلمە دىل ئازارلىكنى ياخشىدىن

ئەي بالام، ھەرگىز دىلئازار ئولماغىل،
ئول خۇدايىڭدىن چۇ بىزار ئولماغىل،
سالما ئەل كوڭلىغە رەنجىش، ئەي جەۋان،
تا بۇلاي دېسەڭ بۇ رەنجىشدىن ئەمان.
كىم ئېرۇر قەيدى دىل ئازارىغە بەند،
ئول ئۇقۇبەت بىرلەدۇر زارىغە بەند.
گەر قولۇڭدا يەڭگى يوق بەد قىلماغىل،
ئۆز تېنىڭگە زۇلمى بىھەد قىلماغىل.
كىم سىتەم تا ھەركىمىغە ئەيلەدىن،
ئول جەراھەتنى ئۆزىغە ئەيلەدى.
ئەر ئاتىن ھەر ئۆلكەدە ياخشى ئاتار،
ئۆلكى بولغۇدۇر جەھاندا مۇئتەبەر.

## دېدى غەيبەتنى يامان ئەھلى قەبۇل،
## دېدى كوپ خىسلەت خەمۇشىدە رەسۇل.

سالما تىل غەيبەتسارى، ئەي ھۇشمەند،
تۇشمەسۇن تا قول ئاياغىڭ ئۇزرە بەند.
كىم تىلىن غەيبەت سارىدىن ساقلادى،
ئول ئۆزىن ئافەت سارىدىن ساقلادى.
ئەي بەرادەر، گەر ئېرۇرسەن ھەق تەلەب،
غەيرى فەرمانى خۇداغە ئاچما لەب.
باخەبەردۇرسەن خۇدا فەرمانىدىن،
تىلغە باس مۇھرى سۇكۇتنى ئەي ئەمىن.
ئەي بالام، پەندۇ نەسىھەت گوش قىل،
گەر نىجات تاپساڭ ئۆزۈڭ خاموش قىل.
ھەركىمنىڭ سۆزى بىسىيار ئولغۇسى،
سىنەسىدە كوڭلى بىمار ئولغۇسى.
پىشە ئاقىللارگە خاموشى ئېرۇر،
پىشەئى جاھىل فەراموشى ئېرۇر.
كىزبۇ غەيبەتدىن نىكۇدۇر خاموشى،
سۆزگە رىغبەت ئەيلەمەك ئەبلەھ ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بۇ نەسىھەت كەلدى بىلسەڭ تۇھفەئى

ئەي بالام، غەيراز خۇدا زىكرى دېمە،
ھەق سۆزىنى ھەم بەرايى كىمن دېمە،
كىمكى ئول بەندە ئىمارەت ئۇلغۇسى،
ھەرنە بارى جۇملە غارەت بولغۇسى،
دىل ئۇلۇر كۆپ سۆز بىلەن ئەي خۇش سۇخەن،
گەرچە گۇفتارى ئېرۇر دۇررى ئەدەن،

ئۇلكى كۆچ بىرلەن فەساھەتلىك قىلۇر،
دىل يۈزىنى كۆپ جەراھەتلىك قىلۇر،
تىلنى ئاغزىڭغە مۇدام مەھبۇس قىل
ھەم خالايىقدىن ئۈزۈڭ مەئيۇس قىل
كىمكى ئول ئۆز ئەيىبىغە بىينا ئېرۇر،
رۇھىغە بىل قۇۋۋەتى پەيدا ئېرۇر.

## تۆرتنى تۆرتدىن پاك قىلساڭ تۇھفەئى

ھەر مۇسۇلمانىكى بولسە باتەمىز،
تۆرتنى تۆرتدىن پاك تۇتسۇن ئول ئەزىز.
دىلنى سەن ئەۋۋەل ھەسەددىن پاك قىل،
ئۆزنى سۈكرە ساھىبى ئىدراك قىل.
پاك قىلغىل كىزبۇ غەيبەتتىن زەبان.
يەتمەسۇن دېسەڭ ئىمانىمغە زىيان.
پاك ئەگەر بولسە رىيادىن ئول ئەمەل،
يەتمەگەي ھەرگىز ئىمانىڭغە خەلەل،
يەتمەسە قارنىڭغە بىر زەررە ھەرام،

مەرد ئىماندار بولغايسەن تەمام.
كىم ھەرامدىن باتىنىن پاك ئەتمەدى،
رۇھى بىل ئۆز مەنزىلىغە يەتمەدى.
كىمنى كىردارى رىيادىن پاك ئەمەس،
بورىيادەك سۈرتى بىر نەقشۇ بەس.
كىم ئەمەل ۋەقتىدە بىئىلاسۇر،
ئول كىشىنى دېمە مەردى خاسدۇر،
كىم ئىشىنى ئەزبەرايى ھەق ئېتەر،
ئول كىشى پەيۋەستە با رەۋنەق ئېتەر.

## ئەسلى ئىماننىڭ بەياندىن ئىشت

ئەسلى ئىمان ئالتىدۇر، بىل، ئەي يىگىت،
مەن ساڭا دەي جان قۇلاغىدىن ئىشت.
ئالتىدىن ئۈچ بىل يەقىن خەۋفۇ رىجا،
ھەم تەۋەككۇل ھەم مۇھەببەت ھەم ھەيا.
كىمكى گەر نۇرى يەقىن ھاسىل بولۇر.
ساھىبى ئىمانى رەۋشەن دىل بولۇر.
كىمنى خەۋفى . . . . . .
. . . . . . . . . . .
نامە ئەئمالى ئەگەر ئاق بولماسە،
سىدقۇ ئىخلاسىڭ بىلەن مۇئمىن دېمە.

كىم خۇدايىغە تەۋەككۇل قىلماسا،
ھەر تەرەفدىن مىڭ بەلا ئىنغاي ئاڭا.
بولسالار كىم كۆڭلىدە ھەببى خۇدا،
ھاسىلى كارى ئېرۇر بارى ھاۋا.
بولغىل ئەي بەندە خۇداغە دوستدار،
تا بولاي دېسەڭ خۇدادىن كامكار.
ئەي بەرادەر، شەرمى ئىماندىن ئېرۇر.
بىھەيالار قەۋمى شەيتاندىن ئېرۇر.
گەر ئېرۇرسەن مۇئمىنۇ پەرھىزكار،
قىل خۇدايا خەلقدىن شەرم ئىختىيار.

## شەھكە بۇ خىسلەت ياماندۇر، ئەي يىگىت

تۆرت خىسلەت، ئەي بەرادەر، بىل يەقىن،
پادشاھلارغە زىياندۇر بىكەمىن.
پادشاھ كەلگەن بەلاغە كۆلسە گەر،

دەۋلەتىگە بىگۇمان نۇقسان يېتەر.
سەھبەتى ھەر بىناۋاۋۇ ھەر فەقىر،
پادشاھگە يەتكۈرۈر بىشەك ھەقىر.

باز ئەۋرەت بىرلە كۆپ سۆھبەت ئېتەر،
ئۆزنى ئول شاھ بىھۆرمەت ئېتەر.
قىلسە گەر ئاھەڭگى زۇلم ئول پادشاھ،
سۇد قىلماس ئاڭا بىل خەيلۇ سىپاھ.
كىمنى گەر لافى جەھاندا زىندىدۇر،
بىل ئانى مەيلىكىم ئانارىدە دۇر.

پادشاھلارگە كېرەكتۇر ئەدلۇ دات،
تا رەئىيەت ئەدلىدىن بولغۇسى شاد.
شاھى ئادىل بولسا ھەم مەيمۇنلىقا،
مەملەكەت شەھكە يېتەر ئاندىن بەقا.
قىلسە گەر لەشكەرگە سۇلتان كۆپ كەرەم،
لەشكەرى ھەم جان بېرۇر بەھرى دەرم.

## كۆپ ئولۇغلۇققا دەلىلدۇر ئىككى ئىش

ئىككى ئىش كەلدى بۇزۇركىگە دەلىل،
كىمدە بۇل بولسە بولۇر مەرد ئەسىل.
ئىلمنى ئەغراز تۇتماق بىھىساب،
خەلقغە بەرمەك جاۋابى باساۋاب.
كىمدە بولسە دانىشۇ ئەقلۇ تەمىز،
ئەھلى ئىلمۇ ھىلمنى تۇتقاي ئەزىز.
ئەي بەرادەر، باخەبەردۇرسەن تەمام،
ئەل ئارادە نەرمى ھەم شىرىن كالام.

كىمغە تىرىش تەلخلىق ئادەت ئېرۇر،
دوستلار ئاندىن يۈزىنى قايتۇرۇر.
كىمكى دۈشمەندىن ئەمەس ئول بىر ھەزەر،
ئاقىبەت كۆرگەي بۇ ئىشتىن كۆپ زەرەر.
بولسە ئەقلىڭ دۈشمەنىڭدىن دۇر بول،
سوڭرە دوستلارگە كىرىپ مەسرۇر بول.
ئەي بالام، يوق ئۆزرەدۇرسەن تۇشە قىل،
ئىن ئانىنىڭ سۆزىدىن ئەندىشە قىل.

## فاسقۇ ئەھمەق شەقىغە كۆپ جەزا

ئەھمەقىدە ئۈچ ئەلامەت باردۇر،
بىرى ئولدۇر يىگەنى مۇردارىدۇر،
بىرىدۇر كۆپ سۆزلەمەك ئادەت ئاڭا،
ھەم ئىبادەت ۋەقتىدۇر كوھلەت ئاڭا.
ئەمدى سەن ئەھمەقۇ جاھىل بولماغىل،
يارى ھەقدىن زەررە غافىل بولماغىل.
يارى ھەقدىن كىمكى ئول غافىل ئېرۇر،
دائىما ئول ئەھمەقۇ جاھىل ئېرۇر.
ئەي قۇزۇم، غافىل يۈرۈشنى خۇشلامە،
قەرز ئۈچۈن مۇئمىن ئېتەكىن ئۇشلامە،
ھەم قەزانىڭ ھۆكمىغە دام ئۇرماغىل،

كىمنى كۆرسەڭ، ئەي قوزۇم كەم كۆرمەگىل.
بولدى فاسىقلاردىن ئۈچ ئىش ئاشكار،
بىرى فاسىد ئىش ئېرۇر لەيلۇ ناھار.
دائىم ئازارى خەلايىقدۇر بىرى،
تەركىدۇر دائىم شەرىئەت بۇيرۇغى،
ئۈچ ئەلامەت قىلدى بەدبەختتىن زۇھۇر،
دائىما مۇردار يەر ئول بەختى شور.
بىتەھارەتتۇر يەنە بىگاھ خىز،
ھەم يەنە ئىلم ئەھلىدىن قىلغاي گۇرىز،
بۇ ئەلامەتلەر شەقىدە باردۇر،
نۇسخەلەردە ئۆزگەسى بىسياردۇر.

## نىك بەختلىكنىڭ بەياندىن ئىشت

بولدى ئۈچ ئىش نىك بەختلىكغە دەلىل،
كىمدە بۇل بولسە بولۇر مەردى ئەسىل.
ئەسلى پاك ئولدى دەلىلى نىك بەخت،
بەد ئەسىل ئەرمىش سىزايى تاجى بەخت.
نىك بەختلەرنى ئاچىقدۇر چىھرەسى،

ئولكى بەرو ئولدى مۇشكىلدۇر ئىشى.
. . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . .
كىمكى ئول بىغەم ئەزابى ھەق ئېرۇر،
مۇئمىن ئېرمەس كافىرى مۇتلەق ئېرۇر.

www.uyghurkitap.com



ئۆمرى دۇنيا بەش كۈندىن كۆپ ئەمەس،
غافىل ئول بولغايكى دەۋر ئەندىش ئەمەس.
لەززەتى دۇنيانى تەرك ئەتمەك كېرەك،
پىرى كامىل ئىتەكىن تۇتماق كېرەك.
باقماغىل لەززەتى نەفسانى سارى،
باقماغىل ھەم ئالەمى فانى سارى.

ئاقىبەت شانىگدە بولسە ئۆلمەكلىك،
ھاسىل ئەرمەس رەنجى دۇنيا كۆرمەكلىك.
بۇ تېنىگدىن قان رەۋان بولغۇسىدۇر،
خاك جۇملە ئۇستىخان بولغۇسىدۇر.
ساڭا جان بەرمەكدىن ئۆزگە چارە يوق،
يول يورەردە خەبەر نەفسى جۇز ئەممارە يوق.

## تۆرت ئىشدە ئافىيەتدۇر، ئەي يىگىت

ئافىيەتنى ئىزلەسەڭ، ئەي ھۇشيار،
تاپىلۇر ئول چۈنكى تۆرت ئىش ئۆزرە بار.
خانىدانە نىئمەتۇ ھەم ئەيمەنى.
تەندۇرۇستىيۇ فەراغەت ئەي ئەخى،
نىئمەتىڭ بولسە ئەمانى ئاندەدۇر،
ئافىيەتنىڭ ھەم نىشانى ئاندەدۇر.
دىل فەراغى بىرلە بولساڭ تەندۇرۇست،
سوڭرە ئۇقبا جانىبىدىن بولمە سۇست،
تا تىرىكسەن قىلمە ئىت نەفس كامىنى،
باسماغىل ھەرگىز بۇ مەلئۇن دامىنى،
نەفسى شەيتان يولدىن ئالغۇدۇر سېنى،
مۇددەئاسىچەكى سالغۇدۇر سېنى،
نەفسىنىڭ باشىغە تەپ ھەم خار قىل،
تا تىرىكسەن دۇرۇ ئول مۇردارقىل.
كىمكى بۇ ئىت نەفسىنى توق ساقلادى.
ئول گۇناھ قىلماقغە بېلىن باغلادى.

ھەر مەزەدىن سالما ھەلقىڭ راھىغە،
تا يىقىلماغىل گۇناھىنىڭ چاھىغە.
قەرنىڭى تالەب يەبان سەير قىلماغىل،
چۈن بىشەك ئۆزۈڭگە ئاخىر قىلماغىل،
خابۇ خۇر بىل پىشەئى ئەنئامدۇر،
ئۇخلاغان بىر بەھرى ئول ئەنئامدۇر،
كىم بى ھەر كۈن گەرچە سەن سايىم ئىمەڭ،
كۆپ يېمە ئاخىر باھايىم كىم ئىمەڭ،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە، ئەي ئۇيقۇدە سەن،
ئاخىرەت خەۋفىدە بى قايغۇدە سەن.
كىمكى ئول ئۇيقۇدەدۇر ئۆلگەن ئېرۇر،
ئەھلى غەفلەتغە بۇ ئىش بولغان ئېرۇر.
ئۇخلاغانلارنى ئۆلۇم بىدار ئىتەر،
ئول زەمانىكىم ئانى بىر دار ئىتەر.
ئافىيەت سورساڭ قوزۇم كۆپ ئۇخلامە،
ھەم بۇ دۇنيانى ئۆزۈڭگە يوخلامە.

## مەۋئىزە دىگەر

دانىشىڭ گەر بولسا ئەقلىڭە قەرىن،
بول مۇدام دەرۋىش بىرلە ھەم نىشىن،
چۈن ئالار جەييۇ كەلىددۇر جەننەتە،
دۇشمەنى بولغاي سەزايى لەئنەتە.
پۇشىشى دەرۋىش غەير ئەز دەلق ئەمەس،
ھەم يەيى كامى ھەۋائى خەلق ئەمەس.
زاھىر ئارا بولما ئەي مەردى فەقىر،
تاكى بولغاي تالىئىڭ بەدرى مۇنىر.
ئۆت ھەۋالاردىن خۇداغە بەندە بول،
بەندە بولساڭ دەر دۇرۋنى ژەندە بول.
فەرقەئى پەشمىنەنى بەردۇش قىل،

نامۇرادى شەربەتىدىن نۇش قىل.
ئىككى دۇر بىر قىلغۇسەن پەشمىنەنىڭ،
پاك ئەۋۋەل گىنەدىن قىل سىنەنىڭ،
بىتەكەللۇب بولۇ ئارايىشنى قوي،
تەركى راھەت قىلۇ ئاسايىشنى قوي.
گەر تىلەر بولساڭ نەسىبى ئاخىرەت،
تاشلا ئول تۇنىكى بولسە فاخىرەت.
مىسلى سۇفى بالىباسى سۇف بول،
بىر خۇدانىڭ ۋەسفىدىن مەۋسۇف بول.
مەردى رەھكە بورىيا قالىن بولۇر،
خىشت باشى ئاستىغە بالىن بولۇر،

مەردى رەھ دەربەند قەسرى جاھ ئەمەس،
كۆڭلىدە ھەم غەيرى دۇردا ئەمەس.
كىم ئىمارەت يەتكۈزۈپ تا ئاسمان،
بولغاي ئاخىر ئۇل يەر ئاستىغە نىھان،
مىسلى رۇستەم شەۋكەتى زورلۇق دۇرۇر،
جايلىق ئۇل بەھرامدەك گورلۇق دۇرۇر.

## كەلدى بەتبەختلىك نىشانىدىن بەيان

ئاخىرەتدىن ئەسلا غافىل بولماغىل،
بۇ جەھان مالىغە خۇش دىل بولماغىل،
تۇرت ئىش بەدبەختلىك ئاساردۇر،
ھەم بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيا خاردۇر.
كاھىلى ھەم جاھىلى ھەم سەختى بىل،
بىكەسىيۇ ناكەسى بەدبەختى بىل.
كىمكى ئۇل گەر قىلدى ئاسايىشنى تەرك،
نەفسى زالىمنى خىلافىن قىلدى دەرك،
كىم ھەۋايى نەفسىگە قىلسە دۇرۇش،
ئۇل قاچان قىلغاي ئانى بىرلە ئۇرۇش.
كىمگە كاھىل بولدى ئەل فەرخۇندە فال،
بىگۇمان ئاندىن كېتەر ھەم دىن فال،
كىم جەھالەتدىن ئۇزۇن دەۋر ئەتمەدى،
ھەرگىز ئاندىن بەختى بەد ئايرىلمەدى.
كىم خەلايىقغە تەرەھھۇم قىلماغاي،
ئەسلا ئاڭا بەختۇ دەۋلەت كەلمەگەي،
ئۆتسە ناكەسلىكتە ھەركىمنىڭ كۈنى،
كەلمەگەي سەمئىغە دۆلەتنىڭ ئۈنى.
سەربەلەندلىكنى ئەگەر سەن ئىزلەسەڭ،
ئەي قوزۇم، راھەت يولىن قىل ئۆزگە شەڭ.
كىمكى راھەت ئىشكىن ياپتى تەمام،
ئاڭا ئاچىلدى دەرى دارەسسەلام،
ئەي بەرادەر، تەركى ئىززۇ جاھ قىل،
ئۆزنى سەن شايستەئى دەرگاھ قىل،
ئىززۇ جاھنىڭ تارتەدۇر ناكەس سارى،
تەن پەرەست ئەيلەپ قىلۇر ھەقدىن نارى،
خار بولغاي كىمكى بولغاي جاھ جۇي،
جاھ جۇلىكنى، بەرادەر، ئەمدى قوي.

## نەفسنى ئۆلتۇرمەك ئىلاجىدىن بەيان

نەفس ئۆلمەيدۇر مەگەر ئۈچ ئىش بىلەن،
ئايتايىن ساڭا ئىشتكىل ھۇش بىلەن.
ئاچلىق شەمشىرى تەنھا نەيزەسى،
خەنجەرى خامۇشدىن ئۆلغاي بەسى.
بولماسە گەر مەردكە بۇ ئۈچ سەلاھ،
نەفس ئانىڭ تاناماغاي ھەرگىز فەلاھ.
ئەھلى دۇنيالارنى دۇئارا بىرەر،
ھەلقۇمىغە چەربۇ شىرىن يەتكۈرەر.
كىمكى ئۇل پەيۋەندى سىمۇ زەر ئېرۇر،
ئۇل ئۇقۇبەت ئىچرە كۆپ مۇزتەر ئېرۇر.
ئاخىرەت دەپ ھەركىشى ھەر ئىش ئېتەر،
ئاڭا خالىقدىن شەرەفلەر كۆپ يېتەر.
مال دۇنيا خاكسارىغە بېرۇر،
ئاخىرەت فەرھىز كارىغە بېرۇر.
ئەي بەرادەر، دۇشمەنىڭ شەيتان ئېرۇر،
ئاخىرى بوينۇڭغە ئوتدىن غول سالۇر،
روزى ئەۋۋەل سەن فوزۇلى ئەيلەدىڭ،
بىل زۇلۇمۇ ھەم جۇھۇلى ئەيلەدىڭ.
جۇنبىشى قىلغىلۇ كاھىل بولماغىل،
رازى دىلدىن ھېچ زايىل بولماغىل.
كىمكى ئۇل تائەتكە كاھىللىق ئېتەر،
ئاقىبەت ئىمانى شەيتانىغە كېتەر.
ۋەقتى تائەت تېز رەۋ چۇن باد بول،
ھەم جەھان ھەم كاردىن ئازاد بول.
گەرچە سەن ئۇيقۇدە، ئەي كەندە فەھم،
ھېچ كەلمەسمۇ تەنۇ جانىڭغە رەھم.
مۇدبىرى ئاخىر كۆزۈڭنى كور ئېتەر،
ئۇل قاچان ئۇقبادىن بەھرە يەتكۈرەر.
ئەي قوزۇم، ھەق يادىغە مەشغۇل بول،
خەلقدىن قاچارگە مىسلى غول بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مەۋئىزە دىگەر

ئەلگە بەس فەقرىڭنى پەيدا قىلماغىل،
ئۇشبۇ كۆنلۈك ئىشنى فەردا قىلماغىل.
ئۆلكى تاڭلا بۇ تەتىڭگە جان بىرۇر،
غەم يىمە ئاخىر لەبىڭغە نان بىرۇر.
مۇردەك تاكى بولۇرسەن دانەكەش،
مەرد بولساڭ فاقەنى مەردانەكەش.
قۇي تەۋەككۇل ئۇستىغە فىرۇزىڭى،
هەق بىرۇر بىراھلاردەك روزىڭى،
تەڭرىدىن شاكىر بولۇر مەردى فەقىر،
گەرچە قۇتىدۇر لەبى نانى فەتىر.
بولمە خەم دەۋلەت ئىلىغە ھەمچۇتاق،
تاكى بولمە ھەمرەھى ئەھلى نىفاق،
مەردى رەھكە نامى نەڭ يوق خەلقدىن،
قاچماغاي ئول جامەھايى دەلقدىن.
كىمنى زەۋقى گەر نىكۇ نامىدە دۇر.
خاس ئەرمەسدۇر ھەنۇز ئامىدەۋر،
گەر دىلىڭ زىينەت سىرىدىن تاشدۇر،
ئاڭا نې قەۋىم ئىلە نې قەرداشدۇر،
دىلنى سەن بىلگىل ھەۋادىن تاشلادىڭ،
ئول زەمان بىلگىل خۇدانى ئۇشلادىڭ،
مىسلى ئىستەر مۇرغى بىلگىل نەفسىنى،
يۈك دىمەك ئۆچمەس بۇ گەردىن غەفسىنى.
گەر دىلىڭ ئۆچكىل دىيۇ ئىستەر دۇرەم،
يۈك كۆتەر دىسەڭ دىيۇر تايىر دۇرەم.
تائەت ئەت دىسەڭ نە چاغلىغ سۇستدۇر،
مەئىسىيەت سارىغە ھەدىسىز چۇستدۇر.

سەبزەدەك رەڭگى ئەجەب دىلكەش ئېرۇر،
لىك ئۆزى تەلخ ئىسى ناخۇش ئېرۇر.
نەفسىنى زىندانغە سالغان ياخشىراق،
ھەرنە دىسە ئەكسىن ئالغان ياخشىراق.
نەفسىنى ھەم ئاچ قىل ھەم تەشنە قىل،
رام بولغاي بەئدەزان تائەتغە بىل.
تىۋە يەڭلىغ يولدە سەن ئۇستۇڭدە يۈك،
بەسكى ھەر مەنزىلدە ئەمرۇللاھغە چۆك.
ئەيلەدىڭ بارى ئەمانەتنى قەبۇل،
بەس نە ۋەجھىدىن بولۇرسەن كۆپ مەلۇل.
بار ئىزىد بولسە جانىڭ بىرلە تارت،
سىدقى ئىخلاس جەھازىڭ ئۇزرە ئارت.
كىمكى گەردۇن تولەسە بۇ باردىن،
كۆرگەي ئول كانى ئۇقۇبەت ناردىن.
كىمكى بارىغە تەھەممۇل بولغۇسى،
ئەل ئارا كانى تەئەممۇل بولغۇسى.
راھ سەر خەۋفى قاراقچىدۇر كەمىن،
يۈرگەنىڭ ياخشى قاراپ تۇرماقىدىن.
مەنزىلىڭ ھەم بار دەۋرىڭ بەس گەران،
كۆشىشى ئەت كەتمەسۇن تا كارۋان.
كىمكى يول ئۇزرە گەران باران ئېرۇر.
ھەردەمى كۆزىدىن خۇن باران ئېرۇر.
مەركەبىڭ ئارىغدۇر يۈكنى يەڭگىل ئارت،
كارۋاندىن قالمە بەل ئىلگىرى تارت.
بىل يۈكۈڭدۇر جىفەئى دۇنيايى دۇن،
سەن ئانىڭ ئارقاسىدىن زارۇ زەبۇن.

## مەۋئىزە دىگەر

باشە دەستارىڭ نەدۇر، ئەي مەردى خام،
تا تىرىكسەن دىل بىلەن بولغىل مۇدام.
جامەئى دەستار خام ئەيلەر سىنى،
نەفسى شەيتان ئۇزرە رام ئەيلەر سىنى،
زەن كەبى بولمە خۇد ئارا، ئەي جىگەر،
بولماغاي ھەرگىز خۇد ئارادىن بەتەر.
قىلماساڭ تا تەركى ئىززۇ مالۇ جاھ.
قالمغاي باشىڭغە بىل غەير ئەز كۇلاھ.

ئۆزنى ئارا ئەيلەمەك مەردان ئەمەس،
ئەھلى ئارايىش زەنان، مەردان ئەمەس.
بولماغاي تەن ئۇزرە تەقۋادەك لىباس،
مەردكە بولماس تەكەللۇفدىن ئاساس.
كىم ئۆزىن ياخشى سانار ئول بەد ئېرۇر،
ئەل قەبۇلى ھەق سىرىدىن زەد ئېرۇر.
ئۆزنى كۆرمەك شىۋەئى شەيتان ئېرۇر،
كىم ئۆزىن كەم كۆردى ئول مەردان ئېرۇر.

دېدى شەيتان مەن بۇ ئادەمدىن ئۇلۇق،
لەئنە تۇللاھ بىرلە جايىدۇر تاموق.
پەستلىكدىن خاكدىن ئادەم چىقار،
ئوتنى كۆر، سەركەشلىكدىن يوق بولار.

راندەدۇر ئىبلىس ئىستىكبارىدىن،
بولدى ئادەم مەقبۇل ئىستىغپارىدىن.
دانە پەست ئولسە زەبەردەست ئولغۇسى،
باش كۆتەرسە خوشە گەر پەست بولغۇسى.

## تۆرت نىمەرسە كەلدى ئەبلەھگە سەرىھ

تۆرت ئىش بولدى بىل ئەبلەھكە نىشان،
مەن دېسەم سەن فەھم قىلغىل ئەي جەۋان.
ئەيىبنى ئەبلەھ جاھاندا بىلمەگەي،
ئۆزگەلەرنىڭ ئەيبىدىن ئايرىلماغاي.
دىلغە ئەكماغلىق بەخىللىك تۇخمىنى،
سوڭ ئۈمىد ئەيلەر سەئادەت نىكنى.
كىمكى گەر ئەل خەلقدىن خوشنۇد ئەمەس،
ئول مۇقەررەر بەندەئى مەئبۇد ئەمەس.
كىمغە دائىم پىشە بەد خۇلىك ئېرۇر،

بىل ئىشى پەيۋەستە پىرووۋلىك ئېرۇر.
بۇخل شاخىكىم تېنى دەۋزەخدەدۇر.
كىم بەخىل بولدى ئانى دەۋزەخدە كۆر.
خۇيى بەد تەندە بەلايى جان ئېرۇر،
مەردۇمى بەدخۇ نىچۈك ئىنسان بولۇر.
كىم قاچان جەننەت يۈزىن كۆرگەي بەخىل،
پەششەئىدۇركىم باسىبدۇر پايى فىل،
بۇل بەخىلۇ بۇخللىكتىن پۇرگەران،
بولما تا ئەبلەھ سارىدىن، ئەي جەۋان.

## ئىككى ئىش كەلدى بەلالاردىن قەبىھ

گەر بەلالاردىن قۇتۇلماغلىق مۇراد
سەندەدۇر، مەن ئايتايىن، ئەي نىكزاد،
تا تىرىكدۇرسەن ئىككىدىن دۇر بول،
بىرى نەفسۇ بىرىسى دۇنيايى غول.
بولغۇسەن گەر ھىرسۇ ئارە مۇپتەلا،
ساڭا بولغاي ھەر جىھەتدە مىڭ بەلا.
نەفسى دۇنيانى رەھا قىلدىڭ قاچان،
بەس قۇتۇلدۇڭ ھەر بەلادىن بىگۇمان.

نەفسىنى تا سەن ھەۋادىن ساقلادىڭ.
دىنى دۇنيا ھاجىتىنى نەقلەدىڭ.
ئۇلكى يولدە نەقدى ھېچ يوق يانىدە،
بولسە، ئول ھەر يەردەدۇر بىۋاھىمە.
ھەق ئەزابى قەھرىدىن تەرسەندە بول،
مۇئمىن ئازار ئولمە، ھەققە بەندە بول.
كىمنى ئاغرىتتىڭ ئاڭا بول ئۈزرخۋاھ،
تاكى خەسمىڭ بولماغاي دەر ئەرسەگاھ.

## ئەي بەرادەر تۆرت ئىشدىن دۇر بول

كىمنىڭ ئەقلى بولسە دانىش بىرلە ساق،
تۆرت ئىشدىن بولسۇن ئەلبەتتە يىراق.
ئىختىيارىن ناسەزاگە بەرمەسۇن،
ناسەزادىن ئادەملىغ كۆرمەسۇن.
ناسەزا بىرلەن ئۆزۈڭنى قىلما يار،
تاكى بولما ئىككى دۇنيا ئىچرە خار.
بولما ئەقلىڭ بولسە بەدكارىغە مەيل،
سوئرە بولما ھەم سەبۇك بارىغە مەيل.
تاكى بولغوڭ دۇر جەھان شايەستەسى،

قول ئاچىپ ئەلبەتتە سەن بولغىل سەخى،
گەر بولاي دېسەڭ زەمانە سەرۋەرى،
شەپقەتى مۇھتاجىدىن بولما نەرى،
كىم ئۆزى دىل ھىلمىدىن رەۋشەن ئېرۇر،
ئۆز زەمانىدە سەلاھى تەن ئېرۇر.
كىمكى ئۆز گۇفتارىدىن بولدى مەلۇل،
پەندىنى ھەم ھېچ كىشى قىلماس قەبۇل.
ھەر نەكىم ئانى شەرىئەت رەد ئېتەر،
تۇشمە ھەرگىز ئارقاسىگە، ئەي پىسەر.

www.uyghurkitap.com

## بولماسه ئۈچ ئىش ساڭا مەئزۇر بول

بولدى بەل بىشەك ئۈچ ئىشدە راستكار،
مەن ساڭا دەي، سەندە بولسە ئىختىيار.
بىرى قورقماق تەگرىدىندۇر، ئەي ئەمەك،
بىرىسى قۇتى ھەلالىن ئىستەمەك،
ھەم ئۈچىنچى بولدى بىلسەڭ راستلىك،
بۇر رەۋشلەر راستكارىدىن بىتىك.

## باتەۋازىئ بول ھەمىشە، ئەي جەۋان

گەر تەۋازىئلىكنى تۇتساڭ، ئەي جەۋان،
دوست تۇتقايلار ھەمە خەلقى جەھان.
ئەگمەگىل باشىڭنى دۇنيادارگە،
كەتمىسۇن تا دىنىڭ ئول مۇردارگە.
كىمكى ئول ھىرس ئىلە دۇنيادارىدۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزارىدۇر.
كىمكى بۇدار ئۇشلادى دار ئۇزرەدۇر،
چۇنكى ئوغرىدىن نىگۇنسار ئۇزرەدۇر.
ئەغنىيادۇر مۇردا بىل ئاندىن بەتەر،
مۇردەغە قانداق كىشى سۇھبەت تۇتار،
مالۇزەرگەر بولدى ئول بىھەد نەدۇر،
بەلكى ئۆلدۇك داغى بىھەد كەلتۇرۇر.

## زىكرى ھەق جان قۇۋۋەتىدۇر بىگۇمان

بول ھەمىشە، ئەي قوزۇم، بەيادى ھەق،
گەر ئىشتكەن بولساڭ ئەدلى دادى ھەق.
زىكرىدىن تىرگۇز بۇ سۇبھى شامنى،
بىھۇدە ئۆتكۈزمەگىل ئەييامنى.
يادى ھەق كەلدى غەزا بۇل رۇھكە،
مەرھەم ئولدى بۇ دىلى مەجرۇھكە،
يادى ھەقدۇر مۇنىسى جانىڭ ئەگەر،
نىگە كۆڭلۇڭ كاخى ئاۋانە كىتەر.
گەر زەمانى غافىلى رەھماندۇسەن.
ئول زەمان بىل ھەمدەمى شەيتاندۇسەن.
قىلما بەس زىكرى خۇدادىن ئۆزگە ئوي،
سوڭ ئىكى ئالەمدە بول بائابرۇي،
زىكرىدىن ئەۋۋەلدە با ئىخلاسى بول،
زىكرى بىئىخلاس ىېچۇك بولغاي قەبۇل،
زىكىر ئۈچ ۋەجھ ئۇزرە بولغاي بىخىلاف،
سەن مۇنى جان بىرلە بىل ئەي كۆڭلى ساف.
زىكرى ئامى بولدى بىل زىكرى زەبان،
زىكرى خاسان بولدى دىلدىن بىگۇمان.
زىكرى خاس ئەل خاس سارىدىن بولغۇسى،
زىكرىسىز يۇرگەننى كۆڭلى ئۆلگۇسى.
زىكرى بىئىلم بەسى بىدئەت ئېرۇر،
يانە بىر شەرتى ئانىڭ ھۇرمەت ئېرۇر.
بولدى ھەر بىر ئۇزۇۋىگە بىر ئۆزگە زىكر،
يەتتە ئەئزا زىكرىنى سەن ئەيلە پىكر.
يارى ھەر ئاجىز قۇلنىڭ زىكرىدۇر.
ئەقرەبا بارماق ئاياق زىكرى ئېرۇر.
باز مەسجىد سارى بارماق دېدىلەر،
ھەم جىنازىغە يۇگۇرماق دېدىلەر.
زىكرى كۆز ھەق خەۋفىدىن كۆپ ياشلاماق،
باز ئاياتىغە كۆزنى تاشلاماق.
ئىستىمائى قەۋلى ھەۋ زىكرى قۇلاق،
گەر قولۇڭدىن كەلسە ھەق زىكرىغە باق.
ئىشتىياقى ھەق ئېرۇر زىكرى دىلىڭ،
كۇشىش ئەت تا زىكرى بولسۇن ھاسىلىڭ،
ئوقۇماق قۇرئان تىلنى زىكرىدۇر،
ئەمرىنى قىلماق بېلنى زىكرىدۇر.
ئولكى جاھىل ھەرنە قىلغانى گۇناھ،
بەھرە ئاڭا بەرمەغەي زىكرى ئىلاھ.
نىئمەتى ھەق شۇكرىنى قىلغىل مۇدام،
تاكى ھەق بەرسۇن ساڭا نىئمەت تەمام،
ئاچما لەب غەير ئەز خۇدانىڭ زىكرىغە،
تاكى كىرگىل پاكلارنىڭ پىكرىغە.

## تۆرت ئىش مەردۇمغە ھەدسىز ياخشىدۇر

بارچەگە كۆپ ياخشىدۇر تۆرت ئىش مۇدام،
ئايتايىن مەن، ئاڭلا، ئەي نىكۇ ھەرام.
ئەۋۋەل ئول بولغايكى بولغىل دادرەس،
سوڭرە ئەقلىڭ بىرلە ھەر ئىش ئەيلە بەس.
ھەم شەكىبالىككە قۇربەت ئەيلەگىل،
ھۆرمەتى مەردۇم نىھايەت ئەيلەگىل.

## يانە تۆرت ئىش كۆپ يامانلىق كەلتۈرۈر

تۆرت خىسلەتدۇر يەنە، ئەي ھۇشيار،
كۆپ يامانلىق ئەل ئۈچۈن ئول ئىشدە بار.
تۆرتدىن بىرى ھەسەد كىنى ئېرۇر،
ئاندىن ئۆتسەڭ ئۇجبى خۇدبىنى ئېرۇر.
خەشمى كەلگەن ۋاقتدە يۇتمەسلىك يەنە،
تۆرتىنى بىلگىل بەخىللىك ئەي يەنە.
ئەي قوزۇم، كەم يۇر بۇ خىسلەت گەردىغە،
تا قوشۇلما بەس يامانلار فەردىغە.
غىل - غەشىنى تاشلا زەردەك پاك بول،
گۆردە تۇفراق بولماي ئەۋۋەل خاك بول.
ھىرسىنى تاشلاپ قانائەت ئۈشلەگىل،
ھەم ئۆلۈم ئەندىشەسىنى خۇشلەگىل.
كىم مۇھىب بولسا ئاڭا بول ھەمنىشىن،
دۇشمەنىڭ يۈزىنى ھەرگىز كۆرمەگىن.

## تۆرت ئىش مۇدبىر نىشانى دېدىلەر

بولدى مۇدبىرلىك نىشانى تۆرت ئىش،
ئىشتىپ كۆڭلۈڭدە ساقلا يازۇ قىش.
مەشۋەرەت ئەھلىگە قىلماق راز بىل،
سىمۇ زەر جاھىلغە بەرمەك باز بىل.
كىمكى پەندى دوستنى قىلماس قەبۇل،
مۇدبىرى ئەبلەھ ئېرۇر ئول بۇل فۇزۇل.
كىمكى دۇنيادىن ئالالماس ئىبرەتى،
مۇدبىردۇركىم قىل ئاندىن نەفرەتى.
مەشۋەرەت ئەبلەھكە كىمكى قىلدى راز،
دىۋە مەلئۇنى قىلۇر گۇمراھ ساز.
ئولكى مالۇ زەرنى جاھىلغە بېرۇر،
قايدىن ئول مەقبۇل قاتاردىن بولۇر.
سىمۇ زەر جاھىل قولىغە كىرسە گەر،
ئەيلەگەي ئىسراف ھېچ قىلماي خەدەر.
دوستدىن مۇدبىر ئىشتمەس پەندنى،
بەلكى جەھلىدىن ئۇزەر پەيۋەندنى،
ئىبرەتى ئالغىل زەماندىن، ئەي جەۋان،
تاكى كىرمە دەر قەتارى ئەبلەھان.
مۇدبىرى دۇنيادا گورى كەلتۈرەر،
ئاخىرەتدىن بەس قاچان بەھرە ئالۇر.

## تۆرت ئىشنىڭ كۆپ زىيانى دېدىلەر

تۆرت ئىش كەلدى بوزۇرگى كۆپ يامان،
گەرچە كۆزگەدۇر كىچىك، كۆپتۇر زىيان.
بىرىسى خەسمىڭ، بىرىسى ئوت ئېرۇر،
يانە بىمارىكى دىلنى ئۆلتۈرۈر.
دانىشكى ساڭا ئارايىش بېرەر،
تۆرتىندۇركىم ساڭا كۆپ تەشۋىش بېرەر.
كىمكى دۇشمەن كۆزىگە بولدى ھەقىر،
بىگۇمان ئاندىن قىلۇر رۇزى نەفىر.
زەررەئى ئوت بولسە گەر ئەفرۇختە،
كۆركى ئالەم بولغاي ئاندىن سۇختە!
رەنجى ئەندەك بولسە، بول غەمخارەلىك،
تاكى كۆرمە ئاجىزۇ بىچارەلىك.
دەردى سەرگە كىمكى قىلمابدۇر ئىلاج،
خەۋفى ئول بولغايكى بولغاي بەد مىزاج.

ئوت ئەگەر ئانداق ئۆچەر گەر تۆشسە ئاب، ۋاي ئول سائەتكە تاپسە ئەلتساب.

## بۇ بەيانى دۇر فەسادى پادىشاھ

تۆرت ئىش كەلدى فەسادى پادشەھ، پادشاھگە يەتكۈسىدۇر كۆپ ئەلەم.
گەر بۇ ئىشتا شادتۇر مۇلكى تەبەھ. گەر خەلەل ھەم كاتىبى دىۋان ئېتەر،
ئەۋۋەلىدۇر مۇلكىغە جەۋرى ئەمىر، ئاقىبەت رەنجۇر ئول سۇلتان ئېتەر.
يانە قىلسە كۆپ خىيانەت ئول ۋەزىر. چۈن سەلاھىيەت ئىشىنى شەھ ئېتەر،
كىم يەنە بېگى خىيانەتلىك ئېرۇر، بېگى ھەم قول زۇلمىدىن كوتەھ ئېتەر،
پادشاھ مۇندىن زەلالەتلىك ئېرۇر. بولماسە گەر ۋاقىفۇ دانا ۋەزىر،
ھەم ۋەزىرى بولسە غافىل بىخەبەر، پادشاھغە كۆپ يېتەر ئاندىن زەرەر.
مۇلكى شەھ ئاندىن بولۇر زىرۇزەبەر. تۇتماسە گەر شەھ سىياسەتنى بىكار،
قىلسە گەر شەھ مۇلكىغە بېگى ستەم، بۇزغاي ئول شەھ مۇلكىنى كۆپ نابىكار.

## تۆرت ئىشدىن باز سەن تۇتغىل پەناھ

كىمدە تۆرت ئىش بولسە ئەي يارى ئەزىز، كىمكى بالا بولسە كىبردىن گەردەنى،
ئۆزگە تۆرت ھەم بولغۇسى مەۋجۇد نىز. دوستلار بولغايلار ئاخىر دۈشمەنى.
بىگۇمان بىل كىبردىن دۈشمەن تۇغەر. كاھىلىنى كىمكى قىلسا پىشەئى،
خارلىك تەن كاھىلى ھاسىل ئېتەر. ئۆز ئاياقىغە ئۇرۇپدۇر تىشەئى.
ئاقىبەت رەسۋا قىلۇر كارى لۇجاج، خەشمى كەلگەن ۋەقتى ھەركىم يۇتمادى،
خەشمىغە بولماس پۇشەيمانى ئىلاج. بىل پۇشەيمان ئاندىن ئەسلا كەتمەدى.
گەر لۇجاجى كىمسەدىن پەيدا بولۇر. كىمكى ئول ئازادە تەن پەرۋەر ئېرۇر،
تاڭلا ئانى شۇمىدىن رەسۋا بولۇر. ئادەم ئەرمەس بىلكى گاۋۇ خەر ئېرۇر.

## تۆرت ئىشتا بىل بەقا كەمراقدۇر

تۆرت ئىشتا، بىلكى، كەم بولغاي بەقا، گەرچە بولسا زەن زەمانى مېھرىبان،
سال قۇلاق ئەي مۇئمىنى مەيمۇنلىقا. يوق بولۇر مېھرى ئېرى ئاچسا زەبان.
جەۋرى سۇلتانغە بەقا كەم يەتكۇرەر، كىمكى ناجىنس بىرلە بولسە ھەمدەمى،
دوستلىغ رەنجۇ تەئەبدىن كەمتۇرەر. كىم كۆرەر ئاندىن نىشانى ئادەمى.
ئۆزگەسىنى بىل ئەيالنىڭ مېھرىدۇر، سۇھبەتى ناجىنس دۇر جان كاھىشى،
بىبەقا ھەم سۇھبەتى ناجىنس ئېرۇر. بىلگۇسىدۇر بۇ رەۋىشنى ھەركىمشى،
قىلسە گەر سولتان رەئىيەتكە ئىتاب، رو بەرو كەلسە ساڭا ناجىنس گەر،
مىسلى خەس بىلكىم ئېرۇر بىر روبى ئاب. ئەي قوزۇم، قىل باددەك ئاندىن گۇزەر.

## بۇ رەۋىشدە بولغانلىق بىھراقدۇر

تۆرت ئىش بولغۇسى تۆرت ئىشدىن تەمام، ئىشىتىب كۆڭلۈڭدە ساقلا، ئەي كىرام.

دانىشلىڭ بولغاي خىرەددىن باكەمال،
ھەم ئەمەلدىن دىن بولغاي باجەمال.
دىنىڭ ھەم فەھمىزدىن كامىل بولۇر،
شۈكر بىرلە نىئمەتىڭ شامىل بولۇر.
دانىشلىڭ تاپقاي خىرەددىن بەھرەڭى،
بىئەمەللەردە بولۇرمۇ زەھرەڭى.
شۈكرى نىئمەتكە كەمالى يەتكۈزەر،
دىنىغە تەقۋى جەمالى يەتكۈزەر.
ئىلم قىلماس بىئەقىل بىرلەن نىشەست،
بىئەقىل تاپقايمۇ ئىلم، ئەي ئاسىيەست.
بىخىرەد دانىش ۋەبال ئولغۇسىدۇر،
ئىلم مۇرغۇ ئەقىل بال ئولغۇسىدۇر.
كىمدە ئىلمى بارۇ ئەمما بىئەمەل،
بىل ئانى ئەقلىدە باردۇر كۆپ خەلەل.

## تۆرت ئىشنىڭ كۆپ پۇشەيمانى بولۇر

تۆرت ئىش باردۇركى قولدىن كەتسە گەر،
كۆپ قىيىن كەلتۈرمەكىدۇر دەردلەر.
ناگەھانى گەر ئاغىزدىن چىقسە سۆز،
يا كەماندىن كەتسە ئوق، ئەي خوش رەمۇز.
كەلتۈرۈپ بولماس ئانى بەس قايتۇرۇپ،
ھەم قەزانى قايتۇرۇرنى كۆرمە ئەپ.
ئۆمر زايئ بولسە گەر، ئەي بۇل ۋەفا،
كەلمەگەي قايتىپ چۇ چەكسەڭ مىڭ جەفا.
كىمدە بى ئەندازە سۆزلەر باردۇر،
بىل نەدامەتتىن ئاڭا بىسياردۇر.
مەرد ئول بىھۇدە سۆزنى سۆزلەمەس،
ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇرنى كۆزلەمەس.

## تۆرت ئىش ھەم تۆرت ئىشنى قايتۇرۇر.

تۆرت ئىشدۇر بىلگىل، ئەي جانى ئەزىز،
بولسە بۇل تۇرماس قاشىغە تۆرتى نىز.
ھەرقاچان بىدادى بولسە ھەم قەدەم،
قوۋۋەتۇ شەۋكەتنى ئول قىلغاي ئەدەم.
كاھىلى كەلسە كىبتەر دەۋلەت يەنە،
زۇلمى شەھ قىلسە كىبتەر مۇلكەت يەنە.
شادلىك تۇرماس ئەگەر كەلسە مەزاھ،
قىلماغاي ھەزلۇ مەزاھ ئەھلى سەلاھ.
. . . . . . . . . . ①
بىل سەخادىن ئابرو ئەفزۇن بولۇر،
بۇخلدىن مەقبۇللار مەلئۇن بولۇر.
بول ھەمىشە، ئەي قوزۇم ئەندەرسەخا،
تاكى كۆرگىل ئۆز يۈزۈڭدىن يۈز سافا.
بىھۇنەرغە دوستلىك ئەيىنى خاتا،
بىلكى ئاڭا دۇشمەن ئولساڭ كىم رەۋا.
دۇشمەن ئولساڭ چۈنكى زار ئولغاي نىھان،
دوستۇڭدىن بەلكى بەرگىت، ئەي جەۋان.
بولماغايسەن تاكى ئەلگە شەرمىسار،
قىلما قولدىن كەلمەس ئىشنى زىنھار،
ھېچكىمنىڭ پەردەسىنى يىرتماغىل،
تاكى پەردەڭ يىرتماسۇنلار، ئەي ئەقىل،
قىلما ھەرگىز ئۆز مۇرادىڭ بىرلە ئىش،
كىم مۇرادىڭگە پۇشەيمان بار ئىمىش،
ئەلنى قەدرىنى تانۇغىل، ئەي سىپەر،
تا سىنىڭ قەدرىڭنى بىلسۇن ئۆزگەلەر.
تا تىلىم بولسۇن دىسەڭ ئەلگە دەراز،
دوست ھاجەت ئەيلە، سىررىدىن ئەيلە ئاز.
دوستلارگە كىمنى قەدرى بولمادى،
ئول ئۆلۈكدۇر گەرچە جانى ئۆلمەدى.
كىمدە گەر يوقدۇر قەنائەتدىن نىشان،
بەس ئانى باي ئەيلەمەس مەلكى جەھان.
ھەم تەۋازىئلىك بولۇپ، بول با ئەدەب.
مەردۇ تەقۋا سۆھبەتىن قىلغىل تەلەب.
بۇردبارى بولۇ كەم ئازار بول،
تا تىرىكسەن با ھۇنەرگە يار بول.
دەھرنى دانالارى تەرياكدۇر،

---

① بۇ جايدىن بىر ۋاراق يوقالغان

www.uyghurkitap.com



زەھرى قاتىلِ بىلكى ئول نادان ئېرۇر.
دەردلىك تەرياكدىن تابقاي نىجاد.
زەھردىن ساغ ئەل دىلى بولغاي مىهاد.
سەبرۇ ئىلمۇ ھىلىم كۆڭۈل باغىدۇر،
ھىرسۇ بەغزۇكىنە قاتىل زەھر ئېرۇر.

بارچە ئىش فەخرى كېلىپتۇر ئاشۇ نان،
بەس ئىشىك ئاچ دوستلارگە تاشلا خان.
گەرچە دانادۇرسەنۇ ئەھلى پەنا،
سەن ئۆزۈڭنى بارچەدىن كەمتەر سانا.

## تىقلۇ خاتۇن سۇھبەتىگە كەم يۇگۇر

ئىككى خىسلەت كەلدى ئەبلەھغە نىشان،
رىغبەتى خاتۇنِ، جۇلۇسى گۇدەگان.
ئەي قوزۇم، خاتۇنغە رىغبەت قىلمە كۆپ،
رازى دىلنى دېمە ئاڭا ئولتۇرۇپ.

كىمكى گۇدەك بىرلە قىلدى ئولتۇرۇش،
بولماغاي بىر زەررە ئاندە ئەقلۇ ھۇش.
كىمكى ئانىڭ ئەقلۇ ھۇشى بولماسە،
ئول ئۆلۈكدۇر، سەن تىرىكلەردىن دېمە.

## ئەي قوزۇم، پەندۇ نەسىھەت گۇش تۇت

كىم-سىنىڭ يۇزۇڭغە ئەيبىڭ ئايتەدۇر،
بىل سىنى زۇلمەتدىن نۇرگە قايتەرۇر.
ساڭا ھەركىم گەر بولۇپدۇر رەھنەما،
جان بىلەن قىلغىل ئانى شۇكرىن بەجا.
ھەم خىرەدمەندى زەمانىڭنى تانى،
ياخشى خۇلقۇ ياخشى خەلقىڭنى تانى،
ئىككى ئەلدىن قىلمە ھالىڭنى نىھان،
يارى غارىڭۇ تەبىبى نۇكتەدان.
ئىختىيارىڭدە سەۋەبى كاردۇر،
ئەي يىگىت، نەفسىڭ يولىغە كەم يۇگۇر.
ھەرنەكىم شەرئ ئۇزرە بولدى ناپىسەند،
يۇرمە ئانىڭ گەردىغە، ئەي ھۇشمەند.
ھەرنەكىم ھەق ئەيلەدى ساڭا ھەرام،
سەن ئالىپ ئاندىن بولۇپ بول نىكنام،
روزىئى ھەر روزاڭى بەرگەي خودا،
تەڭگى دەست كۆپ بولماغىل، ئەي خۇدنەما.
تازە يۇز ھەم نىكخۇ بول، ئەي ئەخى،
تا ئاتانغايسەن جەھان ئىچرە سەخى.
دىلنى غەلۇ غەشدىن ئەتگىل پاك سەن،
سىنەنى بىكىنە قىل مىسلى چەمەن.
تەكيەنى كەم ئەيلە ئۆز كىردارىڭە،
دىلنى تاشلا رەھمەتى جەببارىڭە.
بارچە ئىشدىن خەلق نىكۇ ياخشىدۇر،
خەلق خۇلقى خۇشنى كۆپ ئىززەت قىلۇر.
كىمكى بولدى بەندى شەھۋەتكە ئەسىر،

گەرچە ئول ھۇردۇر، ئەزىزلەر بەندە دەر.
ناكەسىدىن گەر كۆرۈنسە دەستىگاھ،
قىلمە ھاجەت كۆز بىلەن ھەرگىز نىگاھ.
قويمە ناكەس ئاستانىغە قەدەم،
گەر كۆزۈڭ چۇشسە ئاڭا ھەم يۇرمە دەم،
ھەرگىز ئەبلەھنىڭ ئىشىدە بولماغىل،
مال ئۇچۇن ھەرگىز خۇشامەد قىلماغىل،
ئىككىدىن پەرھىز قىل، ئەي ھۇشيار،
تاكى كۆرگىل ئايەمىنى رۇزگار.
بىرى ئول سىتىمزەلىك دۇشمەن ئېرۇر،
دوستى نادانىدۇركى مىھنەت يەتكۇزۇر.
بەس ئۆزۈڭنى دۇشمەنىڭدىن دۇر قىل،
دوستى نادانلارنى ھەم مەھجۇر قىل.
ئەي قوزۇم، ھېچكىمگە سەن قىلمە دۇرۇشت،
تاكى مەردۇم قىلماسۇنلار ساڭا پۇشت.
ياخشى سۆز ئىشىتسە سەندىن گەر فەقىر
ياخشىدۇر ئاندىنكى كېيدۇرسەڭ ھەرىر.
خەشمنى يۇتماق ئولۇغلۇقدىن ئېرۇر،
ھەددى بولغايمۇ بۇ ئىش ھەركىم قىلۇر،
كىمكى ئەل بىرلەن مۇۋاسا قىلمادى،
ئۇمرىنى شىرىنلىكىن ئول بىلمەدى.
ئولكى ھەم شوخۇ ئاڭا ھەم شەرم يوق
بىل ئانى ناپاك زاد، ئەي كۆڭلى توق
گەر بولاي دېسەڭ مەلامەتدىن ئەمان،
بول ھەمىشە ھەمنىشىنى بۇزۇرگان.

## سەككىز ئىشنىڭ تەركىنى بەردۇش تۇت

خارلىق بىلسەڭ سەككىز ئىش كەلتۇرۇر،
سەن ئەمەل قىل، بولماغىل ئەھلى غۇرۇر.
كىم بىراۋگە بىتەلەب مېھمان بولۇر،
ئۆزىنى مىسلى چىبىن كەم كۆرسەتۇر.
كىمكى جاھىلدۇركى ھەمدۇر جەڭگى جۇي،
سەن ئانىڭ سۆزىگە كىرمەكلىكنى قوي.
چۈنكى كىردىڭ خار بولدۇڭ شۇل زەمان،
تۇت قۇلاغىڭغە بۇ پەند، ئەي نەۋ جەۋان.
جەھلىدىن سۇلتانىنى ھەركىم خار ئېتەر،
بىگۇمان باشىغە رەسۋالىغ يېتەر.
ئاڭا ھەم نادانىيۇ خارى يېتەر،
كەد خۇدالىغ مەردۇم ئازادە ئېتەر.
كىم زەبەردەستلىكتە ئول مەشھۇردۇر،
خارلىق يەتكەي، تەماشاسىنى كۆر.
كىم سېنىڭ سۆزۈڭگە سالماپدۇر قۇلاق،
سۆزلەمە، بەلكى ئۆزەڭ تۇتغىل يىراق.
دۇشمەنىڭدىن ھاجەتىڭنى ئىزلەمە،
خار بولساڭ سوڭ كىشىغە سۆزلەمە.
بىئەقىللەردىن مۇراد ئىستەرنى قوي،
كەلمەسۇن خارى بەناگەھ روبەروي.
خاتۇنۇ گۇدەككە ھەزل ئەتمەڭ يەنە،
تاكى بولماڭ خارۇزارۇ مۇپتىلە.

## ئالتە ئىش بىرلەن ئۆزۈڭ قىل پەرۋەرىش

بۇ جەھاندىن ئالتە ئىشنى ئۇشلەغىل،
ئالتە ئىش بىرلەن دىلىڭنى خۇشلاغىل.
ئەۋۋەل ئول بولغاي تەئامى خۇشكار،
ھەم يەنە يارى مۇۋافىق، ئەي نىگار.
باز مەھبۇبىكى باردۇر مېھرىبان،
راست سۆزدۇر يانە بىرى ئەي جەۋان.
ھەرنەكىم ئالەمدە ئەرزان ئۇلغۇسى،
ئەقلى كامىل مەردى شادان ئۇلغۇسى.
كىمغە ئادەتدۇر تىلەر ھەقدىن نەجات،
ئول كىشى تاپقان ئېرۇر گەنجى سەبات.
ھەرنە ئىستەرسەن، قوزۇم، ھەقدىن تىلە،
بەرمەسە سەن ئەيلەگىل ئاندىن گىلە.
چۈنكى ھەقدىن ئۆزگە ھامى بولماغاي،
خەلقدىن نەفئۇزەرەر ھىچ كەلمەگەي،
كىمكى قورقۇپدۇر خۇدانىڭ قەھرىدىن،
ھەركىشى قورقار ئول ئەردىن، ئەي ئەمىن،
كىم تىلىن بەد سۆزلەمەكدىن قىلدى پەست،
قىلدى شەيتانى لەئىننى زىرى دەست.

## بەش كىشىدىن كۆرمەگەيسەن بەش ئىشى

بەش كىشىدىن بەش ئىشى كەلمەس ۋۇجۇد،
ئايتايىن خۇب ئاڭلا، ئەي ئەھلى سۇجۇد.
بولماغاي ھەرگىز سىپاھگە دوستلۇغ،
ئاڭلاغىل جان بىرلە، ئەي ئەقلى ئۇلۇغ.
سىفلەدە ھەرگىز مۇرۇۋۋەت بولماغاي،
مېھتەرى بەدخۇگە لايىق كەلمەغەي،
ئولكى ھەم كەززاب ھەم يالغان ئېتەر.
بىۋەفالىغدە ئانىڭ ئۆمرى ئۆتەر.
يا ھەسەدلىك بولدى كىم ئول مالىغە،
كەلمەگەي ھەرگىز بۇ دەۋلەت ئالىغە.

## بىلسەڭىز ئۈچ ئىش سەئادەت باشىدۇر

بولسە ھەركىمغە ئۈچ ئىش ئادەت ئەگەر،
بەخت ئىلە دەۋلەت ئاڭا تاپغاي زەفەر.
ئولكى ئىھسانىنى بىمىننەت ئېتەر،
ئۆزىنى ئول لايىقى رەھمەت ئېتەر.
بولسە گەر ئەيبى بىراۋدە ناگەھان،
ھەم مەلامەت ئۇزرە ئول ئاچماس زەبان،

كىمنى كۆرسەڭكىم ئىشدۇر ناسەۋاب،
سال ئانى ئوتۇڭ يولغە، ئەي ئالىجەناپ.
زەھمەتى كارىڭنى ئەلدىن دۇر قىل،
ناپىسەندلىك بارىڭى مەھجۇر قىل.

## ئەيشۇ راھەت پەندنىڭ پاداشىدۇر

تۇشسە باشىڭغە ئەگەر ھۇكمى قەزا،
بول ئاڭا، ئەي بەندە، جان بىرلەن رىزا،
كىمدە بولسە دانىشۇ ئەقلۇ تەمىز،
بەرمەگەي غەير ئەز خۇداگە بىر مەۋىز.
سەدقەئىكىم بولسە ئالۇدى رىيا،
ئول قاچان بولغايكى مەقبۇلى خۇدا.
ھەر ئەمەلكىم خالىس ئېرمەس، مىسلى زەر،
قەلبدۇر، تائەت دېمەس ئەھلى نەزەر.
سەن تەۋانگىرلىكنى قىلساڭ ئىختىيار،
ئارزۇنى تاشلاغىل، ئەي بەختىيار.
ھەم يەنە سۆزلەردە تۇت سىدقى زەبان،
بەئەزان ھەفزى ئەمانەت قىل بەجان.
كىمكى بولسا مانىئى ئۇشرۇ زەكات،
يانە بىئەركان ئۆتكەرسە سالات.
پىش مەردۇم كىمكى رازىڭ پاش ئېتەر،
ئول كىشى ئەلبەتتە باشىڭغە يېتەر.
پۇر ھەزەر بول بۇ كىشىدىن زىنھار،
تا مۇبادا كۆككە يەتكۇرمەي دىمار.
ئەي قوزۇم، دەۋلەتغە تەكيە قىلماغىل،
نۇكتەنى ناسىھ سىرىدىن ئاڭلاغىل،
چۇنكى كەم ئەيلەر ۋەفا بۇ رۇزگار،
سەن بۇ دۇنيا دەۋلەتىنى دېمە يار.
كىمكى ساڭا غەم كۇنىدە ياردۇر،
رۇزى شادى يوقلارىڭ ھەم باردۇر.
ئادەمىنى يوقلاساڭ نىئمەت كۇنى،
يوقلاغاي مېھنەت كۇنى .ئول ھەم سېنى.
مەئرەفەت ھاسىل قىل، ئەي جانى پەدەر،
تا تاپاي دېسەڭ خۇدايىڭدىن خەبەر.
كىمكى ئاڭا مەئرەفەت ھاسىل ئەمەس،
ھېچ بىر مەقسۇدىغە ۋاسىل ئەمەس.
كىم خۇداغە ئارىفى سادىق ئەمەس،
قۇربى ھەقگە ئول كىشى لايىق ئەمەس.
كىمكى ئارىفدۇر خۇداگە، ئەي پىسەر،
ئول بەقا ھەردەم فەنا ئۆزرە تاپار.
ئارىف ئول بولغايكى بولدى ھەقشۇناس،
ئارىف ئەرمەسلەرنى دېمەس جىنسى ناس،
كىمكى ئاڭا مەئرەفەت بەرسە خۇدا،
غەيرى ھەق بولماس ئانىڭ كۆڭلىغە جا.
بولغۇسى ئارىفنى كۆڭلىدە ۋەفا،
كارى ئارىف جۇملە بولغاي باسەفا.
تابماس ئارىف مالۇ دۇنيادىن خەتەر،
بەلكى بولماپتۇر ئاڭا ھەرگىز زەرەر.
ھىممەتى ئارىف تەئالا ھەق ئېرۇر.
كىم ئۆزىدىن فانىئى مۇتلەق ئېرۇر.
ئارىفى دۇنياۋۇ ئۇقبادىن فەراغ،
بەلكى بولغاي غەيرى مەۋلادىغ فەراغ.

## بۇ بەياندۇر ۋەرەئدىن، ئەي قوزۇم

سەن ۋەرەئكە بول مۇدام سابىت قەدەم،
مۇئتەبەر بولماق كۆڭۈلدە بولسە ھەم.
باۋەرەئكە تەرسى ھەق پەيدا بولۇر،
بولسە ھەركىم بى ۋەرەئ رەسۋا بولۇر.
كىمكى ئالسە ئول ۋەرەئ ئىلمىن سەبەق،
ئۆزنى ئالىش قىلغۇسى ئەز غەيرى ھەق.
بولسە كىم تەقۋا لىباسى بىرلە راست،
ھەر ئىشدۇر ھەق ئۇچۇن بىكەمۇ كاست.
كىمكى دەئۋا قىلدى ھەقنى دوستىن،
بىۋەرەئدۇر ئاڭلاغىل كازىبلىغىن.
نە ئېرۇر تەقۋا هارامۇ شۇبھە، تەرك
قىل، لىباس ئىچمەك يېمەكدىن ئەي بەدەرك.
ھەرنەكىم ئاڭا دۇر ئەقۋايى ھەلال،
ئول ھەم ئەربابى ۋەرەئلەرگە ۋەبال.
چۇن ۋەرەئ ھەم يارى بولدى ئىلم ھەم،
جەننەت ئالدىڭ بولسە ئىخلاسىڭ بەھەم.

ناگەھان، ئەي بەندە، سەن قىلدىڭ گۇناھ،
تەۋبە قىل دەرھالۇ ئاندىن قىل پەناھ،
گەر گۇناھى نەقدى كەلدى باۋۇجۇد،
بولسا تەۋبەڭ نىسيە تاپماڭ ھېچ سۇد.

## كەلسە مىھمان خىزمەتىنى تۇت لەزۇم

ئەي بەرادەر، ئەيلە مىھماننى ئەزىز،
تا ئەزىز تۇتسۇن سىنى ھەم ئۆزگە نىز.
مۇئمىنى مىھماننى كۆڭلىن خۇشلادى،
ئول يولىن جەننەت سارىغە باشلادى.
كىمكى تەبئى تاپتى مىھماندىن مەلۇل،
ئاندىن ئازۇردە خۇداۋۇ ھەم رەسۇل،
بەندە ئىكىم خىزمەتى مىھمان ئېتەر،
ئۆزىنى شايىستەئى رەھمان ئېتەر.
كىمكى مىھماننى كىرامى ئەيلەدى،
كۇششىن بانىك نامى ئەيلەدى.
مىھمان ئۆز رىزقىنى ئالىپ كېلۇر.
ھەم گۇناھى مىزبان نابۇد بولۇر.
كىمنى گەر بولسە ئۆيىدە دۇشمەنى،
دۇر قىلغاي مىھماننى مەقدەمى.
ئەي قوزۇم، مىھماننى بەس ئەغراز قىل،
چۇنكى مىھماندۇر ئەتاھارىي جەلىل.
كىمكى مىھمان خاتىرىن ئەئراز ئېتەر،
كەلسە گەر كافىر ئاڭا دەرباز ئېتەر.
كىمكى مىھمانغە چىرايىن تۇتتى خۇش،
ئول خۇدادىن لۇتف كۆپ كۆرگەي بەدۇش.
مىھماندۇر بەس ئەتاھايى كەرىم،
كىم ياشۇندى مىھماندىن دۇر لەئىم.
بولسە مىھمان ئام يا خاس، ئەي كەرىم،
سەن ئانى ئالدىغە كەلتۇرگىل نەئىم.
سەن تەكەللۇفدىن ئۆزۈڭنى تۇت يىراغ،
تاكى ئاندىن قالماسۇن كۆڭلۇڭدە داغ.
گەر تەكەللۇف قىلساڭ، ئايا ئەي ئوغۇل،
خاتىرىڭ بولغاي ئىكىنچىگە مەلۇل.
ئازۇ كۆپدىن ھەرنەئى بارىڭنى سەن،
سەرف قىل مىھمان قاشىغە بىسۇخەن،
نان بەرسەڭ فى سەبىلىللاھ بەر،
فى سەبىلىللاھ بىرىپ جەننەتكە كىر.
كىم يالاڭغاچغە بىرىپدۇر جامەسىن،
ھەق بىرۇر رەھمەت سارىدىن تامەسىن،
سەن چىقارساڭ ھاجەتى مۇھتاجنى،
كۆرەسەن دەۋلەت باشىغە تاجنى،
كەلسە دەۋلەت ناگەھان، ئەي بەختىيار،
خەير قىلغىل ھەم نىھانۇ ئاشكار.

## بۇ بەياندۇر بەخىللارگە سەزا

ئەي قوزۇم، ھەرگىز يېمە نانى بەخىل،
ئاچدىن ئۆلسەڭ بولمە مىھمانى بەخىل.
نانى مۇمسىكدۇر تولا رەنجۇ ئەزاب،
بىرەدۇر نانى سەخى بۇيى گۇلاب،
بىتەلەب ھەرگىز بىراۋنىڭ خانىغە،
بارماغىل كۆز سالماغىل ھەم نانىغە.
ھەر خەسىسدىن ياخشىلىقنى تۇتمە كۆز،
ساڭا گەۋھەردىن زىيادە بۇ رەمۇز.
ھەرنە خەير ئەتسەڭ ئۆزۈڭدىن كۆرمەگىل.
ھاجەتىڭنى ماسىۋادىن سورماغىل.
خەير قىلساڭ قويماغىل مىننەتكە يۈز،
بىتماغىل ناگەھ مۇكافاتىغە كۆز.

## سەختى دىللارگە ئەلامەت ئۈچ ئېرۇر

سەختى دىلغە ئۈچ ئەلامەت باردۇر،
كۆرسەڭىز يۈز تولغاماق دەركاردۇر.

www.uyghurkitap.com



كىم زەئىفلەرگە قىلۇر جەۋرۇ سىتەم،
بى قەنائەتلىكدەدۇر مەشھۇر ھەم.
ھەم نەسىھەت ئېيلەسەڭ ھەرچەندە گەر،
سەخت كۆڭلىغە ئانى قىلماس ئەسەر.
ھەركىمنىڭ ھەم ھەياسى بولماسە،
ھاجەتىڭنى بارىپ ئاندىن ئىستەمە.
ھەر سەھەر تۇرغىلۇ ئىستىغفار قىل،
فۇرسەتى تاپساڭ خۇداغە كار قىل.
ھەمنىشىنىڭ بولسە غەيبەت قىلماغىل،
غەيرى شەيتان بولسە لەئنەت قىلماغىل.

## مالۇ دۇنيانىڭ تەمامى پۇچ ئېرۇر

پارچە مالىڭدۇر قولۇڭدە ئارىيەت،
گەر ئەجەل كەلسە كېتەرسەن خالى يەد.
ئارىيەتلەردىن ئۆزۈڭنى قىل خەلاس،
ھېچكىم گورىغە ئېلتماس زەرپالاس.
كىمنى كۆرسەڭ ھاسىلىدۇر ھەمچۇنىن،
ئۈچ قارى گەرباسۇ ھەم ئۈچ گەز زەمىن.
بەلكى ئۇشبۇ ھەم گۇمانى بەندەدۇر.
نەچچەلەر بىگورۇ بىگەرباس ئېرۇر.
بەس تىرىكسەن ھاجەتى مەردۇم چىقار،
تاكى بەرگەي ھاجەتىڭنى كىردىگار.
ھەرنە بەردىڭ ھەق يولىغە باقىيدۇر،
ھەرنەكىم ئېلكىڭدەدۇر، ئول فانىيدۇر.
بولدى بۇل دۇنيا مىسالى قەنتەرەھ،
بارچەدۇر ئول قەنتەرەھكە ئەھلى رەھ.
كىمكى بۇ كۆفرۇككە قىلسە خانەئى،
دېمە ئاقىل، بەلكىدۇر دىۋانەئى.
مالۇ ئەۋلاد ھەممەئىدۇر دۇشمەنىڭ،
گەرچە ئول ئالدىڭدەدۇر كۆز رەۋشەنىڭ.
«ئىننەما ئەمۋالەكۇم»نى ياد قىل،
مالۇ مۇلكى بۇ جەھان بەرباد قىل.
فەقرۇ دەرۋىشى سەفايى بەندەدۇر،
چۇنكى ئول يەردە رىزايى بەندەدۇر.
كىمكى ئول بەندى زىيادەت بولغۇسى،
دۇشمەنى ئەھلى سەئادەت بولغۇسى.

## بۇ بەيان كەلدى سەخىغە تۇھفەئى

بول ھەمىشە بەس جەۋانمەرد، ئەي ئەخى،
چۇنكى بولماس دەۋزەخى ھەرگىز سەخى.
بار سەخىنىڭ يۇزىدە نۇرۇ سەفا،
چۇنكى جەننەتدە قەرىنى مۇستەفا.
ھەق دەرى جەننەتكە، ئەي نىكۇ سىرىشت،
بىتدى دەپ جايى سەخى بولغاي بىھىشت.
ھەم جەھەننەمنىڭ سەخىغە ئىشى يوق،
دەۋزەخە غەير ئەز بەخىل بىر كىشى يوق.
پىشە ئەھلى بۇخلغە تەلبىسدۇر،
ھەمدەمى دەۋزەخدە ھەم ئىبلىسدۇر.
مەۋسۇفى دەۋزەخدە ئاتىدۇر سەقەر،
ئەھلى بۇخلۇ كىبرىغە بولغاي مەقەر.
ھېچ مۇمىسك تاپماغاي سۈيى بىھىشت،
بەلكى ئاڭا يەتمەگەي بۇيى بىھىشت.
ئادەمىلىغ بىرلە بەس مەشھۇر بول،
كىبرۇ بۇخلۇ كىنەدىن ھەم دۇر بول.
ھەم سەخى بولغىلۇ بولغىل بىنەزىر،
تا سېنىڭ بولغاي دىلىڭ بەدرى مۇنىر.

## ھەم مۇنافىق دەۋزەخىغە تۇھفەئى

ئۈچ ئەلامەت بار مۇنافىقلار ئارا،
ئول ئۈچۈن مەقھۇر باقەھرى خۇدا.

بىرىدۇركىم ۋەدىغە قىلغاي خىلاپ،
سۆزىدە بولماس بەغەير ئەز كىزبۇ لاپ.
ھەم يەنە ئولكىم ئىمانەت بولغۇسى،
ھەم ئامانەتكە خانەت قىلغۇسى.
ۋەدەسىدە بولماغاي ھەرگىز ۋەفا،
ئول ئوچۈن يۈزىدە يوق نۇرۇ سەفا.
بەس مۇنافىقدىن بەرۇ پەرھىز قىل،
تىغنى قەتلىغە ھەردەم تىز قىل.
كىم مۇنافىق بىرلە ھەمدەم بولغۇسى،
جايى بىل سەككىز جەھەننەم بولغۇسى.

## ئەھلى جەننەتلەرگە ئۈچ خىسلەت بولۇر

كىمدە بولسە ئۇشبۇ ئۈچ خىسلەت ئەگەر،
بىشەكۇ بىخەۋف جەننەتكە كىرەر.
بىرى شۇكرى نىئمەتۇ ھەم بىرى سەبىر،
ھەم بىرى دىلنى جۇلاسىدۇر بەجەبىر.
كىم گۇناھىغە چۇ ئىستىغپار ئېتەر،
ئاتەشى دەۋزەخدىن ھەق ئازاد ئېتەر.
كىمكى قورقۇپدۇر خۇدايىدىن تەمام،
ئۇزر ئېتەر جۇرمىغە ئول دائىم مۇدام.
مەئسىيەتنى كىمكى پەي دەر پەي قىلۇر،
ئۆزىنى دەۋزەخ سارىغە شەي قىلۇر.
خەير قىلساڭ ئۆز قولۇڭدىن ئەيلەگىل،
فەقرلەر كۆڭلىنى تەسكىن ئەيلەگىل.
بىر دەرەمنى كىمكى ئىلكىدىن بېرۇر،
ئۆلگەنىدە يۈز دەرەمدىن ياخشىدۇر.
ھەرنە بەردىڭ قىلماغىل ئاڭا رۇجۇئ،
گەرچە ئارتۇر ساڭا ھەردەم خەۋفى جۇئ.
بەرگەنىڭنى ئارقەسىغە تۇشكەنىڭ،
بەس قۇسۇپ يۇتقان كىشىغە ئوخشاردىڭ.
شادلىقنى مالۇ زەردىن ئىستەمە،
ئانچەكىم بەردىڭ دىگەردىن ئىستەمە.
شادىئى دۇنيا سەراسەر غەم ئېرۇر،
چۇنكى بىشەك كىنىدىن ماتەم ئېرۇر.
ئەمرى «لاتەفرەھنى» دۇنيادىن ئىشىت،
شادلىق جايى ئەمەسدۇر، ئەي يىگىت.
دوست تۇتماس شاد ئولغانلارنى ھەق،
بۇ تەرىقە بەردى ئۇستازلار سەبەق.
فەيزى ھەقدىن شادىمان ئولساڭ رەۋا،
لىك دۇنيادىن سۆيۈنمەكلىك خەتا.
ئاخىرەتدىن كىمكى بىئەندىشەدۇر،
ئاقىبەت پايىغە بىلگىل تىشەدۇر.
تار تىرىكسەن بەندەئى مەئبۇد بول،
باسەخاۋۇ باھەياۋۇ جۇد بول.

## بىر نەچە ۋەقت ئۇخلاماغلىق بەد بولۇر.

ھەر كۈنىنىڭ ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى،
ئۇخلاماق بولدى ھەرام، ئەي سەرۋەرى.
ئەھلى ھىكمەتلەرگە بەس كەلمەس سەۋاب،
ئافتابۇ سايە ئورتاسىدە خاب.
قىلما ھەرگىز، ئەي قوزۇم، تەنھا سەفەر،
چۇنكى تەنھالىكدە ھەر خەۋفۇ خەتەر.
قولنى قاتتىق يۈزگە ئۇرماق شۇم - شۇم،
ئولتۇرۇشنى ئەيلە بائەھلى ئۇلۇم.
كېچەسى ئايىنەغە باقماق خەتا،
كۈندۈزى كۆرسەڭ يۈزۈڭنى دۇر رەۋا.
ئۆي ئەگەر تەنھاۋۇ ھەم تارىكدۇر،
كىرمە يالغۇز ئۆيگە ئەقلىڭ نىكدۇر.
چارپالارنى قەتارىدىن يانا،
ئۆتمەگىل زىنھار، ئەي ساھىب دۇئا.
چۇنكى ئۆتسەڭ رىزقى روزىڭ كەم بولۇر،
ھەرنە يادىڭ زىھنىدىن بەرھەم بولۇر.

uyghurkitap.com



جايى خابە كىمكى ئۇريان ئۇخلادى،
كەمبەغەللىك ئانى ھەردەم يوقلادى.
بولماق ئۇريان ھەم فەقىرلىك كەلتۇرۇر،
غۇربەتى بىسيارۇ پىرلىك كەلتۇرۇر.
ھەم جەنابەتدە تائامنى يېمەكلىك،
ئاتە – ئانە ئاتىنى ھەم دېمەكلىك،
ھەم ئاياغ ئاستىغە سالسالىڭ نان ئۇشاغ،
ئىشتىپ كۆڭلۈكىغە ئال، ئەي ئەقلى ساغ.
ھەم بەھىر چۇبىلە تىشنى كولادىڭ،
كالتەك ئالىپ دەۋلەتىڭنى قوغلادىڭ.
يۇۋماغىل قولۇڭنى خاكى گىل بىلەن،
دەۋلەتىڭ كەتسە، ئالالماڭ پۇل بىلەن.
ئاستان ئۇستىغە ھەم قىلما نىشەست،
كەم بولۇر روزۇڭ سىنى، ئەي ھەقپەرەست.
تەكيە قىلمە باز باپەھلۇيى دەر،
كۆپ كىشى كۆرگەن بۇ ئىشلاردىن زەرەر.
كېچەسى ئۆيۈڭنى جارۇب ئەيلەمە،
خاكى رۇبە ئۆيۈڭە توپ ئەيلەمە،
كىم خالا جاگە تەھارەت ئەيلەدى،
ھەرنە بارىن بىلكى غارەت ئەيلەدى.
جامەسىن تەن ئۇزرە تىكدى ھەر كىشى،
بىنەۋالىغدۇر ئانىڭ دائىم ئىشى.
كىم ئېتەك بىرلەن يۈزىنى پاك ئېتەر،
ھېچ گۇمان يوق رىزقىغە نۇقسان يېتەر.
ياخشى ئېرمەس پۈلەپ ئۆلتەرمەك چەراغ،
بارماسۇن دۇدى چەراغىڭ تا دىماغ.
ئۈزمىغىل سەقالە شانە مۇشتىرەك،
چۈنكى خاسانلار بۇ ئىشنى دەر ھەلەك.
ھەم سەقالىڭنى قۇرۇق قىلمە تاراغ،
نەگەھانى بولماسۇن دەۋلەت يىراغ.
قويماغىل ئۆيگە ئۇرۇمچى تارىنى،
خەرجى قىلمە قولدە ھەرنە بارىنى،
ئۇشلامە ھەم رۇزىغانىڭنى بەتەڭ،
ئاخىرەتىنىڭ يولىغە ھەم بولمە لەڭ،
كەچ بارىپ بازاردىن ھەم ئەرتە قايت،
كىمكى جانىڭ دوستىدۇر سىررىڭنى ئايت.
خەتم بولدىيۇ بەيانى داستان،
پەندنامە دۇر ئاتى، ئەي راستان.
شەيخ ئەتتارى ۋەلىنىڭ سۆزلەرى،
ھەر يەرەدۇر سۆزلەرى، بار ئۆزلەرى.

## سەبەبى تەبدىلى «چەھار كىتاب» پارسىدىن تۈركىغە ئانى بەيانى

ئەي ماڭا ھەمسۆھبەتى يارانى مەن
ئەسدەقاۋۇ دوستۇ جانانى مەن
ئەمدى ئاڭلاڭ بۇ كەمىنە ئەرزىنى،
خاتىرىدە ساقلاغان بىلغەررزىنى.
ئەل ئارا شۆھرەت تاپىپدۇر بۇ كىتاب،
باش ئاياغىندۇر ئانى ھەم تۆرت باب.
«چار كىتاب» ئېردى مۇسەممە ئەل ئارا،
پارسى تىل بىرلە بولغاندۇر ئەدا.
ھەربىرى ھەم ھەر كىشىدىن مەسنەدى
بارچەسى ھەم ئېردى ئەلغە مۇھتەدى
ئەۋۋەلىغە ئىسم بولدى «نامى ھەق»
ئۇل شەرەفىدىن بۇخارىدىن سەبەق.
ھەم ئىكىنچىيۇ ئۇچۇنچى نىسبەتى،
ئىككى ئەردىن ئېردى ئانى رىفئەتى.
ھەم بىرىسىدۇر جەلالىدىن كىشى،
ئەل ئىچىغە ئىلمۇ دانىش ۋەرزىشى.
ئۇل بىرىنىڭ ئىسمى نامەئلۇمدۇر،
ئەل ئارادا ھەم ئاتى مەئدۇمدۇر.
بولدى تۆرتىنچىنى ئاتى «پەندنام»،
شەيخى ئەتتارى ۋەلى ئۇل زۇلكەرام.
نەزم بىرلەن ئەيلەدى تەرتىب بەس،
كىمكى كۆرسە قىلدى پەندىغە ھەۋەس.

بارچەسى ھەم لايىقى ئەتۋار ئىدى،
ھەم مەسائىلى زەرۇرى بار ئىدى.
كاتىبى ھەم بەچچەلەر بولغان ئۈچۈن،
ھەم يەنە مەكتەبدە ئوقۇلغان ئۈچۈن.
ھەم زەمانىدىن ئۆتۈپ كۆپ فۇرسەتى،
بەس يېتىپدۇر تەرتىبىغە ئىللەتى.
ئانىڭ ئۈچۈن ھۆكمىغە تەھقىق يوق،
ھەربىرىدىن ھەم يەنە تەدبىق يوق.
بىلسە بولماستۇر غەلەتمۇ يا رەسا،
چۈنكى بىتىگەن ئانى كۆپ مەرھەبا.
بەس كۆرۈپ ھەردەم ئۆزۈمغە ئويلادىم،
ناگەھانىدىن قولىغە ئالسە كىم.
ئوقۇغان سۆزىغە كۆڭلى تولماسە،
كاشكى بۇل بىرلە مەشھۇر ئولماسە.
بەس يۇرۇپدۇر ئەل ئارا بىپايدە،
چۈنكى ئالماس مۇندىن ھېچكىم پايدە.
ھەم مۇسەننىفلەر بۇ ئىشدىن تيرەدۇر،
كېچە ـ كۈندۈز خاتىرى كۆپ خيرەدۇر.
چۈنكى ھەر گىردابىئى ئۈممىد ئەمەس،
كۆرمەگەي ئاقىل ئىشىن مەھزى ھەۋەس.
ئويلاپ ـ ئويلاپ ئۆزگە غەيرەت ئەيلەدىم،
مۇنى تەرتىبىغە ئۆزنى شەيلەدىم.
لېك تۈركى تىلنى كۆردۈم مۇڭا ئەپ،
بۇ ۋىلايەت مەردۇمىنى تۈركى دەپ.
نەزمىنى نەزم ئىلە تەرتىب ئەيلەدىم،
نەسرنى نەسر ئىلە تەركىب ئەيلەدىم.
بۇ ئۈچۈن كۆپ نۇسخەلەرنى جەمئ ئېتىپ،
مۇئتەبەر سۆزلەرنى ئاندىن ئاجراتىپ.

تاپىپ ئالىپ «چار كىتاب» دىن نەچچە خىل،
قايسى مەرغۇبدۇر بولۇبان ئاڭا مەيل.
بەس بەنا قىلدىم بۇ تۈركى «چار كىتاب»،
يادگار ئولغايمۇ ئەندەر شەيخى شاب.
«نامى ھەق» نەزمىغە ھەرفى قوشمادىم،
ئۆزگە سۆزلەرگە بارىپ ياپۇشمادىم.
«پەندنامە» ھەم بولۇپدۇر ئانچۇنىن،
بارچە پەندىن ئاڭلاغىل ئەتتاردىن.
لېك ئول ئىككىمغە، ئەي ئەھلى كەرەم،
مۇئتەبەر سۆزلەرنى قىلدىم دۇرج ھەم.
بارچەسىدۇر ئەلغە لابىدۇ زەرۇر،
ئوقۇماق بەس بارچەگە لازىم ئېرۇر.
نۇسخەئى تۈركىمغە تەبدىل ئەيلەدىم،
بەھرى ئالغاي تا قولىغە ئالسە كىم.
تەئرىخىن سوردىم خىرەددىن، ئەي پىسەر،
«نۇسخەئى تۈركى» دەبان بەردى خەبەر.
ئەيلەبان ئىسقات بىركەم ئوتتۇزىن،
«نۇسخەئى تۈركى» دىن، ئەي ساھىب نىگىن.
بولغۇسى پەيدا چۇ تەئرىخى تەمام،
بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئونۇ ئالتى، ئەي كىرام.
سورساڭىز ئاتىم ئۇبەيدۇللاھدۇر،
قەدرىم ئەھلى ئىلمگە بىر كاھدۇر.
ئوقۇغاندە، ئەي يارانلار، بۇ كىتاب،
دىل ئېرىبان ئىككى كۆزگە كەلسە ئاب.
شۇ زەمان ئەيلەڭ دۇئادە بىزنى ياد،
ھەق تەئالا شاد قىلغاي سىزنى شاد.
بەس دۇئادە خەتم بولدى بۇ كىتاب،
تىلدا با «ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب».

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلار ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئىسمايىل تۆمۈرى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان بەزى نادىر ژانىرلارغا پۇختا ئاساس سېلىنغان.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلار ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن بۇرۇن رۇبائىي ژانىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

رۇبائىي (ئەرەبچە، رباعى. كۆپلۈكى «رباعيات» — تۆتلۈك سۆزىدىن كېلىپ چىققان) شەرق شېئىرىيىتىدە كەڭ تارقالغان ۋە مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان شېئىرىي ژانىر. رۇبائىي كىچىك شېئىرىي شەكىل سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ۋە مۇقىم قانۇنىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە، مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىق ۋە خاسلىققا، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن پىششىقلىق ۋە ئىخچاملىققا، شەكىل جەھەتتىن تۆتلۈك بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ھەربىر رۇبائىينى ئۆز تېمىسى ۋە غايىسىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە ۋە مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

رۇبائىينىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيە تەرتىپى بولىدۇ، ئادەتتە رۇبائىيدا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالار قاپىيىلىنىپ كېلىدۇ. بەزى رۇبائىيلارنىڭ ھەممىلا مىسرالىرى ئوخشاش قاپىيە بىلەنمۇ كېلىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا بۇنداق رۇبائىيلار «تەرانەئى رۇبائىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرق خەلقلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ (XI ئەسىر) ۋە ئۆمەر ھەيياملار (XII ئەسىر) رۇبائىي ژانىرىغا ئاساس سالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە نەۋائىي بۇ ژانىرغا ۋارىسلىق قىلىپ نۇرغۇن رۇبائىيلارنى يازغان.①

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەزى نادىر ژانىرلار (مەسىلەن: رۇبائىي، تەجنىس، تۇيۇق) نىڭ شۇ دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى، يەنى بۇ ژانىرلارنىڭ قەدىمدىن قالغان مىللىي مىراسلىرىمىز ئىكەنلىكى روشەن نامايان قىلىنغان. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى بەزى چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.②

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان كىشىلەر شېئىرىيەتنىڭ رۇبائىي تۈرى پارس ئەدەبىياتىغا

---

① مەھمۇد زەيدى. سەمەت دوگايلىلار تۈزگەن «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دىن پايدىلىنىلدى.
② «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن پايدىلىنىلدى.

مەنسۇپ، رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئۆمەر ھەييام دەپ قاراپ كەلدى. نۆۋەتتە بىزگە مەلۇم بولغان تارىخىي ۋە ئىلمىي پاكىتلار بۇ يەكۈننىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى:

«تەگكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغو قىلدى قۇزغۇن تۇسىدەك بېشىم.
مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش ئەمدى دەيدۇ كەل،
بارۇرمەن نېرى گەر يەتمىسە ئەجەل»

دېگەن بېيىتلارغا قاراپ تەھلىل يۈرگۈزسەك،

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادى 1069 - يىلى) يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. ۋەھالەنكى 1926 - يىلى «لوندون شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتى» نىڭ مۇدىرى دېنسون گوس ئىسىملىك ئىنگلىز ئالىمىنىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە، ئۆمەر ھەييام 1040 - يىلى تۇغۇلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى يېزىلىپ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋايىغا يەتكەن مەزگىلدە ئۆمەر ھەييام ئەمدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئەسەرلىرى تېخى كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەنىدى.

«دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدىبلەر» لۇغىتىدە يېزىلىشىچە ئۆمەر ھەييام 30 يېشىدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى يورۇقلۇققا چىقىپ تارقىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رۇبائىيلىرى شەرقتىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. بىز يۇقىرىدىكى دەلىللىرىمىز ئارقىلىق شەرق خەلقلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىدا رۇبائىي ژانىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلانغان دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

بۇ يەردە شۇنى ئۇقتۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش زۆرۈركى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى دۇنيا مىقياسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. بىز بۇ ماقالىمىزدە پەقەت رۇبائىي ژانىرىنىڭ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى باشلامچىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتىمىز.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى 200 گە يېقىن رۇبائىينى بېيىت شەكلىدە يېزىپ قالدۇرغان. كېيىنكى تەتقىقاتچىلار تۆتلۈكلەر دەپ ئاتىغان بۇ بېيىتلار رۇبائىي ژانىرىنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئەسلى قول يازمىسىدا رۇبائىيلار قىزىل سىيادا، باشقا بېيىتلار قارا سىيادا يېزىلغان ئىكەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇئەللىپ ھەربىر كىچىك ماۋزۇلار بويىچە ئالدى بىلەن 10 - 20 بېيىتنى يازىدۇ - دە، ئاندىن شۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتتۈرگەن پىكىرلىرىنىڭ خۇلاسىسى تەرىقىسىدە تۆتلۈكلەرنى — رۇبائىينى بېرىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان داستانغا نىسبەتەن، رۇبائىيلار ئالاھىدە

www.uyghurkitap.com



كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىنى ئەنە شۇ 200 گە يېقىن رۇبائىيدىن ھەم كۆرگىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلار قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللىككە، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلۇققا ئىگە. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دراممىلىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مىتافۇرا) ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان. رۇبائىيلاردىكى تەسۋىرلەردە رېئالىزملىق روھ چاقناپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بىر قىسىم رۇبائىيلارنى مىسال كەلتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

ئەسلىسى:

1105: قارا ساچ ئۆرۈڭى ئۆلۈمدىن يۇمۇش،
قىلۇر ئول تىرىگكە تىرىكلىك كۈسۈش.
1106: تۇ نىمەت يەدىڭ مە تىرىگلىك يەدىڭ،
ئۆلۈم يەرسەنى سەن ئۇسانما ئۆكۈش.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

قارا چاچنىڭ ئېقى ئۆلۈم بەلگىسى،
تىرىككە ھاياتنى ئەزىز قىلغۇسى.
يېدىڭ قانچە نېمەت، تېتىدىڭ ھايات.
غاپىل بولما سېنى ئۆلۈم يېگۈسى.

بۇ رۇبائىيدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىشى لازىملىقى، غاپىللىقتا يۈرۈپ ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسە مەڭگۇ پۇشايماندا قالىدىغانلىقى يارقىن تىل بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز روبائىيلىرىدا ئەخلاقىي پەزىلەت توغرىسىدا دىداكتىك پىكىر يۈرگۈزۈپ ھاراقنىڭ، زىناخورلۇقنىڭ ئىنسانغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن خالىي ئادەم بولۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەسلىسى:

1337. بور ئىچمە زىناقا قاتىلما ھەزەر،
بۇ ئىككى چىغايلىق تونىنى كەدەر.
1338. بۇ بوردىن قوپار مىڭ يازۇقتا يۈرەك،
زىنادىن قاچار قۇت يۈزۈڭگە سۇدەر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.

ھاراق مىلى گۇناھقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۇزۇڭ تۆكۈلەر
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسكەر باشلىقى بولغان ئادەم جەسۇر، يۈرەكلىك بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمۇ جاسارەتلىك بولالايدۇ دېگەن پىكىرنى ئىت بىلەن ئارسلاننى تەمسىل قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

ئەسلىسى:
2047. كۆر ئارسلان بولۇ بەرسە ئىتقا باشى،
بو ئىت بارچا ئارسلان بولۇر ئۆز تۇشى.
2047. قالى بولسا ئارسلانغا ئىت باشچىسى،
ئول ئارسلان بولۇر بارچا ئىت ساقىشى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش.
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - پاسات توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ رۇبائىيلار يېزىلدى. لېكىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدەك جانلىق، ئوبرازلىق، كىشىنى قايىل قىلارلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمىدى.

ئەسلىسى:
3421. نەگۇ ئەر بولۇر كۆردىڭ ئەر دۇشمەنى،
مىگەر سۆزلەمەسە كۈنگە ئانى.
3422. بۆرىمۇ بولۇر كۆرگىل مىڭ ئىتلار قايار.
ئۇدۇلا ئەشتسە مىڭ ئىتلار ئۇنى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
نېچۇك ئەر سانالۇر مىڭلاپ دۇشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.
كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

مۇئەللىپ ئېيتقانىدەك مىڭلاپ ئىتنىڭ قاۋىشىغا پىسەنت قىلماي ئۆزىنىڭ ھەققانىي ئىشىنى داۋام قىلدۇرالىغان ئەرنى ھەقىقىي ئەر، ھەقىقىي ئەزىمەت دېيىشكە بولىدۇ. ئىتتىن قاچقانىنى قانداقمۇ بۆرە دېگىلى بولسۇن!
بىلىمنى ئۇلۇغلاش، بىلىمنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەش «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كى رۇبائىيلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى.
بىز تۆۋەندىكى رۇبائىيلاردىن بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەن كۆرەلەيمىز.

ئەسلىسى:

1780. بىلىكسىزكە دەۋلەت كەلۇر ئەرسەقۇت،
بۇدۇت بارچا بۇزلۇر بولۇر ئەلگە يۇت.
1781. ئۇقۇشلۇقتا تەگسە ئادىن بەگلىكى
ئەلىن ئىنچكە تەگرۇر بۇ بىر سۆزگە پۇت.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر بولۇر ئەلگە جۇت.
ئەقىلىقتا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھوزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.

ئەسلىسى:

2626. ئۇقۇش بىرلە ئۇق ئىش، بىلىك بىرلە بىل
كۆنۈڭ بولسا قۇتلۇغ قۇتاد سۇنى يىل
2627. تەتىكلىك بىلە ئەر تىلەككە تەگىر،
بىلىك بىل، ئۇقۇش ئۇق، ئىشىڭ ئۆترۇ قىل.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

ئەقىل بىرلە ئۇق ئىش، بىلىم بىرلە بىل،
كۆنىڭ بەخت قۇچسۇن قۇتاتسۇن ئۇ يىل.
چېچەنلىك بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر،
بىلىم بىل، ئەقىل تاپ، كېيىن ئىشنى قىل.

ئەسلىسى:

3168. بىلىك بىرلە يازلۇر قامۇغ تەرس تۇگۈن،
بىلىك بىل ئۇقۇش ئۇق تىرىلگىل ئۆگۈن،
3169. بىلىك ئىشكە تۇتغىل تاقى تىل كۆنى،
تاقى ئۆگرەنۇ تۇر ئۇسانما بۇكۈن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

بىلىمگە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن،
بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

مۇئەللىپ بەزى رۇبائىيلىرىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى، شەخسىيەتچىلىك، ئۇ-

زۇمچىلىلىك نۇقسانلىرىنىڭ كىشىلەرگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى يازسا، بەزى رۇبائىيلىرىدا ئادەمنىڭ كۆركى ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىردەكلىكى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئادەمگە سىرتقى كۆرۈنۈشىگىلا قاراپ باھا بەرمەسلىك كېرەكلىكى توغرىسىدا دىداكتىك نەسىھەت قىلىدۇ.

2307: بوش ئازاد كىشى بارچا ئەزگۈ قۇلى،
سەن ئەزگۈ قىلۇ ئاچ كۆنىلىك يولى.
2308. كىشىلىك قىلۇرقا كىشى بول تۇشى،
كىشى مۇنداغ ئۇردى كىشىلىك ئۇلى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
ئازاد ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى.
قىلىپ ياخشىلىق، ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.
كىشىلىك قىلىشقا كىشى بول ھامان،
كىشى كۆردى شۇنداق كىشىلىك يولى.

ئەسلىسى:
2066. ئاغىز يۇك كىشىكە قىلىنچ ئارقۇقى،
قىلىنچ ئارقۇق ئەرسە بۇلۇت ئات ئۇقى،
2067. ياغى قىلماغۇسىن قىلىنچى قىلۇر،
ياغى بۇ ياغىدا نەگۇ ئاددۇقى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
ئېغىر يۇك كىشىگە ئۆزەمچىل قىلىق،
ئۆزەمچىل قىلىقتا ئۇق ئات، قارىشى چىق.
يېغى قىلمىغانىنى شۇ قىلىق قىلار،
يېغىدىن بۇ يېغى ئىچۇك پەرقلىق

ئەسلىسى:
2215. كىشى كۆركىڭە ئىچ قىلىقى ئەش ئول،
يۇزى كۆركى بىرلە قىلىنچى تۇش ئول.
2216. تاش كۆرسە تاپ تۇت ئىچىگە تانۇق،
تاش تەگ ئىچى ئول ئىچى تەگ تاش ئول.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچىدۇر ئاداش،
يۇزى كۆركى بىرلە قىلىقى قاياش،
تېشىنى كۆرۈپ بىل ئىچىگە گۇۋاھ
ئىچ ھەم بولۇ ئۇ تېشىغا ئوخشاش.

بىخۇدلۇق، غاپىللىق ئىدىيىلىرىنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ئىكەنلىكىنى، دۈشمەندىن ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇش لازىملىقىنى، ناۋادا دۈشمەن تاياق بىلەن ھوجۇم قىلىپ كەلسە ئۇنىڭغا تۆمۈرنى قالقان قىلىش لازىملىقىنى ھەرقانداق ئىش قىلغاندا كېڭەش بىلەن قىلىش لازىملىقىنى، كېڭەش بىلەن كۆتكەن ئارزۇ - ئارمانلارغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى رۇبائىيلاردا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن:

4262. ئۇ سانما ياغىقا ياقىن تۇرما كەت،
يا غىغ سەن ئۇ ساندۇر ئانى تورقايەت.
4263. سىنا ياغىغ سەن بەدۈك بىل ئۇلۇغ،
تاياقلىق ياغىغا تەمۈر قالغان ئەت،

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
غاپىل بولما ياۋدىن ئۆزۈڭ نېرى تۇر،
غاپىل ئەيلە ياۋنى، تورۇڭغا چۈشۈر.
كەمسىتمە دۈشمەننى، زور ۋە بۇ يوك بىل،
تاياق تۇتسا ياۋ، ئەيلە قالقان تۆمۈر.

ئەسلىسى:
5659. نەگۈ ئىش قىلۇرۇڭ كىشىكە كەڭەش،
كەڭەشمەز كىشىكە قاتىلما يىراش.
5660. قايۇ ئىشكە تەگسە كەڭەش ئۆترۇ قىل،
تىلەمىش تىلەككە كەڭەشىن تەڭەش.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:
نە ئىش قىلماق ئولساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.
نېچۈك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە قىل،
كېڭەش بىرلە كۆتكەن تىلەكلەر كىلە...

مۇئەللىپىنىڭ ساددا دىئالېكتىك پىكىرلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى روبائىيلاردا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئىلاھى كۈچكە بولغان ئېتىقاد مۇتلەق ھوكۇمرانلىق ئورۇندا تۇرغان تارىخىي شارائىت تۈپەيلىدىن ئاپتور گەرچە ئالەمنى خۇدا ياراتقان دېگەندىن ئىبارەت دىنىي قاراش بىلەن پىكىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىكى بايانىدا ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتى ھەققىدىكى بايانلىرىدا خۇراپاتلىقنى يوشۇرۇن ھالدا رەت قىلىدۇ ۋە قامچىلايدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتور ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەزىدە ئاشكارا ياكى ئاشكارا ھالدا ياقلايدۇ. بۇ خىل خاھىش تۆۋەندىكى رۇبائىيلاردا ئەكس ئېتىدۇ:

ئەسلىسى:

4083. نەچچە قول بەدۋسە قۇل ئاتى قۇل ئۇق،
بەدۋتمىش بەگكە تاپۇغچى ئول ئوق.

4084. نەچە بەگ كىچىك ئەرسە ئاتى بەگ ئۇك،
تاپۇغچى ئاتىندا بەگ ئاتى يەگ ئۇك.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

نېچچە قول چوڭايسا قۇل ئاتىدۇر قۇل،
چوڭايتقان بەگ ئالدىدا خىزمەتچى ئول،
كىچىك بولسا قانچە بەگ ئاتىدۇر بەگ،
خىزمەتچى ئاتىدىن بەگ ئاتى خوپ ئول.

ئەسلىسى:

5999. رەئىيەتقا ۋاجىب بەگى يارلىغى،
ئاغىز تۇتسا ئەشتىپ كىچىك ئۇلۇغى،

6000. ئاغىزلاغۇ بەگلەر ئۇزىن ھەم سۆزىن،
كەرەك ھىندۇ بولسۇن كۈمۈش يۇلۇغى.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

پۇقراغا ۋاجىپتۇر بېگى يارلىغى،
قەدىرلەپ ئۇنى چوڭ ـ كىچىك تۇتمىغى،
هۆرمەتلەش كېرەك بەگ سۆزىن ھەم ئۆزىن،
سېتىپ ئالغان ھىندۇ قۇل ئولسا تېخى.

يۇقىرىقى رۇبائىيلاردىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بەزى كۆز قاراشلاردا دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان مۇئەللىپنى هازىرقى دەۋرگە قويۇپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلىرىدا قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ (بەگ ۋە پۇقرانىڭ) باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكىنى، دۆلەتنىڭ ئادالەت بىلەن باشقۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەسلىسى:

821. كۆنىلىك ئۇزە بولدى بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك كۆكى ئول كۆنىلىك يولى.

822. تۇرۇ قىلسا ئەلكە كۆنى بولسا بەگ،
تىلەك ئارزۇ بولغاي بۇ قولسا قالى.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئەدىل بىرلە بەگ،
تىلەك - ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

مۇئەللىپىنىڭ بۇ خىل تەشەببۇسلىرى گەرچە ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق خاراكتېردىكى قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئەمەلگە ئېشىشى تەس بولسىمۇ، ئەمما 11 ئەسىرلەردە شۇ خىلدىكى ئىجابىي پىكىرلەرنىڭ قويۇلۇشى ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئايرىم دىۋان قىلىپ يېزىلغان بولماستىن، بەلكى ھەربىر كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا بايان قىلىنغان 20 - 10 سىرە بېيىتنىڭ ئاخىرىغا شۇ بېيىتلاردا ئىپادىلەنگەن شېئىرىي پىكىرنىڭ خۇلاسىسى تەرىقىسىدە بېرىلگەن ئاشۇ بېيىتلار بىلەن رۇبائىينى «كۆۋرۈكلۈك» رول ئوينايدىغان ئىككى مىسرا بېيىت بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

ياكى:

بۇ سۆزنىڭ گۇۋاسى شائىرنىڭ سۆزى،
شائىرنىڭ سۆزىدۇر بۇ سۆزنىڭ تۈزى:
نېمە دەيدۇ ئاڭلا، قېرىلار سۆزى،
قېرى سۆزى تۇتسا، ئېچىلغاي كۆزى:

سائادەت كىشىگە ھۇرككەك كېيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۈشەپ تېز ۋە بەك.
تۇتۇشنى بىلسە دەۋلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز گېزەك.
ئۇلۇغقا ھۆرمەت بۇ، جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۈتۈپ ئال ئۇنى.
كىرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىنىنى.

مانا شۇ خىل شەكىل بىلەن بېرىلگەن رۇبائىيلار «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى 6645 كۇپلېت بېيىتتا 200 دىن ئارتۇق بولۇپ، مۇئەللىپىنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇلى ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ رۇبائىيلارنى بىر قاراپلا باشقا بېيىتلاردىن روشەن پەرقلەندۇرۇشىگە ئاسانلىق ياراتقاندى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بۇ رۇبائىيلار سىخىما جەھەتتىن aaba، aabb، aaaa شەكىللىرىدە كەلگەن. ئادەتتە بىز رۇبائىينىڭ ئاساسىي شەكلى دەپ قاراپ كېلىۋاتقان aaba شەكىلدىكى رۇبائىيلار 180 كۇپلېتتىن ئارتۇق بولۇپ، قالغانلىرى aabb، aaaa شەكىللىرىدە كەلگەن. بەزى رۇبائىيلاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكىللىرى مەسىلەن، باش قاپىيىگە ئېتىبار بېرىش، بەزىدە باش ھەم ئاياغ قاپىيىلەرگە تەڭلا ئېتىبار بېرىشتەك ئەنئەنىۋى شەكىللەرمۇ ئۇچرايدۇ. گەرچە بۇ رۇبائىيلارنىڭ سىخېمىسى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن، مەزمۇن جەھەتتىكە بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي پىكىرلەرنى مۇئەييەن بىر بەدىئىي فورمىدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىگە غەيرىيلىك ھېس قىلدۇرمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمى شەكىلدە نەشر قىلىنغىنىغا 16 يىل بولدى. گەرچە بۇ داستانغا بېغىشلانغان مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ داستاندىكى رۇبائىيلار توغرىسىدا سىستېمىلىق، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى.

بۇ ماقالىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى، رېئال ئەھمىيىتى، بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىلمىي قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق، تەھلىلىمىزدە، تاللىشىمىزدا نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، تەتقىقاتچىلارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي ياردىمىگە مۇھتاجمىز.

# نەۋائىنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى تەسەۋۋۇپ ئىپادىلىرى ھەققىدە

ھەسەنجان ئابلىز

دېدى: ھەر ئىشنى قىلمىش ئادىمىزاد،
تەپەككۇر بىرلە بىلمىش ئادىمىزاد.
— نەۋائى

ئەلىشىر نەۋائى (1441 ـ 1501) نىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانى تىلىنىڭ گۈزەللىكى، سۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. گەرچە ئىلگىرى بۇ داستان توغرۇلۇق كۆپلەپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇلى بىلەن ئەسەر ھەققىدىكى تەھلىللەرنى نەۋائىي ياشىغان شۇ زاماندىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئىسلام دىنى مۇھىتى ئاستىدا، تەسەۋۋۇپ زېمىندا تۇرۇپ يارىتىلغان بۇ ئەسەردىكى تەسەۋۋۇپ كۆزقاراشلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ كەلدى. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرىنىڭ نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىللىق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن ئىزچىل تەسىرىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. بۇ ماقالىمىزدە نۇقتىلىق ھالدا فەرھاد ئوبرازى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىزچىل تەكىتلەنگەن مەزمۇن ئىنسانىي كامىللىققا يېتىش، فەنا (يوق بولۇش) ئارقىلىق بەقا (مەڭگۈلۈك) مەقامىغا يېتىش جەريانلىرى ھەققىدىكى تەھلىللەرنى ئېلىپ بارماقچىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى «ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن فېئودال كلىرىكال ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ، زۇلۇمىنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئادالەتسىزلىكنىڭ، نامراتلىقنىڭ ۋە ئۇلارغا قارشى قوزغالغان نارازىلىقلارنىڭ ئۇرلەپ كېتىشى ئارقىسىدا راۋاجلانغان، سىستېمىلاشقان، بىرقانچە تارماقلارغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلانغان» ① بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىملەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ساھەسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى كەڭ ئومۇملىشىپ، كۆپلىگەن ئەربابلار ۋە شائىرلار ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇپقا مەنسۇپ، دەپ قارىغان.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا «ۋۇجۇد (بارلىق) بىر، ئۇ بولسىمۇ ئاللا، ئۇنىڭدىن باشقا كۆرۈنگەن مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى، شۇڭا ئىنسان قەلبىنى پاكلاپ، مەنىۋى كامىللىققا يەتكەندە، ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ئەسلى

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. » ② ئوتتۇرا ئەسىردىكى، تەسەۋۋۇپ زېمىنىدا ئورغان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ئەسلى ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانداق قىلغاندا «مەنىۋى كامىللىق» قا يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل «مەنىۋى كامىللىق» قا يېتىشنىڭ جەريانلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، تەرەققىيات نەتىجىسىدە سىستېمىلاشقان قېلىپ بارلىققا كەلدى.

تەسەۋۋۇپ ئۆز - ئۆزىنى ئىدراك قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىنى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ — شەرىئەت، يەنى «قۇرئان» ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قانۇن - قائىدىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەۋرى، ئېنىقراقى تەييارلىق باسقۇچى. ئىككىنچى باسقۇچ تەرىقەت باسقۇچى — «شەيخ ياكى دەرۋىشكە شاگىرت بولۇپ، يەر يۈزىدىكى لەززەتلەردىن ۋاز كېچىش، نەپسىنى تيىش. . . خىلۋەتتە ياشاپ، مەنىۋى مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەقەت خۇدا توغرىسىدىلا خىيال سۈرۈش» ③ تىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچتىن كېيىن ئاخىرقى باسقۇچ ھەقىقەت باسقۇچى باشلىنىپ، «ئۆزىنىڭ ماھىيىتى خۇدا ماھىيىتى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئېنىقلاش» ④ئارقىلىق ئارىپ (تونۇغان) بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا دۇنيا ۋاستىسى بىلەن ئاخىرەتنى تېپىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا» ناملىق 43 - بابى زاھىدلىق يولىغا كىرگەن سوپىلار ھەققىدە «خەلققە خىزمەت قىلىشمۇ ئىبادەت» دەپ ھېسابلىغان مۇئەللىپىنىڭ قاراشلىرىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەسىلەن:

ياراتتى خۇدايىم بۇ ئىككى جەھان،
بىرىن تاپساڭ ئىزلە ئۇ بىرىن ھامان.
ئۈمىد، خەۋپ بۇ ئىككى قاناتتەكلا ئۇل،
كىم ئۇچسا بۇنىڭلە تاپۇر كۆككە يول ⑤

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللا ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن خىلۋەتتە ياشاپ، پۈتكۈل ئۆمرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاللانى ئىزدەشكە سەرپ قىلغان كىشىلەرگە «ئەنەل - ھەق» سۆزىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، دارغا ئېسىلغان مەنسۇر ھەللاجى؛ «ئاينى قۇدۇقتا كۆرمەي، ئاسماندا كۆرۈش» نى، «ئۆز - ئۆزىنى بىلگەن ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئىنسان — ئىنسانىي كامىل» بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن شەمسىددىن تەبرىزى؛ يالقۇنلۇق شېئىر مىسرالىرىدا:

ئايا، سىز جان چېكىپ، ھەرلەھزە ئىزلەرسىز ئىلاھىنى،
ئۇنى ئىزلەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھىي سىز، ئىلاھىي سىز! ⑥

دەپ جاكارلىغان جالالىددىن رۇمى ۋە شۇ تۈركۈمگە مەنسۇپ بولغان سەنائى، پەرىدىددىن ئەتتار، بايەزىد بەستامى، ھافىز شىرازى قاتارلىق شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىستىك روھى

چاقناپ تۇرغان ئەسەرلىرىدە كىشىلەرنى رېئال دۇنيادىن قول ئۈزمەسلىككە، ئۆز ھاياتىنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ۋە ئىشقىنى باشقىلارغا ئاتاشقا سەرپ قىلىپ، «ئىككى دۇنيالىق بەخت تىلەش» كە ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتى.

پەيلاسوپلار ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى ۋە ئۇنىڭغا يېتىشتىكى جەريانلارنى پەلسەپىۋى ئۇقۇم - ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكى بۈيۈك سىما نەۋائى چوڭقۇر ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا پەلسەپىۋى يول بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن سىرت، يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا خۇددى ئىنساننىڭ يېتىلىش يولىنى سىزىپ بەرگەن پەردىلەردىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت، - تەيىر» ئەسىرىدەك، ئىنسان ئىشقى ئۈچۈن ئاھۇ - پەرياد چېكىپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان، شۇ ئىشق سەۋەبىدىن تەسەۋۋۇپتىكى فەنا مەقامىغا يېتىپ، بەقا (مەڭگۈلۈك) بەختكە ئېرىشكەن ئاشىقنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ كۆرسىتىش ھەمدە تەركىدۇنيالىقتا ياشىغۇچى سوپى - زاھىدلارنىڭ فەنا بولۇش يولىغا قارشى ھالدا، ئىنساننىڭ كامىل ئىنسان بولۇش ئۈچۈن قايسى يوللارنى بېسىپ، فەنا مەقامىغا يېتىشتەك جەرياننى ئاشىقنىڭ مەشۇقى ئۈچۈن رىيازەت چېكىپ، ۋىسالىغا ئېرىشىش جەريانى بىلەن ئىپادىلەپ، بۇ خىل سىمۋوللۇق تەسۋىرىي بايان شەكلى ئارقىلىق، تەسەۋۋۇپ زېمىنىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى. دەل مۇشۇ خىل زۆرۈرىيەت فەرھاد ئوبرازىنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. «فەرھاد - شىرىن» داستانىدىكى فەرھاد ئوبرازىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى، «ئاشىقلارنىڭ شاھى»، «ئىنسانىي كامىللىقنىڭ چوققىسى» دەپ تەرىپلىنىپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلار ئىچىدە ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇز سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كېلىشى، نەۋائىيدىن كېيىنكى تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىغا فەرھاد ئوبرازىنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئەسەرلىرىدە ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىشىدىكى سەۋەب، دەل ئەسەردە فەرھادنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانىي كامىللىققا يېتىش يولى كۆرسىتىلىپ، فەرھادتىن ئىبارەت بۇ شانلىق ئۈلگە تىكلىنىپ بېرىلگەنلىكىدە بۇ پىكرىمىزنىڭ ئاساسىنى تۆۋەندىكى دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز:

بىرىنچى، دۇنيادىكى مەيلى قايسى خىل پەلسەپىۋى ئېقىم بولسۇن، ئىنساننىڭ مەنىۋى كامىللىقى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بارماي قالمىغان، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرى ئىنساننى ئاللانىڭ مۇقەددەس نۇرى ھەممىدىن كۆپ مۇجەسسەملەنگەن ئالىي مەخلۇق دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنى ئەسلى ماھىيىتى بولغان ئاللاغا قوشۇۋېتىش ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىنى تۇتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى — «ئالىي روھىي قۇرۇلۇش»، «روھىي كامالەتكە ئېرىشىش» بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي كامالىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، مانا مۇشۇ يول بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا تەسىر قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىنى «روھىي كامالەت» كە يەتكۈزۈپ، روھىي كامالەتنى قورال قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىزمىغا قارشى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىپ، جەمئىيەتتىن ئۆزگەرتمەكچى، مۇشۇ خىل يول بىلەن سوفىزم ۋە مىستىتسىزمنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ». ⑦ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، روھ بىلەن تەن ئايرىم بولۇپ، تەن روھنىڭ قەپىسى، ئىنساننى ئىنساندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدى-

www.uyghurkitap.com



غىنى تەن بولماستىن، بەلكى روھنىڭ دەرىجىسىدۇر. ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەت تەن ھەۋەسلىرىگە قۇل بولۇپ ياشاشتا ئەمەس، بەلكى ئۆمرىنى روھىنى پاكلاش ئۈچۈن سەرىپ قىلىپ ئۆتكۈزۈشتۇر. جالالىددىن رۇمى بۇنى ئوبرازلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «تېنىڭ بىر ئات، سەن — شۇ ئاتقا مىنگۈچىسەن.» ⑧

ئىبن سىنا: «ئادەم بەدىنى ۋە بىز بىلىدىغان دۇنيا، روھنىڭ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش مەكتىپىدۇر. ئەمما تەن مەنزىلىنىڭ ئاخىرى بولغان ئۆلۈمدىن كېيىن، روھ «دۇنيا روھى» بىلەن ياكى يىراق ياكى يېقىن باغلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» ⑨ دەپ قارايدۇ. ئۇ تېبابەت ئىلمى ئارقىلىق ئىنسان تېنىنى تەتقىق قىلسا، كىشىلىك پەلسەپىسىدە دىققەت – نەزىرىنى ئادەمنىڭ روھىنى چېنىقتۇرۇشقا قاراتقان. ئۇنىڭ «ئەش – شىفا» دېگەن ئەسىرىمۇ «كېسەل بولغان» ئىنسان روھىغا «شىفا» بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان. XII ئەسىردە ياشىغان ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئىبنى باجە «تەدبىرەل – مۇتەۋەھھىد» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە «ئادەم ئالللا بىلەن بىرلىشىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. شۇڭا پەلسەپەنىڭ نىشانى ئادەم روھىنىڭ قانداق قىلىپ ئالللا بىلەن قوشۇلۇشى ئارقىلىق تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش دېگەندىن ئىبارەت» ⑩ دەيدۇ. ئىبنى ئەرەبىمۇ (1165 ـ 1240) «ئىنسانىي كامىل توغرىسىدىكى ئۇقۇمغا ئىشەنگىنىدەك، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشاشلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى» ⑪ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان «بەختكە ئېرىشىش يولى» ھەققىدىكى ئۆلمەس ئەسەردۇر ⑫ روھ قەسرىنى نەقىشلەشنى تەشەببۇس قىلغان نەۋائىينىڭ ئەلۋەتتە روھنى پاكلاش، ئىنسانىي كامىل ھەققىدىكى پىكىرلەرنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە ئىشتىراكچىسى بولغانلىقى چوقۇم.

ئىككىنچى، مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 ـ 1848) نەۋائىينى ئۆزىگە غايىۋى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، رەتلەش، مۇتالىئە قىلىش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» ناملىق داستانىدا، نەۋائىيغا يۈكسەك باھا بېرىش بىلەن بىللە، فەرھادنىڭ سوقرات بىلەن كۆرۈشۈش تەسۋىرىدىن كېيىن، مۆئجىزە (پەندى ـ نەسىھەت) شەكلىدە ئايرىم ماۋزۇ بېرىپ، داستاندىكى سىمۋوللۇق ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى فەرھاد ئىزىدىن مېڭىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى باشقا داستانلارغا قارىتا نىزارىنىڭ موشۇنىڭغا ئوخشاش مۆئجىزە شەكلىنى بەرگەنلىكىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

«فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ 9 ـ بابىدا نەۋائى فەرھاد ئوبرازى ئۈستىدە توختىلىپ، كىشىلەرگە فەرھادتىن ئۆگىنىش توغرىسىدا تەشەببۇس قىلىدۇ:

ئۈمىدىم بۇكى ئول شەمئى تىرازى،
كى بولدى جان ئۆيىنىڭ جىلۋە سازى.
قۇياشتەك چەرخ ئەيۋانىن يارۇتقاي
كى ئانىڭ پەرتەۋى ئالەمنى تۇتقاي. ⑬

فەرھاد ئىزىدىن مېڭىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىسمايىل مەھزۇن شېئىرىدا:

«ئىستەسەڭ مەقسەد تىلسىمى جىسم ئارا فەرھادەك، ئەژدەھايۇ ئەھرەمەننى ئاھىڭ ئوقى بىرلە ئات.» «يار ئەكسىنى كۆڭۈل ئايىنەسىدە ئىستەسەڭ، ئەژدەھايى نەفس ئىلە فەرھاد يەڭلىغ ئەيلەجەڭ.» ⑭

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەشرەب، ئەرشى، زىيائى، غەرىبى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ بۇ خىل تەسىرنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، داستاندىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا چوڭقۇرلاپ نەزەر سالغىنىمىزدا، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن تاللىنىلغان سىمۋوللۇق ئوبراز ۋە جەريانلارغا قارىتا بىرمۇنچە سوئاللار تۇغۇلىدۇ: نېمە ئۈچۈن فەرھاد بارلىق زامان بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە تۆت قەسىر قۇرۇلۇشىدا نەققاشچىلىق ۋە تاش يونۇشنى ئايرىم ئىلىم سۈپىتىدە ئۆگىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن فەرھاد تۆت قەسىردىكى بىر يىللىق تۇرمۇشىدىن كېيىنلا ئاندىن ئۈچ تىلسىمنى يېشىشكە ئاتلىنىدۇ؟ ئۈچ تىلسىمنى يېشىش، خىزىرگە يولۇقۇش، جەمشىد جامىنى قولغا كەلتۈرۈش، سوقرات بىلەن كۆرۈشۈش تەسۋىرلىرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدىكى شۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىققان تاسادىپىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمىدۇ؟ سوقراتنىڭ فەرھادقا ئېيتقان گەپلىرى ئاددىي نەسىھەتتىنلا ئىبارەتمىدۇ؟ خەلق ئۈچۈن، ئىنسانغا بولغان چىن ئىشقى ئۈچۈن ياش تۆككەن، ھەتتا جېنىنىمۇ تەقدىم قىلغان فەرھادنىڭ ئەسەر ئاخىرىدا نەۋائى ياشىغان شۇ دەۋردىكى خىلۋەتتە ياشىغۇچى سوپى - زاھىدلار بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلغان جەننەتتە «ئاشىقلارنىڭ شاھى» بولۇپ، شىرىن بىلەن نۇرلۇق تەختتە ئولتۇرۇپ تەسۋىرلىنىشى يالغۇز نەۋائىنىڭ تراگېدىيىلىك يېشىمگە بېرىلگەن گۈزەللىك پىسخىكىسىنىڭ مەھسۇلىمىدۇ؟ ئەلۋەتتە، نەۋائى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەدەبىي ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى «رومېئو - جۇلىيتا» (شېكسپىر) غا ئوخشاش دۇنياۋى ئەسەر «فەرھاد - شىرىن» نى يازغانلىقى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان پاكىت، ئەمما ئۆزىمىزنى شۇ دەۋر شارائىتىغا قويۇپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق تەھلىل ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ داستاننىڭ يالغۇز ئاددىي مەنىدىكى ئاشىق - مەشۇق داستانىلا ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بۇ خىل بايقاش بىزنى بۇ كۆپ قىرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە داستان. ھەققىدە يەنە بىر نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىزگە تۈرتكە بولدى.

1. فەرھادنىڭ زامان ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشى.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە، ئاللا بىلەن ۋەھدەت تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم بىرىنچى باسقۇچ شەرىئەت باسقۇچىنى ئورۇنداش كېرەك. بۇ باسقۇچتا سوپى دىنىي مۇراسىملارنى ۋە شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى، تەقۋالارنى بېجىرىش، خۇداغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما، نەۋائى، تار دائىرىدىكى دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش كىشىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە مەھكۇم قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ھەم ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا ئىنتىلىشى، بۇ قوراللار ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بۇ تەييارلىق باسقۇچىنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن نەۋائى شەرىئەت باسقۇچىدىكى بىلىشكە تېگىشلىك بىلىم دائىرىسىنى ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. فەرھادنىڭ ئۈچ يېشىدىن 14 يېشىغىچە ئۇستازىنىڭ تەربىيىسىدە بارلىق زامان ئىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تەسۋىرلىنىشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ

ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. فەرھادنىڭ بىلىم دائىرىسى ھەققىدە نەۋائى مۇنداق دەيدۇ:

جەھانداق قالمادى ئۇل يەتمەگەن ئىلىم،
بىلىپ تەھقىقىنى كەسب ئەتمەگەن ئىلىم [15].

دېمەك، فەرھادنىڭ زامان بىلىملىرىنى ئۆگىنىش تەسۋىرى دەل تەسەۋۋۇپتىكى تەييارلىق باسقۇچ شەرىئەت باسقۇچىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان تىز سىزمىسىدۇر.

2. فەرھادنىڭ ئايرىم ئىلىم سۈپىتىدە نەققاشلىقنى ئۆگىنىشى، ئۈچ تىلسىملى يېڭىشى ۋە سوقرات بىلەن كۆرۈشۈشى.

تەسەۋۋۇپتا شەرىئەت باسقۇچى ئورۇندالغاندىن كېيىن، تەرىقەت باسقۇچى باشلىنىدۇ. «بېرتېلىسنىڭ قارىشىچە، تەرىقەتنىڭ ھەقىقەت تەرەپكە باشلىغۇچى يول مەسىلىسى قاتمۇقات مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇلارنىڭ ھەربىرى يولنىڭ ئاشۇ باسقۇچىدا يولۇچىغا خاس بولغان كۈچلۈك بىر روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.» [16] شۇ زاماننىڭ كۆزقارىشى بويىچە بۇ باسقۇچتا سوپى ئالدى بىلەن بىر خىل تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا كىرىشى كېرەك. مەلۇمكى، نەۋائى ياشىغا دەۋردە ئىسلام دىنىدىكى ھەرقايسى مەزھەپ، ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، گەرچە ئۇلار ئاللانىڭ بىرلىكىگە، «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئورتاق ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما تارىخىي سەۋەب ۋە ھەر خىل شەرت - شارائىتلار تۈپەيلىدىن بىر - بىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىنكار قىلىشاتتى. نەۋائىمۇ شۇ دەۋر شارائىتىدىكى ئىسلام ئۆلىماسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىشى، ئۆزىگە پىر تۇتۇشى تەبىئىي ئىش ھېسابلىنىدۇ. نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى خوجا باھاۋىدىن، «نەقشبەند» (نەقىش سالغۇچى)، «بالا گەردان» (ئاپەت يوقاتقۇچى) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەتلەنگەن. نەقشبەندىيە ئېقىمى مەنسۇر ھەللاجى (858-922)، پەرىدىددىن ئەتتار (1148 - 1229)، جالالىددىن رۇمى (1207 - 1273) لارنىڭ سوپىزمدىكى بارلىق رېئاللىقتا ۋە ئىنسانىيەتنى ئۇلۇغلاشقا يۈزلەنگەن گۇمانىستىك ئامىللاردىن شۇنداقلا ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئدىلەرنىڭ ئىلغار قاراشلىرىدىن ئوزۇق ئالغان. نەقشبەندى «سوفىزم قائىدىلىرىدىكى تەركىدۇنياچىلىقنى، ئوشۇقچە رىيازەت چېكىش ۋە خىلۋەتتە سۈلۈك تۇتۇش ۋاستىلىرىنى ئىنساننىڭ تەڭرى بىلەن «ۋەسلىي ئىلاھىيە» (قوشۇلۇش) كۆرسىغا يېتىشتىكى بىردىنبىر ۋاستە، ھەتتا ئاساسىي يول دەپ قارىمىدى. ئۇ سوفىزم قائىدىلىرىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە («ئەنجۇمەن»)، رېئال دۇنيادىكى ئىنسانىي ھاياتقا يۆتكەپ، گۇمانىستىك ۋە موشۇ دۇنيالىق پىكرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشكە ياندىشتى. ئۇ باتىنىدا (ئېچكى كۆڭلىدە) ھەق بىلەن، زاھىردا (سىرتقى ئەمەلىيەتتە) خەلق بىلەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى)» [17]. موشۇ ئاساستا دادىللىق بىلەن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، فەرھادنىڭ تۆت قەسىرنى ياساشقا قاتنىششى جەريانىدا ئايرىم ئىلىم سۈپىتىدە ماندىن نەققاشلىقنى ئۆگىنىش تەسۋىرىنىڭ بېرىلىشى دەل تەرىقەت باسقۇچىنىڭ بېشىدا تۇرغان سوپىنىڭ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىش ھەققىدىكى سىمۋوللۇق تەشبىھسىدىن ئىبارەت. موشۇ خىل لوگىكىلىق تەپەككۇر بويىچە ئىلگىرىلىسەك، فەرھادنىڭ تۆت قەسىرنى ساياھەت قىلىپ بىر يىلنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەنلىكى، دۇنيا نېمەتلىرىدىن كۆڭلىنىڭ سۇ ئىچمەسلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەرگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ:

تۆت قەسىر بىر يىلدىكى ۋە ئىنسان ئۆمرىدىكى تۆت پەسىلگە (تۇغۇلۇش، ياشلىق، قېرىش، ئۆلۈش) ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ نەزىرىدە، بىر يىلدىكى يېڭىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى باھار پەسلى بىلەن يېڭى ھاياتلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى، ياز پەسلى بىلەن ئىنسان ياشلىقى، كۈز پەسلى بىلەن ئىنسان قېرىلىقى، قىش پەسلى بىلەن ئىنسان ئۆلۈمى باغلىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، گارمونىيىلىك بىردەكلىك ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىدە كەڭ ئومۇملاشقان تۆت ئاناسىر كۆزقارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق.

تەرىقەت باسقۇچىدا تۇرغان سوپى ئۆزىنى تونۇپ، ئارىف بولۇش ئۈچۈن، ئۆمرىدىكى تۆت پەسىلدە فەرھادقا ئوخشاش دۇنيا نېمەتلىرىگە زىيادە بېرىلىشتىن قول ئۈزۈشى، ئۆز ۋۇجۇد قەسرىنى قايتىدىن نەقىشلىشى لازىم. يەنى ئادەمىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى قەسرىنى (بىرىنچى باسقۇچ) نەفسىنىڭ سىمۋولى ئەجدىھانى يېڭىش كۆرۈنۈشى بىلەن، ئىككىنچى قەسرىنى (ئىككىنچى باسقۇچ) قاراڭغۇ دىل سىمۋولى ئەھرەمەننى يېڭىش كۆرۈنۈشى بىلەن، ئۈچىنچى قەسرىنى (ئۈچىنچى باسقۇچ) جاھان تىلسىملىرىنىڭ سىمۋولى تۆمۈر كىيىملىك ئادەملەرنى يېڭىش كۆرۈنۈشى بىلەن، تۆتىنچى قەسرىنى (تۆتىنچى باسقۇچ) ئۆز-ئۆزىنى بىلىشتىكى يۇقىرى دەرىجىنىڭ سىمۋولى سوقرات دەرىجىسىگە يېتىش كۆرۈنۈشى بىلەن بېزىشى لازىم. ئەمدى نەۋائىي قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن تەرىقەتتىكى بۇ تۆت باسقۇچقا كېلەيلى:

1) نەفسىنىڭ سىمۋولى ئەجدىھانى يېڭىش.

نەفس ئىسلام دۇنياسىدا ئادەتتە بىۋاستە شەيتان بىلەن باغلىنىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئۇ ئەجدىھا قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلگەن. ئەجدىھا ئۆز خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن قورقۇنچلۇق، ھەيۋەتلىك، ئوت چېچىپ بارچە نەرسىنى دەم تارتىپ كېتەلەيدۇ. نەفسكە بۇ خىل قورقۇنچلۇق ھايۋاننىڭ سىمۋول قىلىنىشىدا ئۇنىڭ موشۇ خىل خۇسۇسىيىتى كۆزدە تۇتۇلغان. نەفس ئەجدىھاسى توغرۇلۇق ئابدۇرېھىم نىزارى «مەۋئىزە» سىدە مۇنداق دەيدۇ:

ھەسەد غارىنىڭ ئەژدەرى نەفسدۇر،
خەيالاتى فاسىد ئادا ھەبسدۇر.
رەھا ئەيلەگىل ئوقنى فەرھادۋار
كى ئەژدەر نىھادىدىن ئۆرلەت دەمار⑱.

«سەبئەئى سەييار» داستانىنىڭ خاتىمىسىدە نەۋائىي جاھان نېمەتلىرىنى (نەفسنى) ئەجدىھاغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل مەخلۇقاتنى يۇتۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى، پەقەت يوقلۇق ئالىمىگە يەتكەن كىشىنىڭ دەم تارتىلىپ كېتىلمەيدىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئەژدەھايىددۇرۇر بۇ دەھرى دەنى،
ئەلنى يۇتماقتۇرۇر شىئارۇ فەنى.
ئەلەمىن كۆرمەيىن دېسەڭ يوق بول،
سېنى يوق تاپسا ئۆزگە نېپتكەي ئول⑲.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نەفسنى ئەجدىھاغا ئوخشىتىش نەۋائىدىن باشقا ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىمۇ بىردەكلىككە ئىگە. مەسىلەن، جالالىدىن رۇمىنىڭ ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىن «ئاچ كۆزلۈكنى بىر كۆزلۈك، يەتتە يۈزلۈك، تۆت ئېغىزلىق دەھشەتلىك ئەجدىھا قىياپىتىدە تەسۋىرلەيتتى» [20].

نەفس سوپىلارنىڭ نەزىرىدە، ئاللا ۋەسلىگە يېتىشتىكى چوڭ بىر توسالغۇ دەپ قارىلىپ، ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن سوپىلار ھەتتا بىر ئۆمۈر توي قىلماي، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي، خىلۋەتتە ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن. مەيلى قايسى خىل تەسەۋۋۇپ ئېقىمى بولسۇن، نەفسنى يېڭىشنى مەنىۋى كامالەت يولىدىكى بىرىنچى نىشان قىلغانىدى. نەفس ئادەتتە ئايال جىنسى ۋە دۇنيا نېمەتلىرىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، بۇ خىل كۆزقاراشلار تەبىئىيلا ئاياللارنى پەس كۆرۈش، جاھان ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشتەك نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «تەسەۋۋۇپ تەركىدۇنياچىلىق - تەقۋادارلىق قاراشلىرى ئاسارىتىدە، ئەبۇبەكرى شىبلى ناملىق بىر روھانى «كۆزۈم گۈزەللىككە چۈشۈپ، روھىمنى گۇناھكار قىلمىسۇن» دەپ كۆزىگە تۇز قويۇپ، قەستەن كور بولۇۋالغانىدى» [21] نەۋائى گەرچە نەفسنى يېڭىشكە قوشۇلسىمۇ، ئەمما ئاياللارنى خارلاش، تەركىدۇنياچىلىق بەدىلىگە ئېرىشكەن نەتىجىنى ھەقىقىي غەلىبە دەپ ھېسابلىمايدۇ، بەلكى شۇ «ئوت» ئىچىدە كۆيۈپ، سەمەندەردەك ياشىغان كىشىنى ھەقىقىي مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك دەپ قارايدۇ.

فەرھاد ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىشتىن بۇرۇن سۈھەيلا ئاتلىق ھېكىم ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، ئەجدىھانى، دېۋىنى قانداق يېڭىش ئۈستىدە يول كۆرسىتىدۇ ھەمدە مېڭىشتىن بۇرۇن تېنىگە سەمەندەر يېغىنى سۈركىۋېلىشنى بۇيرۇيدۇ، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئەجدىھانىڭ ئوتى فەرھادقا زىيان سالالمايتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا سەمەندەر ئوت ئىچىدە ياشايدىغان ھايۋان بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنى ئوت ئىچىدە ئۆتكۈزەرمىش. تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا بۇ خىل ئوبراز دائىم كۆزگە چېلىقىدۇ. سەمەندەرنىڭ ئوتتا كۆيۈپ ياشىشى تەسەۋۋۇپتىكى ئىشق ئوتىدا كۆيگۈچى «ئاشىق» لارنىڭ ھالىغا ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئوبراز كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئادەتتە مۇھەببەت ئوتىدا چىدامچانلىق، ۋاپادارلىق بىلەن كۆيگەن كىشىلەرنى سەمەندەرگە ئوخشىتىدۇ، نەۋائىنىڭ بۇ ۋەقەلىكنى قىستۇرۇشتىكى سەۋەبى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ: نەفس ئەجدىھاسىنىڭ ئوتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشى تەس. لېكىن «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغىلى» بولغىنىدەك نەفسنىڭ ئوتىغا ئۆمۈر بويى ھەققە بولغان ئىشقتا، ئىنسانغا بولغان ئىشق ئوتى بىلەن كۆيۈپ ياشاپ كەلگەن «ئاشىق» لا تاقابىل تۇرالايدۇ، سەمەندەر يېغىنى سۈركەش دەل بۇ خىل ئېھتىياجغا مۇناسىپ كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەك، بۇ يەردىكى سۈھەيلا، تەرىقەت باسقۇچىنى بېسىش ئالدىدا تۇرغان سوپىنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئۈچۈن تۇتقان پىرى ياكى ئابستراكتراق ئېيتقاندا رەھنەماسىدۇر. بۇ شەرت سوپى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى سوپىلارنىڭ تەبىرىچە، ئۆزى بىلگىنىچە تەۋەككۇل قىلىپ ئەڭ ئاساسىي سىرلارنى بىلمەكچى بولغانلار ۋە ئىلمىي ئەسرارلارنى ئىگىلىمەكچى بولغانلار، سالامەتلىك ۋە ئەقىل - ئىدراكنى ھايىنىغا بېرىپ، ئۆزىنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىشلىرى ھېچ گەپ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «پىرى يوقنىڭ پىرى - شەيتان» دېيىشەتتى. [22] XVIII ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدە بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر ھەر بەندەنىڭ قەسرى خۇدادۇر،
ئانى بىلدۇرگۇچى بىل، رەھنەمادۇر.
كىشى تاپماس خۇدانى رەھنەماسىز،
ئىشت ئاتسە بولۇرمۇ ئوقنى ياسىز (23).

نەفس گەرچە بىر مەزگىل كونترول قىلىنىپ يېڭىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ھالەت ئۇزۇنغىچە داۋاملىشالمايدۇ. نەفسنى ھەقىقىي يېڭىش ئۈچۈن سوپى چوقۇم ئۆزىگە ئەقىلنى يول باشچى قىلىپ دائىم ئەقىلنىڭ ياردىمىدە ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك، پەقەت ئەقىل چىرىغى ئارقىلىق، نەفسنى يېڭىش ئۈچۈن مەھكۇم قىلىنىغان قەلب ئۆيىنى يورۇتقىلى بولىدۇ. ئىنسان پسىخىكىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن نەۋائى ئەجدىھانى يەڭگەن فەرھادقا ئەمدى قاراڭغۇ دىلنىڭ سىمۋولى ئەھرەمەننى يېڭىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ.

2) قاراڭغۇ دىلنىڭ سىمۋولى ئەھرەمەننى يېڭىش.

ئەھرەمەن توغرىسىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىدە قوياش تەڭرىسى مىترانىڭ قاراڭغۇلۇق دېۋىسى ئەھرەمەنگە قارشى كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە ساقلانغان» (24). خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كەڭ ئوزۇقلانغان نەۋائىي بۇ كۈرەش ئەپسانىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، فەرھاد ئەجدىھانى يەڭگەندىن كېيىن ئېرىشكەن شەمشەر ۋە سۇپە بىلەن ئەھرەمەننى يېڭىپ، ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشىدۇ. ئابىھايات بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، خىزىرنىڭ يول كۆرسىتىشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەمدى بۇ ۋەقەلىكنى تەرىقەت باسقۇچىنى بېسىۋاتقان سوپى بىلەن باغلاپ كۆرەيلى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، نەفسنى ھەقىقىي يەڭمەكچى بولغان سوپى ئەقىلنى دائىم ئۆزىگە «خىزىر» دەك رەھبەر قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ باسقۇچنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بېسىپ بولالايدۇ، بۇ ھەقتە نىزارى «مەۋئىزە» سىدە مۇنداق دېگەن:

قىلىپ ئەقلنى خىزىردەك راھبەر،
كۆڭۈل سىررىدىن ئاندا ئالغىل خەبەر (25).

قاراڭغۇ دىلنى ئەقىل نۇرى بىلەن تولدۇرۇپ، نەفس ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان سوپى ئۆز - ئۆزىنى يەڭگەن كىشى بولۇپ، ئۇ خۇددى ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەندەك، تەن لەززەتلىرىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ.

نەۋائىي سوپىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى يەڭگەنلىك دەرىجىسىنى فەرھادنىڭ قاراڭغۇ ئورماندا «ئابىھايات» سۈيىنى ئىچىپ، خىزىرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېرىشىش تەسۋىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ.

3) جاھان تىلسىملىرىنىڭ سىمۋولى تۆمۈر كىيىملىك ئادەملەرنى يېڭىش.

مەيلى قايسى دىن ياكى قايسى پەلسەپە ئىدىيىسىدە بولسۇن، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى يېڭىشى ئىزچىل تەكىتلىنىپ كەلگەن. پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە، جاھاندىكى ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەن، ھەرقانداق سىرلىق تىلسىملارنى يېڭىشكە نىسبەتەن، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى يېڭىشى ھەممىدىن قىيىن، چۈنكى ئادەم ئۆز - ئۆزىگە دۈشمەن. تەسەۋۋۇپتا بۇ

www.uyghurkitap.com



نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ ئۆزىنى يەڭگەن سوپىنىڭ نەزىرىدە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن ھەر خىل سىرلىق تىلسىملار، كائىناتتىكى يېشىش تەس بولغان سىرلارنى ئەقىلنىڭ يول كۆرسىتىشىدە يېگىش تامامەن مۇمكىن. شەمسىددىن تەبرىزى بۇ ھەقتە «ئۆزىنى ئۆزى بىلگەن ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ» ㉗ دەيدۇ. ئالەمدە تىلسىملار كۆپ بولغىنىدەك. ئىنساننىڭ ئۇنى ئېچىشقا قادىر ئەقلىمۇ چەكسىزدۇر. فەرھادنىڭ ئۈچىنچى تىلسىمنى يېگىش تەسۋىرىنىڭ بېرىلىشى موشۇ خىل ھەم كەسكىنلىك ھەم ئۈمىتسىزلىك قاراشنىڭ سەۋەبىدىندۇر.

4. فەرھادنىڭ جەمشىت جامىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوقرات بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئىسكەندەر ئەينىكىنىڭ تىلسىمىنى ئېچىشى.

«رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جەمشىتنىڭ جامى يەتتە ئاسمان، يەتتە يۇلتۇز، يەتتە دېڭىزدىن بېشارەت بېرەرمىش. كىمكى بۇ جامنى قولىغا ئالسا، خۇددى جاھاننەمانى قولىغا ئالغاندەك ئۆتمۈشنى، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى كۆرەرمىش» ㉘. جەمشىتنىڭ جامى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرى ئۇنى ئەدەبىياتقا سىمۋول مەنىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆز پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن. غۇربەتى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ئالماغاي جەمشىد جامىن قولىغا ئەھلى كەمال.
ئىلتىفات ئەتمەس ئىسكەندەر كۆزگۈسىگە ئەھلى ھال㉙.

مەقسەتكە كەلسەك، ئۈچ تىلسىمنى يەڭگەن سوپى ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلايدۇ. مېنىڭ ئەمدىكى ياشاش مەقسىتىم نېمە؟ ئاللا ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىلۋەتتە ئىبادەت قىلىپ، جاھان ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقىم كېرەكمۇ؟ ئۇ خۇددى فەرھاد جەمشىتنىڭ جامى بىلەن ياشاشتىكى مەقسىتىنى بىلىش ئۈچۈن، سوقراتنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، سوئالىغا جاۋاب تاپقاندەك، «سەفەر دەر ۋەتەن» بولۇپ، ھايات ئالىمىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ، تەبىئەتنىڭ غۇربەتخانا، غەمخانا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ ھەمدە شۇنداق گۈزەل دۇنيادا ئۆمۈرنى غەمدە، ئەلەمدە ئۆتكۈزۈش خۇدا ئالدىدا ناكورلۇق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىنى بىلىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ياشاشتىكى مەقسىتىنى بىلىشتۇر. مەقسەت شۇكى، «باتىنىدا (كۆڭلىدە) ھەق بىلەن، زاھىرىدا (سىرتقى ئەمەلىيەتتە) خەلق بىلەن» بولۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى ئىنسانغا، تەبىئەتكە ئاتاش، ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ، ئۆزىنى ئۇنتۇش يەنە تەسەۋۋۇپتىكى فەنا مەقامىغا يېتىشتۇر. نەۋائى ئۆز - ئۆزىنى تونۇغان سوپىنىڭ ئارىفلىق دەرىجىسىنى فەرھادنىڭ سوقرات بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ تەلىمىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلىك ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. سوقراتنىڭ نەۋائىي قەلىمى ئاستىدا ئۆزىنى بىلىشنىڭ چوققىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىش سەۋەبىنى تۆۋەندىكى نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

سوقرات مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن ئافىنادا ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇنىڭغا ئىلاھتىن ۋەھيي كېلىپ، ئۇنى ئافىنادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم دەپ ئاتىغانلىقىنى، شۇ سىرنى بىلىش مەقسىتىدە، سوقراتنىڭ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئاخىرىدا

ئىلاھىنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق دەپ ۋەھىي قىلىش ئارقىلىق سوقرات نامى بىلەن ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكى ئېيتىلغان. «سوقراتنىڭ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتەك تۆھپىسى ئاساسلىقى ئۇنىڭ يۇنان تەبىئەت پەلسەپىسىدىكى ئالەمنىڭ ئاخىرلىشىش سەۋەبلىرىنى تەبىئەتتىن ئىزدەشتەك ئەنئەنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى قەلبتىن ئىزدەشتەك ئەنئەنىنى باشلاپ بەرگەنلىكىدە . . . پەلسەپە تاشقى دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىچكى دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئۆتۈپ، ئۆزىنى كوسمولوگىيە (ئالەمشۇناسلىق) ۋە فىزىكىدىن ئېپتىكا ۋە ئانتروپولوگىيە (ئىنسانشۇناسلىق) گە يۈزلەندۈردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەلسەپىدە يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى باشلاندى، سوقرات پەلسەپىسىنىڭ ئەھمىيىتى دەل شۇ يەردە»[30]. سوقراتنىڭ تەن ئۆلىدۇ، روھ ئۆلمەيدۇ، شۇڭا مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن روھنى پاكلاپ، تەننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك دېگەندەك قاراشلىرى كېيىنكى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇپ، مەيلى جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىپ»تە بولسۇن، ياكى نەۋائىنىڭ ئۆزىنى بىلىش ھەققىدىكى قاراشلىرى بايان قىلىنغان «لىسانۇت - تەير»دە بولسۇن، بۇ خىل روھنى پاكلاش قارشى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ سوقراتنى ئەسەرگە كىرگۈزۈشتىكى سەۋەبنىڭ بىرى. نىزارى «مەۋئىزە» سىدە سوقران دەرىجىسىگە يەتكەن سوپىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ۋۇجۇدىڭدىن ئۇلسە بۇ ئىشلار ئەيان،
كى سوقرات بولماققە يوقتۇر گۇمان.
چۇ سوقرات بولۇپ يولغا قويغىل قەدەم،
كۆڭۈلدىن ئەلايىقنى ئېلەپ ئەدەم.
كى مەھۋ ئۇلسە سەندىن ھەۋايۇ ھەۋەس،
قەبۇل ئەيلەگەي يارى فەرياد رەس[31].

سوپىنىڭ كېيىنكى يولى ھەققىدىكى مەلۇماتنى سوقراتنىڭ فەرھادقا بەرگەن تەلىملىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سېنىڭ ئالىڭدادۇر ئىشقى مەجازى،
كى جىسمىڭ ئۆرتەبان سوزۇ گۇدازى.
مەجازىي ئىشقىدىن ئۆرتەنسە جانىڭ،
بېرىپ سېلى فەناغە خانۇمانىڭ،
بولۇپ مەئشۇق ئەسلى چارەسازىڭ.
ھەقىقەتغە بەدەل بولغاي مەجازىڭ،
سېنىڭ قالغاي جەھان ئىچرە سىفاتىڭ،
تەرىقى ئىشق ئىچىندە ياخشى ئاتىڭ[32].

بۇ ئاساسلار بويىچە مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، نەۋائى قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن سوقرات دەرىجىسىگە يەتكەن ئارىفنىڭ فەنا بولۇش ئۈچۈن باسىدىغان كېيىنكى يولى ئۆزىنى ئۇنتۇش يەنى ئىشقى مەجازىي تەلەپ قىلىش باسقۇچىدۇر. بۇنىڭدا سوپى پۈتكۈل مۇھەببىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسان ئىشقىغا، كائىنات ئىشقىغا ئاتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى سوپىنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت ئاللانىڭ سايىسى، كائىنات ئۆزۈكىنىڭ كۆزى ئىنسانلا كۆرۈنىدۇ. نەۋائى بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

سەنسەنۇ سەندىن ئۆزگە خۇد نىمە يوق،
گەر كۆرۈنسە سەن ئۇلغۇك ئول نىمە يوق㉝.

شۇڭا نەۋائىنىڭ نەزىرىدە سوپىنىڭ ئىنسانغا بولغان ئىشق يولى ئاللا ۋىسالىغا ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر يول، دەپ قارالغان. جالالىدىن رۇمىنىڭ «ھەق ئۈچۈن ئىشق ئۆلچەم بولۇرمىش» دېگەن سۆزى مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان. ئىسكەندەر ئەينىكى تىلسىمىنىڭ فەرھاد سوقرات بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا ئېچىلىشى، ئەينەكتە مەشۇقى شىرىن، ئۆزى ۋە ئىنسانلار توپىنىڭ كۆرۈنۈشى تەرىقەت باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدە تۇرغان ئارىفنىڭ شۇ خىل روھىي ھالىتىگە ماس كېلىدۇ. جالالىدىن رۇمىنىڭ سىناقتىن كېيىن ئېيتقات تۆۋەندىكى سۆزى پىكرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ:

ھېچ نەرسە يوقكى، غەيرىي بىر ئالەم ئېرۇر،
ھەرنە ئىستەرسەن، ئۆزۈڭدە جەم ئېرۇر㉞.

[ئەسلەڭ: «ئۆز ۋۇجۇدىڭنى تەپپەككۇر ئەيلەگىل.
ھەرنى ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەككىل.» (نەۋائى)]

3. فەرھادنىڭ شىرىن دىيارىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى.

ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، فەرھاد شاپۇرنىڭ ياردىمىدە شىرىن دىيارىغا يېتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىغا ھەمدەم بولۇپ، تاغدىن سۇ كەلتۈرىدۇ، خۇسراۋ خەلقنى، مەشۇقىنى بويسۇندۇرماقچى بولغاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھەتتا ئىشق ئۈچۈن جېنىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەقىقەت باسقۇچىدىكى ياكى ئۆزىنى ئۇنتۇش باسقۇچىدىكى سوپىنىڭ باسماقچى بولغان يولىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈشىدۇر، مەجازىي ئىشقنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ باسقۇچ ئورۇنلانمىسا، خۇددى نەۋائى شېئىرىدا مىسال قىلىنغىنىدەك، دان تېرىپ ھوسۇل ئالمىغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ، يۇقىرىقى تەسۋىرلەردە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ شاپۇر ئوبرازىدۇر، نىمە ئۈچۈن ئەسەرگە شاپۇر كىرگۈزۈلىدۇ؟ سەۋەبى شۇكى، جالالىددىن رۇمىغا نىسبەتەن شەمسىددىن تەبرىزى، نەۋائىغا نىسبەتەن ئابدۇراخمان جامى ئۆزىنى بىلىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەينەكلىك رولىنى ئوينىغان بولسا، فەرھادقا ئوخشاش ھەقىقەت باسقۇچىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، شاپۇرمۇ شۇنچىلىك مۇھىم رول ئوينىغان. ئىنسان ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا چۈشىنەلەيدۇ، فەرھاد ئۈچۈن شاپۇر ئەينەك بولسا، شاپۇر ئۈچۈنمۇ فەرھاد ئەينەكتۇر، ئەلۋەتتە، شاپۇرنىڭ خۇددى «گۈل ۋە نەۋرۇز» (لۇتفى) داستانىدىكى بۇلبۇل، «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» داستانىدىكى سەبالارغا ئوخشاش كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ۋاستىچى ئوبرازلىق رولى پاكىتتۇر. ئەمما بىز،

شاپۇر ئوبرازىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى ۋاستىچى ئوبراز (بۇلبۇل ۋە سەبا) نىڭ مەيدانغا چىقىش تەرتىپىگە ئوخشىمىغان ھالدا، فەرھاد سوقرات دەرىجىسىگە يەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىشى، شاپۇر سىزغان شىرىن رەسىمىنى كۆرۈپ فەرھادنىڭ شاپۇرغا ئوخشاش بىر رەسسامغا سەجدە قىلىشى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەرگە تەسەۋۋۇپتىكى ھەقىقەت باسقۇچىنى بېسىش ئالدىدا تۇرغان سوپىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدىكى شاپۇر ئوبرازى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئۆزى بىلەن مەسلەكداش، ئۆزئارا دىلشۇناس، بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان، ئىللىتىنى باشقىلارغا قاراپ تۈزىتىدىغان ئەينەكتەك چىن دوست نەۋائى، جاالىددىن رۇمىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتنى بىلىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقەت باسقۇچى ئورۇندالغاندىن كېيىن، سوپى فەنا مەقامىغا يېتىدۇ. «فەنا - تەسەۋۋۇپتىكى ناھايىتىمۇ چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنى سۆز مەنىسى بويىچە بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا «ئۆلمەك، يوق بولماق» دېيىش مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى مەنىسىنى ئىزاھلاش، شەرھلەشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭغا يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى شۇنداق يازىدۇ:

دىدىڭ: «فەنا نېدۇر؟» مۇختەسەردەيىن «ئۆلمەك»،
كى شەرھىن تىلەسەڭ، يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر[35].

ئاددىي ئېيتقاندا، فەنا — مەنىۋى جەھەتتە كامىللىققا ئېرىشىپ، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئېتىش، ئۆزلۈكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماسلىق بولۇپ، ئەھمەد يەسەۋىچە ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈش يەنى ۋۇجۇدتىكى ناپاك «مەن» نىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوپىنىڭ ۋۇجۇدىغا فەنا بولۇش ئۈچۈن سىزىلغان «نەقىش» ئاخىرلىشىدۇ، نەۋائى بۇ ھەقتە شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

جانغا چېكىپ رەنجۇ ئەنا نەقشىنى،
سىزماق ئۈچۈن ئاندا فەنا نەقشىنى.
جانى چۇ ئول نەقش مەكانى بولۇپ،
نەقشىدىن ئۆزگە بارى فانى بولۇپ [36].

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆلىمالارنىڭ چۈشى ئارقىلىق نەۋائى فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ جەننەت بېغىدا نۇردىن ياسالغان تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى، فەرھادنىڭ «ئاشىقلار شاھى» مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنلىكى، نامىنىڭ مەڭگۈ تىللاردا داستان بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى بېرىدۇ. بۇ ۋۇجۇدى «فەنا نەقشى» بىلەن تولغان سوپىغا بېرىلىدىغان «بەقا» مەقامىنىڭ بېشارەتلىك سىزمىسىدۇر، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان مۇرادىغا يەتمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ جەننەتتە ئۇچرىشىش تەسۋىرى نەۋائىنىڭ گۈزەللىك پىسخىكىسى ئاساسىدا يارىتىلغان «فەرھاد - شېرىن» داستانىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىن شىرت، يەنە ئۇنىڭ شۇ زاماندىكى فەرھاد ئىزىدىن ماڭغان سوپىلار ئۈچۈنمۇ ئىنتىلىش نىشانى بولغانلىقى چوقۇم.

www.uyghurkitap.com



فەرھاد ئوبرازىدىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن ئىلىمدىكى كامىللىقى، ئەخلاقىي جەھەتتىكى كەمتەرلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، چىن سۆيگۈگە بولغان ئەقىدە، دوستىغا بولغان ۋاپادارلىق كامىل ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ھېسابلىنىدۇ. ماركس: «ئىنسان ئادەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى ماھىيىتى» دەپ توغرا ئېيتقان، فەرھاد ئوبرازىدىكى ئەھمىيەتلىك تەرەپ دەل ئۇنىڭ ئىنسانغا خاس بولغان، ئادەمنىڭ شۇ ئەڭ يۇقىرى ماھىيىتىنى تونۇيالىغانلىقىدا ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالىغانلىقىدا.

يۇقىرىدىكى قاراشلىرىمىز ئاساسىدا، «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا فەرھاد ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تەسەۋۋۇپتىكى كامىل ئىنسان بولۇش جەريانلىرىنى سخېمىلاشتۇرساق تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

ئىنسانىي كامىللىق = ئۆزىنى بىلىش + ئۆزىنى ئۇنتۇش.

A . ئۆزىنى بىلىش جەريانى:

1) شەرىئەت باسقۇچى (زامان ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش)

2) تەرىقەت باسقۇچى — ① نەفسىنى يېڭىش ② ئەقىلنى يول باشچى قىلىش (ئەقلىي بىلىشكە كۆتۈرۈلۈش) ③ «سەفەر دەر ۋەتەن»دە بولۇش ④ سوقرات مەقامىغا يېتىش.

B . ئۆزىنى ئۇنتۇش جەريانى

1) ھەقىقەت باسقۇچى (مەجازىي ئىشق تەلەپ قىلىش)

2) فەنا بولۇش ۋە بۇ ئارقىلىق بەقا مەقامىغا يېتىش

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، نەۋائىينىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ خىل بىلىش جەريانى مېتافىزىكىلىق ئەمەس. ئىنسان پسىخىكىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئانالىز يۈرگۈزگەن نەۋائىي ئىنساندىكى پسىخىك ئاجىزلىقلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىنساندىكى بىلىشنىڭ ھېسسىي ← ئەقلىي ← ھېسسىي ← ئەقلىي جەريانى بويىچە بولىدىغانلىقىنى يەنى بىلىشنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ نەۋائىينىڭ فەرھاد ئاغزى ئارقىلىق بەرگەن:

دېدى: ھەر ئىشنى قىلمىش ئادەمىزاد،
تەفەككۇر بىرلە بىلمىش ئادەمىزاد.

دېگەن سۆزى بۇ نۇقتىنى ئىيدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

## ئىزاھاتلار


①③④ ۋ. زاھىدوۋ: «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 20 ـ سان، 144 ـ 148 ـ بەتلەر

② ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان: «تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى» «بۇلاق» 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان، 138 ـ بەت.

⑤ «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 761 ـ بەت.

⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 236 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى.

⑦ شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 41 ـ بەت.

⑧ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى. 42 ـ بەت.

⑨ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» (ئىنگلىزچە) ت. ج. دىبور؛ 143 ـ بەت، دېھلىدا نەشر قىلىنغان.

⑪ ⑩ سەئىد فەيياز مەھمۇد: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى. 374 ـ 376 ـ بەتلەر.

⑫ تەپسىلاتىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىدىن كۆرۈڭ.

⑬ نەۋائى: «فەرھاد ـ شىرىن» رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 81 ـ بەت.

⑭ «ئىسمايىل مەھزۇت شېئىرلىرى»؛ «بۇلاق» 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان، 131ـ بەت.

⑮ نەۋائى: «فەرھاد ـ شىرىن» 119 ـ بەت.

⑯ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» 214 ـ بەت.

⑰ ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 230 ـ بەت.

⑱ «نىزارى داستانلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 164 ـ بەت.

⑲ نەۋائى: «سەبئەئى سەييارە» 674 ـ 677 ـ بەتلەر.

⑳ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» 229 ـ بەت.

㉑ ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 282 ـ بەت.

㉒ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» 218 ـ بەت.

㉓ ھىرقەتى: «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام»، 135 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

㉔ ئا. مەمتىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 28 ـ بەت.

㉕ نىزارى: «نىزارى داستانلىرى» 164 ـ بەت.

㉖ «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 104 ـ بەت.

㉗ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» 287 ـ بەت.

㉘ «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 109 ـ بەت.

㉙ «غۇربەتى شېئىرلىرى»؛ «بۇلاق» 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان، 51 ـ بەت.

㉚ . «ئەپلاتون پاراڭلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 10 ـ 11 ـ بەتلەر.

㉛ «نىزارى داستانلىرى» 164 ـ بەت.

㉜ نەۋائى «فەرھاد ـ شېرىن» 320 ـ 325 ـ بەتلەر.

㉝ نەۋائى «سەبئەئىي سەييار» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 11 ـ بەت.

㉞ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.

㉟ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان: «تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى» «بۇلاق» 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان، 124 ـ بەت.

㊱ نەۋائى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى. 156 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

# غېرىب ـ سەنەم[1]

(داستان)

تارىخنىڭ بىرمىڭ ئىككى يۈزىنچى يىلى ماۋەرا ئۇننەھر ۋىلايىتىدە ـــ بەكرى ئاباد دېگەن شەھەردە شاھى ئاببىاسخان ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۆزى كەرەملىك، ياخشى سۆزلۈك، خوپ يۈزلۈك پادىشاھ ئىدى. ئەمما ئۆز يېنىدا كۆڭۈلدىكىدەك زېرەك ۋە دانا ۋەزىرى يوق ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باغداد شەھىرىدىن ھەسەن ئاتلىق ئادىل، دانا، تولا ئىشلارنى كۆرگەن، ياخشى ـ ياماننى تەجرىبە قىلغان بىر كىشى سودىگەرچىلىك بىلەن بەكرى ئابادقا كېلىپ قالدى. پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا مەرغۇب ۋە دىلكەش توھپىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ كۆرۈشتى. ئەتراپ ـ ئالەمنىڭ ھادىساتلىرى ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىدىن سىرىشتى. ئۇنىسى ـــ ئۇلپەتلەر ئېلىشتى. بۇ كىشىنىڭ سۆھبىتى پادىشاھقا مەرغۇب بولۇپ، نىيىتىدە-نىڭ خالىسلىقى ھەم راسكويلۇقى روشەن مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنى ئۆزىگە يېقىن ۋەزىر قىلىپ يېنىدا تۇرغۇزدى.

ھەسەن ۋەزىرنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ھۆرمىتى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى. زېرەك ۋە دانالىقى ئالەمگە يېيىلدى. پادىشاھنىڭ شان ـ شەۋكىتىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغايدى. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ پەرزەنتلىرى يوق ئىدى. بۇلار ھەمىشە خۇداغا نالە قىلىپ، دەرگاھىدىن پەرزەنت تىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولدى. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ ئاغىچە-لىرى ھامىلدار بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ بىلەن ھەسەن ۋەزىر بىرنەچچە مۇلازىملىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقتى. شىكار ئۈستىدە پادىشاھقا بىر جۈپ توشقان يولۇقتى. پادىشاھ بۇ توشقاننىڭ قورسىقىدا بالىسى بارلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، ئاتماي قويۇۋەتتى. بۇ توشقان ۋەزىرگىمۇ ئۇچرىدى. ۋەزىرمۇ تەگمىدى. چۈنكى پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ ھەر ئىككىلىسى خوتۇنلىرىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، رەھىم قىلغانىدى. بىر مەزگىلگە كەلگەندە، ھەسەن ۋەزىر ھېلىقى توشقاننى ئېسىگە ئېلىپ كۈلۈۋەتتى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

ـــ نېمىگە كۈلىسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ مەن ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمغا كۈلۈۋاتىمەن، ـــ دېدى ۋەزىر، ـــ ماڭا بىر بوغاز توشقان ئۇچرىغانىدى، خوتۇنۇمنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ، ئاتماي قويۇۋەتتىم.

ـــ ئاشۇ توشقان ماڭىمۇ ئۇچرىدى، مەنمۇ ئۇنى ئاتمىدىم، ـــ دېدى پادىشاھ، ـــ

---

① «غېرىب ـ سەنەم» داستانىنىڭ بۇ نۇسخىسى شەمسىددىن ناملىق كىشى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلدى (مۇھەررىردىن).

خوتۇنۇمنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكى مېنىڭمۇ قويۇمغا كەلگەنىدى. دېمەك، ھەر ئىككىلىمىز- نىڭ يۈرىكى بىر ئىكەن. ئانداق بولغاندىكىن، — دېدى پادىشاھ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئەي، ۋەزىر ھەسەن، ئەگەر بىرىمىزنىڭ ئاغىچىسى ئوغۇل، بىرىمىزنىڭ ئاغىچىسى قىز تۇغسا، بىرىنى بىرىگە ئەھدى نىكاھ بىلەن ئېلىپ بەرگەيمىز. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى ئوغۇل ياكى قىز بولسا، تەقدىرنىڭ پۈتكىنىگە قاراپ ئىش قىلغايمىز. ئەجەل يېتىپ، بىرىمىز ئىلگىرى ئۆلۈپ، يەنە بىرىمىز تىرىك قالساق، ھايات قالغىنىمىز ئۇشبۇ پەرزەنتلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئوبدان ئاسراپ، تاكى كامالىغا يەتكۈنچە ئوقۇتۇپ، ھەر قىسىم ئىلىملەردىن بەھرىمەن بولغۇچە، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرغايمىز، دەپ ۋەدىلىشىپ، ئۆز تىلىدىن خەت يېزىپ مۆھۈرلىرىنى باستى.

بۇلار شىكاردىن ياندى. شەھەرگە ئىككى چاقىرىم يول قالغاندا، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا خۇش خەۋەرگە كىشى كەلدى. دېدىكى:

— ئەي، پادىشاھىم سۆيۈنچە بەرگەيسىز.

پادىشاھ دېدى:

— خەۋەرىڭ نېمە؟

— ھەر ئىككىلىرىنىڭ ئاغىچىلىرى تەۋەللۇت قىلدى، — دېدى ياساۋۇل.

پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۇنىڭغا كۆپ نەرسىلەر ئىنئام قىلدى ۋە شاد - خۇرام بولۇپ شەھەرگە كىردى.

كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ توي - تاماشىلار قىلىپ، ئابۇ ئاش بەردى. ئۆلىما، ئۆمىرا، ۋەزىرلەر ۋە چوڭلارنى يىغىپ، داستىخانلار سالدى. تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى قويدى. پادىشاھ- نىڭ پەرزەنتى قىز ئىدى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆلۈغلارنىڭ ھەرقايىسى تايىپىسى (گۇرۇھى) بىر ئىسىم تەيىن قىلىشتى. باشتا گۈلچەمەن دەپ ئات قويدى. ئاخىرىدا شاھ سەنەم دەپ ئات قويۇشتى.

ھەسەن ۋەزىرنىڭ پەرزەنتى ئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭغا ئابدۇلۋاھات دەپ ئىسىم قويدى. ئەمما غېرىب دەپ لەقەم قويدى.

بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچ ياشقا كىردى. بۇلار بىرى بىرىدىن چىرايلىق، رەنا، خۇشرۇي ئىدى. كۆرگەن كىشىلەر قاراپ تويماس ئىدى. بۇ چاغدا ھەسەن ۋەزىر يەنە بىر قىز پەرزەنت كۆردى. بۇنىڭغا گۈلجەمىلىخان دەپ ئىسىم قويدى.

بىرنەچچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن ھەسەن ۋەزىر ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەيىنىددىن ۋەزىر بولۇپ، پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇردى.

پادىشاھ غېرىبنى ياخشى ئاسراپ، ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرەتتى. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتتى. غېرىب ئون بەش ياشقا كىردى. ھەر تۈرلۈك ئىلىملارنى ئۆگىنىپ، كامالەتكە يەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى غېرىب تاماشاغا چىقىپ ئويناپ يۈرگەنىدى. يولدا بىر قېرى دېھقان ئايالنى كۆردى. موماي چاق ئېگىرىپ ئولتۇرغانىدى. غېرىب ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا بولۇپ، مومايىنىڭ چاقىنى نىشان قىلىپ ئاتتى. چاقىنىڭ تانىپى ئۈزۈلدى. موماي:

— بالام ئوقيانى گۈلچەمەنگە ئاتساڭچۇ! — دېدى. غېرىب يەنە ئاتماقچى ئىدى، لېكىن موماي غېرىبنى چاقىرىپ:

— بالام، سۆزۈمگە قولاق سال، شاھى ئاباسخان سېنىڭ ئۆز ئاتاڭ ئەمەس. سېنىڭ ئاتاڭ ھەسەن ۋەزىر، ئۇ ئۆلگەن. سىزلەر تۇغۇلماستىن بۇرۇن، ئاتاڭ پادىشاھ بىلەن ۋەدىلىشىپ، سىزلەر توغرۇلۇق خەت - مۆھۈر قىلىشىپ، توختاشقان. ئەمدى سەن چوڭ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بولدۇڭ، گۈلچىمەننى ساڭا بېرەرمىكىن، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. غېرىب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىيالغا چۆمدى ۋە:

— ھەي موماي، گۈلچىمەنخان مېنىڭ سىڭلىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

موماي يەنە بايىقى سۆزىنى دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن غېرىب گۈلچىمەن پادشاھنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، ئۆزى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بىلدى.

غېرىب گۈلچىمەننىڭ يېنىغا بېرىپ ھەقىقىي كۆزى بىلەن ئۇنىڭ دىدارىغا باقتى. قىزنىڭ چىرايى قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ ئېچىلغان، يۈزى ماھى تاباندەك تولغان، قاشلىرى قەلەمدەك سىزىلغان، چولپان كۆزلىرى بادامدەك سوزۇلغان، زىبا بويلىرى سەرۋىگە ئوخشاش، لەبلىرى جىنەستىدەك قىزىل، پىستە يەڭلىغ ئاغزى غۇنچىدەك ئېچىلغان، سۇمبۇلدەك قارا چاچلىرى زۇلفى ئەنبەردەك يېيىلغان، غېرىب قىزنى كۆرگەن ھامان ئىشقىنىڭ تىيرى كامانى سىينەسىگە تەگدى. ھەر ئىككىلىسى سۆختە ھىجرانى پىراق ۋە مۇبتىلائىي ئىشتىياق بولدى. بۇلارنىڭ ئىشقى كۈندىن - كۈنگە ئەپزۇن ۋە مەشۇق كويىدا مەجنۇن بولدى. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلماس ئىدى. دەردى ئەھۋالىنى بىر-بىرىگە ئېيتىشار ئىدى.

پادشاھ ئاباسخان شاھ سەنەمگە قىرىق كېنىزەك قىزنى خىزمەتكار قىلىپ بەردى. بۇلار شاھ سەنەم ھەر يەرگە بارسا بىللە باراتتى. نېمە ئىشقا بۇيرۇسا، خوش دەپ خىزمىتىنى قىلاتتى. گاھى ۋاقىتلاردا شاھ سەنەم بۇ قىزلارنى ئۆزىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن باھانىلەر بىلەن بىر ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى غېرىب بىلەن دەرد - ئەھۋال بايان قىلىشار ئىدى.

بىر - بىرىنىڭ ھۆسنى باغىنى تاماشا ئەيلەشىپ،  
كۆز سېلىپ بىر - بىرلەرىگە ئۆزى شەيدا ئەيلەشىپ.  
گاھى ۋەسلى دەۋلىتىگە شۈكرىلەر ئەيلەپ ئەدا،  
گاھى ھەسرەتلەر قىلىپ نەۋ ئىشقا پەيدا ئەيلەشىپ.

بۇلار مۇنداق ۋىسال دۆلىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇنچىلىك پۇرسەت تېپىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۈنسى - ئۈلپەت بولغىنىغا كۆڭلى بەك خوش ئىدى. بۇ ۋاقىتتا غېرىب ئون بەش ياشتا ئىدى. گۈلچىمەن، گۈلنەھال ۋە گۈلجەملە - بۇ ئۈچ قىزنىڭ قەددى - نەھالى كامالىغا يېتەي دېگەنىدى.

ئەمما ئوردىدىكى بىرنەچچە چېقىمچى رەقىبلەر بۇ ۋەقەنى پادشاھقا ئاشۇرۇپ خەۋەر قىلدى. پادشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، غېرىبنى شەھەردىن قوغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەيىندىن ۋەزىر بۇ ۋەقەنى غېرىبنىڭ ئانىسىغا ئېيتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غېرىبنىڭ ئانىسى غېرىب ئاشىقىغا بىرقانچە نەسىھەتلەرنى قىلىپ دېدى:

— ئوغلۇم، ئەگەر سېنىڭ ئاتاڭ ھايات بولسا، ئەلۋەتتە، سېنى مۇراد - مەقسىتىڭگە يەتكۈزەتتى. ۋاي، قانداي قىلاي، مېنىڭ سۆزۈم پادشاھقا يەتمەس، يەتسە ھەم سۆزۈمنى ئىشتمەس، ئوغلۇم ئۆز جېنىڭغا كۆي. مېنى ئازارىچىلىكىكە سالما. بۇ ئىشق ھاۋاسىنى كۆڭلۈڭدىن چىقار. چېغىڭغا قاراپ ئىش قىل. يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنغىن. باشقا يەردىن كىمنىڭ قىزىنى خالىساڭ، توي - تاماشا قىلىپ، ئېلىپ بېرەي. مۇنۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟

ئوينىشىمغىن ئەرباب بىلە،
ئەرباب سالۇر ھەرباب بىلە.

سەن بىر يېتىم بالا تۇرسالڭ، شاھ سەنەمنىڭ ئاتىسى پادىشاھ تۇرسا، مۇنداغ چاغ يەتمەس ئىشنى قويساڭچۇ بالام.

بۇ سۆزگە غېرىب ئېتىبار قىلمىدى. بىچارە غېرىب ئىشقىنىڭ زورىدىن يىغلاپ ئانىسىغا دېدى:

— جېنىم ئانا، سەن ماڭا مۇشپىق مېھرىبانسەن، بۇ قىلغان گۆھەردەك نەسىھەتلىرىڭنى جان - دىلىم بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭلۈم قۇتىسىدا مەھكەم ساقلايمەن. ئەمما، بۇ ئىشقىنىڭ دەردىگە قانداق ئىلاج قىلاي، دەپ بۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

ئىشق چۈشتى كۆڭلۈمە پەرۋانە بولماي نەيلەيىن،
بۇلبۇلى بىچارىدەك ئەفغانە بولماي نەيلەيىن،
تاشقا يامغۇر سۇد قىلماس، مۇزغا سۇ، ئاشىققا پەند،
ئىشق چۈشۈپتۇر باشىمە، مەردانە بولماي نەيلەيىن.

ھەي مېھرىبار جېنىم ئانا، ماڭا شۇنداق بىر ئوت تۇتاشتىكى، ئەگەر ئۇنىڭغا دەريا ۋە مۇھىتنى قۇيغان بىلەنمۇ ھەرگىز ئۇچمەيدۇ. ماڭا شۇنداق غەم يۈزلەندىكى، ئەگەر ئالەمنىڭ لەشكىرىنى يىغىپ سوقۇشسا، كەم بولماس، ئەمما ئىختىيارىمنىڭ تىزگىنى مەندە ئەمەس، دەپ بۇ ئەبياتنى ئوقۇدى:

كۆڭلۈمنى ئەۋارە قىلۇر،
ھىجران بەلاسى، ئەي ئانام.
باغرىمنى يۈز پارە قىلۇر،
بارمۇ داۋاسى، ئەي ئانام.
بۇگۈن چىمەن بولدى بەلا،
غەم بىرلە قىلدى مۇبتەلا.
يىغلاپ مۇدام مەن بىنەۋا،
بولدۇم گەداسى، ئەي ئانام.

ئىچۇ تاشىم دەرد - ئەلەم،
كۆڭلۈمدە فىكر، كۆزۈمدە نەم،
تەگدى ماڭا تىخى ستەم،
پۈتمەس ياراسى، ئەي ئانام.
يىغلاپ زۇلەيخا زارى - زار،
يۇسۇفكە بولدى بىقەرار.
ساچى ئاقاردى بىشۇمار،
قالماي قاراسى، ئەي ئانام.

ئىشق ئىلكىدە ئەۋارە مەن،
نەيلەي ئۆزۈم بىچارە مەن.
غەم بىرلە باغرى پارە مەن،
يار مۇبتەلاسى، ئەي ئانام.
ئاشىق نەسىھەت تىڭلاماس،
ئەلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاماس.
مەھبۇبىدىن ئۆزگىنى دېمەس،
قالماي ئىزاسى، ئەي ئانام.

كۆيدۈممۇ، كۆل بولدۇم نېتەي،
كۆڭلۈمگە قۇل بولدۇم نېتەي.
مەن ھەم مەلۇل بولدۇم نېتەي،
يوق ئىنتىھاسى، ئەي ئانام.
ئاشىققا سۆز سۇد ئەيلەمەس،
سۇ مۇزنى نابۇد ئەيلەمەس.
ئاشىقنى بىخۇد ئەيلەمەس،
مەشۇق ۋەفاسى، ئەي ئانام.

ئالەمدىن ئۆتتى ئاشىقى،
فەرھاد بىلەن ئۇل ۋامىقى.
بولدى بۇلار بىرلە يېقى،
ئىشق ماجىراسى، ئەي ئانام.

ئىشق ئوتىغا سالدى خۇدا،
غەم بىرلە بولدۇم مەن گەدا.
مەشۇق ئۈچۈن بولسام گەدا،
كۆڭلۈم رىزاسى، ئەي ئانام.

ئىشق تۇشتى كىمنىڭ باشىغە،
ھېچ كىمگە كەلمەس قاشىغە.
رەھىم ئەيلەمەس كۆز ياشىغە،
يوقتۇر داۋاسى، ئەي ئانام.

غېرىب ئاشىق مېنىڭ ئاتىم،
دەردۇ غەمدۇر ئۇلغەتىم.
تارتقان بۇ جەبرۇ مېھنەتىم،
بولسۇن پىداسى، ئەي ئانام.

غېرىبنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ، سېنىڭ ئىشقىڭ مەھكەم ئىكەن دەپ، ئىلاجىسىز يىغلاپ ئولتۇرغاندا، پادىشاھ غېرىبنىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ:

— ئوغلۇڭنى يىراق بىر يەرگە ئەۋەت، بولمىسا، ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. غېرىبنىڭ ئانىسى ھەيران بولۇپ يىغلاپ، ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ، ئۆيىگە ياندى. ئانىسى ئۆيگە كېلىپ، بالىسىغا شۇنداق دېدى:

ئەي غېرىبىم، سېنىڭ ئۈچۈن باشىمە،
تۈرلۈك غەملەر چۈشەر ئەمدى نېتەيىن.
زەھەر - زوقۇم قوشۇلغۇسى ئاشىمە،
باشىم ئېلىپ قايسى تەرەپكە كېتەيىن.

پادشاھنىڭ سۆزى ئۆزگە بولۇپتۇر،
بۇ باغرىمنى ھىجران تىغى تىلىپدۇر.
شاھى ئاباس ئەھدىسىدىن يانىپدۇر،
ئەندى مۇڭا قانداق ئىلاج ئېتەيىن.

يەنە بىر سۆز، بالام، ئايتمىسام بولماس،
بالام، سېنىڭ بىرلە كەتمىسەم بولماس.
ئۆلتۈرۈرمەن، دەيدۇ، ئوغلۇڭنى ئاباس،
شۇنداق سۆزلەر دەيدۇ، بالام نېتەيىن.

بالام، ئەندى بىر ياق بېرىپ تۇرغايسەن،
بىر مەھكەم جايدا يېتىپ تۇرغايسەن.
ئەجەل ئامان قويسا يېتىپ كەلگەيسەن،
سۆزۈم راستىن سەبا ئىزھار ئېتەيىن.

بۇ بىچارە ئاناڭ ئەندى نەيلەسۇن،
مەقسىتىڭنى ھەق مۇيەسسەر ئەيلەسۇن.
بارغىن، بالام، ئىلاجىم يوق نېتەيىن.

غېرىب بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— جېنىم ئانا، ئۆلۈمدىن قورققان ئاشىق ئەمەس. ئاشىقنىڭ ياردىن جۇدا بولغىنى — مۇرادسىز ئۆلگىنى. پەرۋانىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شام چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلگىنى ۋىسال مۇرادىنى تاپقىنى. شاھ سەنەم ئۈچۈن ئۆلسەم، ماڭا ھەرگىز ئەيىب ئەمەس.

ئاشىق دېگەن مەشۇق ئۈچۈن ھەيران ئەمەسمۇ،
شىرىن جانى مەشۇقىغە قۇربان ئەمەسمۇ.
مەھبۇبىنىڭ ئاتى چىقسا ئاشىق سۆيۈنۇر،
سەنەم ئۈچۈن غېرىب ئۆزى گىريان ئەمەسمۇ.

ئىشقنىڭ مەزھىپىدە ئۆلۈمدىن قورقماقلىق يوق، — دېدى - دە، يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى. ئانىسى سىڭلىسى بىلەن يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

غېرىب ئاشىق شۇ چىققانچە شاھ سەنەمنىڭ بېغىغا باردى. بىر تەرەپتىن شاھ سەنەممۇ كەلدى. قىزلار بىر تەرەپكە سەير - تاماشا قىلىپ كېتىشتى. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئولتۇرۇشۇپ، بىر - بىرىگە نەزەر قىلىشىپ، ۋەسلى مۇيەسسەر بولغىنىغا شۈكرىلەر قىلىپ، مۇراد - مەقسىتىمىزگە يېتەرمىزمۇ، دەپ گاھى بىھوش بولار ئىدى.

غەرەز كۆي رەقىبلەردىن تولا ئېھتىيات ۋە ئەندىشە قىلار ئىدى. نېمە قىلسۇن بۇ غەددار پەلەك ئاشىققا تاردۇر. ھەسەتچىلەر ئەغياردۇر.

شاھى ئابباسخان بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپكە كېلىپ، زىندان بەندلەرنى چاقىرتىپ، بۇيرۇدى:

— غېرىب نەدە بولسا، ئىستەپ تېپىپ زىندانغا سېلىڭلار.

زىندان بەندلەر شۇ زامان غېرىب بار يەرگە يېتىپ كېلىپ، غېرىبنى تۇتۇپ، باغلاپ ئېلىپ كەلدى. پادشاھ غېرىبنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. غېرىبنىڭ كىچىك ئاتىسى ئەينىدىن پادشاھتىن غېرىبنى تىلىۋالماقچى بولدى. ئەمما پادشاھنىڭ ئاچچىقى يانمىدى. ۋەزىر پادشاھقا ئەرزەخەت پۈتۈپ تۇتتى.

پادشاھ ئەرزە خەتتىن بۇ ئەبياتلارنى ئوقۇدى:

شاھىم سىزگە داد ئېيتەي،
ئازاد ئېتىڭ غېرىبنى.
كۆڭلىڭىزنى شاد ئېيتەي،
ئازاد ئېتىڭ غېرىبنى.

ئوخشاپ ئۇلۇغ دېگىنىزگە،
رەھىم قىلىڭ سىز بىزگە.
رەھمەت قىلسۇن ھەق سىزگە،
ئازاد ئېتىڭ غېرىبنى.

رەئىيەتىن خاتادۇر،
پادشاھدىن ئەتادۇر.
ئەگەرچە پۈر گۇناھدۇر،
ئازاد ئېتىڭ غېرىبنى.

ئاشىق يۈسۈف - زۆلەيخا،
ۋامۇق بىلەن ھەم ئۈزرا،
بولسۇن سىزگە رەھنەما،
ئازاد ئېتىڭ غېرىبنى.

لەيلى بىلەن ئول مەجنۇن،
فەرھاد بىرلە ھەم شىرىن،
بۇلار بولسۇن رەھنەمۇن.
ئازاد ئېتمەك غېرىبنى.

شاھىم سىزگە ئەرزىمدۇر،
ئازاد قىلماق لازىمدۇر،
بۇ قىلغانىم تەزىمدۇر،
ئازاد ئېتمەك غېرىبنى.

شول ئاشىقلار ھۆرمەتى،
بىزگە قىلمەك شەفقەتى.
كۆرۈك ئۆزۈن دەۋلەتى،
ئازاد ئېتمەك غېرىبنى.

ئەينىددىنىنىڭ پەريادى،
غېرىب بولسۇن ئازادى،
بولسۇن كۆڭۈللەر شادى،
ئازاد ئېتمەك غېرىبنى.

پادىشاھ ئەرزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دېدى:
— ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن ئۆتتۇم، ئەمما بىئەدەپلىك قىلغان گۇناھى ئۈچۈن يەتتە يىللىق سۈرگۈن قىلدىم. شىرۋانغا پەيلىدىم، ھەلەپ تەرەپكە بارسۇن، مىرەسەسىنى باش قىلىپ، زىندان بەندىلەر بىلەن ئابدۇلقەھھار بەگكە ئەۋەتكىن.
ۋەزىر غېرىبنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەسىھەتلەر قىلىپ، مىرەسەس بىلەن شىرۋانغا يولغا سالدى. غېرىبنى ئانىسى، سىڭلىسى ۋە باشقا دوست - يارەنلىرى يىغلىشىپ، ئۇزاتقىلى چىقتى. غېرىب بىچارە يىغلاپ تۇرۇپ، دوست - يارەنلىرىگە بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەلۋىدا، ئەي دوستلارىم، قىلغۇم بۈگۈن ئەزمى سەفەر،
ئۆزلۈكۈمچە قىلمادىم مەيلى سەفەر مەن بىھۇنەر،
دوستلارىم، يارىمغا ئايتىڭلار بۇ ھالىمدىن خەبەر،
بۇ جۇدالىق شىددەتىدىن بولماسا جانغا خەتەر،
ئۆلمەسەم ئاخىر كېلۇرمەن گۈلچىمەن قىلسا خەبەر.

بۇ جۇدالىق تىغىدىن ماڭا ئەجەل كۆپ ياخشىراق،
نەچچە يىللىق كۈن كۆرەردىن بۇ مەھەل كۆپ ياخشىراق،
ھەم رىيا قىلغان ئەمەلدىن بۇ ئەمەل كۆپ ياخشىراق،
ئىشقسىز يۈرگەن كىشىدىن بۇ جىدەل كۆپ ياخشىراق،
مەن ئانامنىڭ يۇرتىدىن يارىم ئۈچۈن قىلدىم گۇزەر.

مەن غېرىب بولماي نېتەي، نامىم غېرىب قويغان ئۈچۈن،
سارغايىپ ئۆلمەي نېتەي، ياردىن جۇدا بولغان ئۈچۈن،
باش ئېلىپ كەتمەي نېتەي، بۇ يەردە خار ئۇلغان ئۈچۈن،
كۆز ياشىم تۆكمەي نېتەي، يۇرتۇمدىن ئايرىلغان ئۈچۈن،
ھەم ئانام سىڭلىمنى مۇندا تاشلابان قىلدىم سەفەر.

يۈرەگىم غەلۋىر مەسەللىك قۇيسىلار تۇرماس تېرىق،
بۇ جەھەتتىن گۈل يۈزۈم زەپپەر كەبى بولمىش سېرىق،

قىلدىلار يۈرەك، باغىرنى خۇن، دەرد بولدى ھەرىق،
گەرچە دەريانىڭ سۈيىدە يۇيسام ھەم بولماس ئېرىق،
نەيلەيىن دەردى فىراق ھەم ئىشتىياق ئەتتى زەرەر.

ئىشق ئوتى ئۆرتەپ يۈرەكنى ماڭا بەرمايدۇ ئارام،
فۇرقەت ئىچرە ئۆرتەنۇپ ئاقتى كۆزۈم ياشى تارام،
ئۆرلەدى باشىمغا سەۋدا ھەم خىيالىم بولدى رام،
ئىشتىياقىم ھەددىن ئاشتى تاقەتىم بولدى تەمام،
كاشكى قىلسام نىگارىمنىڭ جەمالىغە نەزەر.

مەن بۇگۇن دىۋانەدەك پەرۋانەدۇرمەن ئىزتىراب،
شەمئىدىن بولدۇم جۇدا بۇ ۋەجھىدىن ھالىم خەراب،
بۇلبۇلى گۇلدىن جۇدا بولغان كېچە يوق مەندە خاب،
مۇنتەزىر بولدۇم نىگارىمنىڭ جەمالىغە قاراپ،
ھۇسنىغە مۇشتاق مەن ئەمما ئۆزۈم بىبالۇ پەر.

ئىشتىياقنى ئانچە چەكتىم ھېچ مەجالىم قالمادى،
روچىۋىندەك سارغايىپ، ئۇچارغا ھالىم قالمادى،
سۆزلەگۇنچە ھەم تىلىمدە قىيلۇ قالىم قالمادى،
گۇلچىمەنىنىڭ يادىدىن ئۆزگە خىيالىم قالمادى،
مەن غېرىبنى ياد ئېتىڭلار ھەر زەمان، ئەي دوستلەر.

مىرەسەس پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە غېرىبنى دەشت - باياۋان، سەھرالار بىلەن ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى. يولدا كارۋان بىلەن قوشۇلدى. ئۇلار بىلەن يول يۈرۈپ، ئاخىر شىرۋان شەھىرىگە يېتىپ باردى. غېرىبنى شىرۋاننىڭ ھاكىمى ئابدۇلقەھھار بەگكە تاپشۇرۇپ، يېنىپ كەتتى. غېرىب بىچارە بۇ شەھەردە ھېچكىمنى بىلمەي ۋە تونۇماي ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. بۇ شەھەردە شاتىر بوۋا دەپ بىر ئادەم بار ئىدى. ئەسلى ئىسمى شەيخى ئابدۇرېشىد بولۇپ، كۆپ ئەقىللىق ھەم پالۋان كىشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى. بوۋاي غېرىبنى كۆرۈپ، ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ياخشى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ئۆز پەرزەنتىدەك ئەزىز كۆرۈپ ياخشى ئاسىرىدى. ئەمما غېرىب ھەمىشە مەھبۇبى گۇلچىمەننى ياد ئەيلەپ ۋە ئانىسى ھەم سىڭلىسىنى خىيال قىلىپ، كىشىگە ھېچ گەپ - سۆز قىلماس ئىدى. شاتىر بوۋا ھەيران بولۇپ، بىرنەچچە تېۋىپلارنى يىغىپ، غېرىبنى باقتۇردى. ئەمما ئۇلار ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدى. شاتىر بوۋا ئاجايىپ قىسسە - ھېكايىلەرنى ئېيتىپ نەسىھەتلەر قىلدى. غېرىب ھېچبىر سۆز قىلمىدى. سازەندىلەرنى چاقىرتىپ، بىر باغدا ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى. مەھبۇبى دىلبەر توغرۇلۇق نەزىم - بېيىتلارنى ئوقۇشتى. غېرىب بۇنى زوق بىلەن ئاڭلاپ، ئەھۋالى بىرئاز ئۆزگىرىپ سۆزگە كىردى. غېرىبنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىنى پەھمى - پاراسەت بىلەن بىلدى.

كۈنلەردە بىر كۈن غېرىبنىڭ ئانىسى غېرىبقا كارۋاندىن دۇئايى سالام ئېيتىپ خەت-

خالتا ئەۋەتكەندى. ئۇ غېرىبنىڭ قولىغا سالامەت تەگدى. ئىچىدە مەرۋايىت ۋە ئېسىل تاشلارمۇ بار ئىكەن. كۆپ سۆيۈندى. غېرىب بىرمۇنچە مەرۋايىت، مارجانلارنى ئېلىپ قۇرئەندازغا پال باقتۇردى. قۇرئەنداز دېدى:

— ئۆزۈڭ بىر مەھبۇبى دىلبەرگە ئاشىق ئىكەنسەن، ئەمما يامان دەردگە گىرىپتار بولۇپسەن، ياز پەسلى كېلىپ گۈللەر ئېچىلغاندا مەھبۇبىڭنى كۆرەرسەن، — دېدى.

ئاخىر يازمۇ كەلدى. گۈللەر ئېچىلدى. غېرىب قۇرئەنداز قېشىغا يەنە كېلىپ، بۇ بېيتلارنى ئوقۇدى:

باھار بولدى، گۈل ئاچىلدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلماسمۇ؟
چىمەنلەر لالەرەڭ بولدى،
كۆزۈم ياشى چاچىلماسمۇ؟

يارىم كېلىپ بىھەم بولسا،
كامان ئەبرۇ قەلەم بولسا،
ئاتى شاھى سەنەم بولسا،
شىرىن شەربەت ئاچىلماسمۇ؟

گۈل ئۆمرىگە خازان يەتتى،
ساقى ئەجەل نەسىب تۇتتى،
ئىشقىنىڭ تىغى مېنى چاپتى،
كېپەن تونۇم پىچىلماسمۇ؟

يەنە ئەمدى كىتاب كۆرسەڭ،
تالەيىمنى باقىپ كۆرسەڭ،
شاھ سەنەمدىن خەبەر بەرسەڭ،
كۆڭلۈم گۈلى ئاچىلماسمۇ؟

قۇر ئەنداز قۇر سېلىپ كۆرۈپ:
— ھەي بالام، ئەمدى بارساڭ بولۇر، مۇرادىڭغا يېتەرسەن، — دېدى.

غېرىب خۇشال بولۇپ، ئابدۇلقەھھاربەگ ئالدىغا كېلىپ، ئاتام قەبرىنى زىيارەت قىلىپ، ئانام ھەم سىڭلىمنى يوشۇرۇن كۆرۈپ كەلسەم، دەپ ئىككى ئايلىق رۇخسەت سوراپ تولا يالۋۇرۇدى. بۇ چىن ئاشىقنىڭ نەپسى تەسىر قىلىپ، ھاكىمنىڭ ئىچى كۆيۈپ، رۇخسەت بەردى. شاتىر بوۋىنى ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلدى. كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمەسلىكنى تاپىلىدى.

غېرىب ئۆزىگە بىرنەچچە كۇنلۇك ئوزۇق راسلاپ كارۋانلار بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى مەجنۇنغا ئوخشاش بېلىگە چۈشكەنىدى. بىرنەچچە زامان يول يۈرۈپ، ئاخىر ئۆز يۇرتى بەكرى ئابادقا يېتىپ باردى. كېچىسى ئېھتىيات بىلەن ئاستا يۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە كىردى. ئانىسى ھەم سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغا - زار بىلەن دەرد - ئەھۋال بايان قىلدى. ئىنزادىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— سىزلەرنى كۆرگىلى يوشۇرۇن كەلدىم، بۇنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار.

غېرىب بۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ، پادىشاھنىڭ بېغىغا كىردى. بىر بوۋاي سۇپۇرگە بىلەن باغنى سۇپۇرۇپ تازىلىماقتا ئىدى. غېرىب بوۋايغا سالام قىلدى. بوۋاي سالامغا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— ھەي بالام، سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ بۇ باغ پادىشاھ ئاباسخاننىڭ بېغى، قىزى شاھ سەنەم ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە قىزلار بىلەن بۇ باغدا قىرىق كۈن سەير - تاماشا قىلىپ كېتىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ چىقار ۋاقتى بولدى.

غېرىب بوۋايغا ئىلتىماس قىلىپ:
— بوۋا، مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق، يېتىممەن. سىزگە بالا بولسام، — دېدى. بوۋاي خۇش بولۇپ قوبۇل كۆردى. ئەمما غېرىب ئۆزىنىڭ غېرىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىدى. بوۋاي

غېرىبقا هەر خىل گۈللەرنى يىغىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. غېرىب گۈللەرنى يىغىپ بەردى. بوۋاي ئولتۇرۇپ چىمەن باغلىدى. ئاخىردا غېرىب بوۋايغا:

— ئاتا، مەن بىر چىمەن باغلىسام قانداق؟ — دېدى. بوۋاي:

— سەن بىلمەيسەن، — دېدى. غېرىب:

— قېنى، بوۋا، مەن بىر باغلاپ كۆرەي، — دەپ هەر خىل گۈللەردىن بىر چىمەن باغلىدى. گۈلنىڭ ياپراقلىرىغا كۆز يېشىنى تۆكۈپ باغلىغان چىمەننىڭ ئارىسىغا بۇ ئەبياتنى يېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ قويىدى:

ئەي گۈل، سېنى يىغىپ چىمەن باغلارمەن،
بىر گۈلۈمغە مەندىن سالام دېگەيسەن.
دەردۇ هالىم ئايتىپ، ساڭا يىغلارمەن،
سەن هەم ياشىڭ تۆكۈپ سەلام دېگەيسەن.

ئول گۈلۈمدۇر هەممە گۈلدىن زىيادە،
يارنى كۆرسە شاهلار كېلۇر پىيادە.
شۇنداق گۈلنىڭ بۇلبۇلى مەن دۇنيادە،
پەرۋاز ئېتىپ بۇلبۇل كەلدى دېگەيسەن.

قىزىل گۈلمۇ سالماغاندۇر جەهاندا،
بۇلبۇل هەفۇز گۈل يادىدا قىمغاندا.
گۈل تازە دەپ سايرار بۇلبۇل هەر ئاندا،
گۈل شاخىغا بۇلبۇل قوندى دېگەيسەن.
بىلمەي دېسەڭ ئانىڭ ئاتى غېرىبدۇر،
ساڭا شۇنداق مەجنۇن كەلدى دېگەيسەن.

بوۋاي چىمەننى ئېلىپ، شاھ سەنەمنىڭ ئالدىغا كىردى. شاھ سەنەم چىمەنلەرنىڭ هەربىرىنى ئېلىپ كۆرۈپ، غېرىب باغلىغان چىمەننى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋايدىن:

— بۇ چىمەننى كىم باغلىدى؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي دېدى:

— مەن. بۇ چىمەننى ئون ئىككى خىل گۈلدىن تاللاپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن باغلاپ ئېلىپ كەلدىم. هازىر باغدا باهار بولدى، گۈللەر ئېچىلدى، بۇلبۇللار سايرىدى، دەرەخلەر كۆكەردى، بۇ باغنى سەير - تاماشا قىلىش ۋاقتى بولدى.

شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلى تىنماي بوۋاينى خالىيغا چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن يالۋۇرۇپ سوراپ بۇ ئەبياتنى ئوقۇدى:

ئەي، باغبان، سەندىن سوئال قىلايىن،
ماڭا راستىن ئايتىڭ غېرىب كەلدىمۇ؟
بۇ چىمەننىڭ مەنىسىنى بىلەيىن،
ماڭا راستىن ئايغىل غېرىب كەلدىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گۈل ھىدىدە غېرىبىمنىڭ بۇيى بار،
بۇ چىمەننىڭ ئۆزگىچە خۇلقى بار،
غېرىبىمنىڭ كۆز ياشىنىڭ سۇيى بار،
راستىن ماڭا دېگىل غېرىب كەلدىمۇ؟

بوۋا چىقىپ يەنە چىمەن باغلاپ كەل،
ئىلگىرىكىدىن ئارتۇق يورەك داغلاپ كەل،
سەن ھەم ماڭا ئوخشاش بولۇپ يىغلاپ كەل،
تازا بىلىپ كەلگىن غېرىب كەلدىمۇ؟

ئەي باغبان، سېنى ئاتام بىلەيىن،
تا ئۆلگۈچە ساڭا خىزمەت قىلايىن.
دۇنيا بىرلە سېنى رازى قىلايىن،
مەندىن يوشۇرمىغىن غېرىب كەلدىمۇ؟

بوۋاي:
— توغرا، خۇدا بەرگەن بىر بالام بار، — دەپ جاۋاب بەردى.
شاھ سەنەم ئاغچەخاننى چاقىرتىپ:
— ئاتامدىن باغنى سەير - تاماشا قىلغىلى رۇخسەت ئېلىپ كەل، — دېدى. ئاغچەخان دەرھال كىرىپ پادشاھدىن رۇخسەت ئېلىپ چىقتى. بوۋاي قايتىپ كېلىپ غېرىبقا دېدى:
— بالام، سەن بۇ يەرلەرنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ قويغىن. شاھ سەنەم قىزلار بىلەن كېلىدۇ.
غېرىب تېزلىك بىلەن باغنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن بىر توپ چىنارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، يوشۇرۇندى. شۇ چاغدا شاھ سەنەممۇ قىزلار بىلەن يېتىپ كەلدى. كۆلنىڭ لېۋىدە، گۈلزارلىقنىڭ چېتىدىكى سۇپىغا بىساتلار سېلىنغلىق ئىدى. ئۇلار شۇ يەرگە چۈشتى. شاھ سەنەم قىزلارغا تاماشا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى. ئۆزى باغنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ، غېرىبنى كۆرمىگەندىن كېيىن، ۋادەرىخا، غېرىبىم كېتىپ قالغان چېغى دەپ ئەندىشە قىلىپ، بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى.

ۋاله كۆڭلۈم ئەمدى يۇيغىل قولۇڭنى،
مەن نېتەرمەن ئول غېرىبىم كېتىپتۇر.
تەقدىر زايە قىلمىش سېنىڭ يولۇڭنى،
مەھرۇم بولۇپ ئول غېرىبىم كېتىپتۇر.

كىشى مۇنداق بىۋەپالىق قىلۇرمۇ،
مېنىڭ دەردىم زادى غېرىب بىلۈرمۇ،
فەرياد قىلسام غېرىب يېتىپ كېلۈرمۇ،

ماڭا ئاچچىق قىلىپ غېرىب كېتىپدۇر.

كۆڭلۈم ئالغان غېرىب ئاشىق بولماسا،
غېرىب ئوخشاش ئاشىق سادىق بولماسا،
ئاندىن بۆلەك ماڭا لايىق بولماسا،
مەن نەيلەيىن، جانىم غېرىب كېتىپدۇر.

مەن گۈلچىنمەن ئۆزۈم ئىستەپ باقايچۇ،
شۇڭقار كەبى كۆكتە قانات قاقايچۇ،
غەۋۋاس بولۇپ كۆلگە كىرىپ باقايچۇ،
ئېهتىمال، ئۇ ئۆزىنى پىنهان ئېتىپدۇر.

شاھ سەنەم ئۆزىنى كۆلگە تاشلاي دەپ تۇرغاندا غېرىب ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. بۇ ئىككى ئاشىق كۆرۈشۈپ جان ـ تەنلىرى بىلەن خۇشال بولۇشۇپ، كۆزلىرىدىن ياش راۋان بولدى. بۇلار ۋىسال مەيىدىن نوش ئېتىپ، باغدا كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپ ئىدى. كېنىزەكلەر ئىچىدە شىرىن دېگەن بىر كېنىزەك بار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا بېرىپ ئېيتىپ قويدى. پادشاھ دەرھال زىندان بەندىلەرنى چاقىرىپ، غېرىبنى ھېچكىمگە تۇيغۇزماي تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

زىندان بەندىلەرنىڭ باشلىقى ئەلى قول ئاستىدىكىلەرنى ھەر تەرەپكە بۇيرۇپ، ئۆزى يالغۇز باغقا كىرىپ، غېرىب بىلەن شاھ سەنەم ئولتۇرغان يەرگە كەلدى. بۇلار ئەلى زىنداننى بەندنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ، ھېچ ئىلاج تاپالماي ئورنىدىن تۇردى ۋە شاھ سەنەم ئەلىگە بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

بىز ئاشىقى سادىقمىز، فىسق ئەھلى گۇمان قىلما،
دۈشمەنگە ۋەفا ئەيلەپ، دوستلارغا يامان قىلما،
بۇ سىرنى نىهان تۇتقىل، ھېچكىمگە بەيان قىلما،
ئاتامغا قىلىپ مەلۇم، رەسۋايى جەھان قىلما،
بىزلەرگە تەرەھھۇم قىل، دۈشمەنگە ئەيان قىلما.

ئەيلەپ بۇ غېرىبىمنى كۆڭلۈم ئىچىدە مېهمان،
سەن بىزگە تەرەھھۇم ئەت، پۇل ـ ماللار قىلاي ئېهسان،
غېرىبنى بۇ باغ ئىچرە كۆڭلىنى قىلاي خەندان،
ئىشق ئىچرە تۇشۇپدۇرمىز قولۇڭغا سېنىڭ گىريان،
ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭ ئۆلتۈر ھېچكىمگە بەيان قىلما.

لەيلى بىلەن مەجنۇندەك بىز ئاشىقى دەرماندا،
فەرھاد ئىلە شىرىندەك ھەسرەت بىرلە ئەرماندا،
ھەم ۋامۇقۇ ئۇزرادەك ھەر سۇبھىدە ئەففاندا،
پەرۋانە سىفەت بىز ھەم كۆيمەك بىلە ھەيراندا،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەۋارە بولۇپيۈرمىز، سۇد ئەيلە، زىيان قىلما.

ئەلى زىندان بەندىنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، رەھمى كەلدى ۋە ئۇلارغا:

— سىزلەر ھەرگىز قورقماڭلار، مەن سىزلەرنى كۆرمىدىم، دەپ چىقىپ كەتتى ۋە ھەممە زىندان بەندىلەرنى يىغىپ، غېرىب يوق ئىكەن، — دەپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ قۇرئەندازلارنى چاقىرتىپ، پال ئاچتۇردى، بۇنىڭ بىلەنمۇ ھېچ ئىش ھاسىل بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ شىرىن دېگەن كېنىزەكنى چاقىرتىپ، سەن قىزىمغا تۆھمەت قىلىپسەن، دەپ زىندانغا سالدى.

بوۋاي بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ، گۈلچىمەن بىلەن غېرىبقا:

— پەرزەنتلىرىم، سىزلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە، چېغىمىنىڭ يېتىشىچە ئىلاج قىلىپ باقتىم. ئەمدى پادىشاھ بىلىپ قالسا، سىزلەر بىلەن مېنى تىرىك قويمايدۇ. غوۋغا شۇنچىلىك بېسىلغاندا، غېرىبجان بالام، جېنىڭنى بىر ياققا سالامەت ئېلىپ بېرىپ، مېنى ۋەھىمە - ئەندىشىدىن قۇتقازغىل، — دېدى.

گۈلچىمەن باغۋەن بوۋايغا كۆپ ئىنئام - ئېھسانلارنى بەردى. غېرىب بىچارە نائىلاج شاھ سەنەم بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. كېچىسى ئۆز ئۆيىگە كەلدى. ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشتى. بۇلاردىن رازىلىق ئالدى. ئاندىن چىقىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە بىلەن خوشلىشىپ شىرۋانغا قاراپ يولغا چىقتى.

غېرىب يول بويى گۈلچىمەننى ياد قىلىپ، جۇدالىق دەردىدە ئۆرتىنىپ يىغلايتتى. ئاز - ئاز يۈرۈپ، ئارقىسىغا قارايتتى. شۇ تەرىقە يول يۈرۈپ، دەشتى باياۋانلارنى كېزىپ، ئاخىر دىنار تېغىغا بېرىپ قالدى. ئەمدى بۇ تاغدىن قانداق ئۆتەرمەن دەپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا بىر پالۋان ئۇچراپ، ھال - ئەھۋال سوراپ، يول كۆرسىتىپ قويدى. غېرىب بۇ تاغقا قاراپ ئېيتتى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىب يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

شۇنىڭدىن كېيىن تاغقا مىڭ بىر جاپالار بىلەن چىقتى ۋە تاغ تۆپىسىدە تۇرۇپ ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئىشق دەشتىدە بەلاغە مۇبتەلا بولدۇم نېتەي،
ھەم زەمان يۈزمىڭ بەلاغە ئاشنا بولدۇم نېتەي،
تاپمايىن دەردىمگە دەرمان، بىداۋا بولدۇم نېتەي،
يارۇ دىلبەرنىڭ ۋىسالىدىن جۇدا بولدۇم نېتەي،
ئايرىلىپ مەھبۇبىدىن يىغلاپ ئادا بولدۇم نېتەي.

كىمگە دەردىم ئايتايىن مەھرەم نىگارىم بولماسا،
دەردۇ ھالىم ئايتقالى بىر ياخشى يارىم بولماسا،
يار بارۇرغا، يا تۇرارغا ھېچ قەرارىم بولماسا،

تاغ ئارالاپ تەشنەدۇرمەن گۇلئۇزارىم بولماسا،
ئىشق دەستىدە شەھىدى كەر بەلا بولدۇم نېتەي.

مەن بۇ غەم ئاستىدا قالدىم تۇرفە شەيدا قىلدى ئىشق،
ياغدۇرۇپ باشىمغا ھىجران باشى - غەۋغا قىلدى ئىشق،
كۆرسەتىپ بىر لەيلىنى، مەجنۇنى رەسۋا قىلدى ئىشق،
ھىجر ئارا تاشلاپ مېنى، بىر - بىر تاماشا قىلدى ئىشق،
گۇلچىمەننىڭ ئىشقىدا مىسلى گەدا بولدۇم نېتەي.

ھېچ كىشكىم مەن كەبى ئۆز ياردىن ئايرىلماسۇن،
دەردۇ غەم بىرلەن قاناتى سۇنماسۇن، قايرىلماسۇن،
بۇلبۇلى شۇرىدەدەك گۇلزاردىن ئايرىلماسۇن،
باغبان ھەم مېۋەئىي ئەشجاردىن ئايرىلماسۇن،
تۇتىلاردەك شەككەرىستاندىن جۇدا بولدۇم نېتەي.

مەن بۇگۇن فەرھاد يەڭلىغ تاغنى قازسام نى ئەجەب،
ياكى دەفتەر ئۆزرە ئۆز ھالىمنى يازسام نى ئەجەب،
ۋامىقۇ ئۆزرا مەسەللىك سۆزدىن ئازسام نى ئەجەب،
ياكى ئول پەرۋانەدەك ئۆزنى گۇدازسام نى ئەجەب،
چۇنكى مەن ھەم ئىشق دەشتىدە فەنا بولدۇم نېتەي.

ئەندى مەن يۇسۇفنى ئىزدەپ چاھقا تۇشكۇمدۇر بارىپ،
گۇلچىمەننىڭ يارى بىرلە كەھرىبادەك سارغارىپ،
يارنى ئىزدەپ ئەي - ھاي، دەرمەن جەھاننى ئاختارىپ،
گەرچە تاپسام ئۇ ماڭا بولماس بىھەم مەن بىر غەرىب،
ئاھ كىم، فۇرقەت ئوتىدا بىنەۋا بولدۇم نېتەي.

مەن كەبى ئاشىقنى مەقسۇدىغە يەتكۇزمەس فەلەك،
دىلبەرىم ۋەسلىگە يەتمەكنى رەۋا كۆرمەس فەلەك،
چەرخى كەجرەفتار دۇركىم، ئوڭ تەرەپ يۇرمەس فەلەك،
بىز غەرىب بىچارەلەرنىڭ ھالىنى سورماس فەلەك،
ئەي ۋەفاسى يوق فەلەك مەن پۇرجەفا بولدۇ نېتەي.

غېرىب بىرنەچچە كۇن يول يۇرۇپ، شىرۋانغا يېتىپ باردى. شاتىر بوۋا بىلەن كۆرۈشتى. ئىلگىرىكىدەك بىرنەچچە زامان مەجلىس - بەزمىلەردە بولدى. ئۇنىڭسىز بەزمىلەر قىزىماس ئىدى. ئەمما غېرىب گۇلچىمەننىڭ ئىشقىدا زارۇ - سەرگەردان ئىدى.

غېرىب شىرۋانغا كەلگەندىن كېيىن گۇلچىمەن ئول كۇنى باغدىن قايتىپ، ئۆز ھۇجرەسىغا كىرىپ، مەست بولغان كىشىدەك بىخۇد ياتار ئىدى. يۇزى غازاڭدەك سارغىيىپ سۆزلەشكە ماجالى قالمىدى. غىزا ھەم يېمەس ئىدى. پادىشاھ مۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

تېۋىپلارنى چاقىرتىپ، باقتۇردى. ھېچ ئىلاجى بولمىدى. ئەسما گۇلچېھرەنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى. بىر كۈنى گۇلچېھرەن سىڭلىسى گۇلناھال ۋە ئاغچە خانغا دەرد - ئەھۋال ئېيتىپ، بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

سىڭلىم گۇلناھال، ئول غەرىبىمنى تاپ،
ئانىڭ دەردىدە بولدى ھالىم خاراب.
يارىپ ئول غەرىبىمنى كەلتۈر ماڭا،
سەن كەلگۈنچە ئۆلتۈرۈرمەن قاراپ.

ئانىڭ فۇرقەتى بىخۇد ئەتتى مېنى،
ئىچەي ئېلىكىدىن بادەئىي مۇشك ناب.
غەرىبىنىڭ فىراقىدا بىھۇشمەن،
مېنى ھۇشيار ئەيلە كەلتۈرۈپ گۇلدەب.

مەلامەتدىن ھەم زەررە قورقۇنچ يوق،
تۇرارمەن غەرىبىنىڭ يولىغا قاراپ.
ئەگەر كەلمەسە يوق بۇ ئالەمدە مەن،
مېنى دەفنى قىل يەرگە سەن يۈپ - تاراپ.

چۇ مەندىن غەرىبكە دېگىن كۆپ دۇئا،
كېلۈرغە شىتاب ئەيلەسۈن ئالدىراپ.

گۇلناھال:

— گۇلچېھرەن، سەن ھەرگىز غەم يېمىگىن، سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما، غېرىبقا كېلىشتۈرۈپ «فىراقنامە» يېزىپ ئەۋەتەيلى، دېدى ۋە نامىنى پۈتۈپ ئاغىسى مۇھەممەت سادىقتىن شىرۋانغا ئەۋەتتى. مۇھەممەت سادىق غېرىبنى تېپىپ، گۇلچېھرەنىڭ نامىسىنى بەردى. غېرىب نامىنى ئوقۇدى:

ئەي ۋەفادار مېھرىبانىم، سىز ماڭا يار ئەردىڭىز،
ئىشق زارىدىن مېنىڭدەك سىزمۇ ئەفگار ئەردىڭىز.
يادىڭىزدا ئۆرتەنۈرمەن كېچە - كۈندۈز بىقەرار،
لېك سىز ھەم مەن زەئىفنىڭ ئىشقىدا زار ئەردىڭىز.

زەررە ھالىم قالمادى فۇرقەت ئوتىدا ئۆرتەنىپ،
مەن غەرىب بىچارەگە سىز خوپ خەبەردار ئەردىڭىز.
بىر كېلىپ، ئەلۋەتتە، ھالىمنى كۆرۈپ، پەرۋا قىلىڭ،
چۈنكى قىلغان ئىشلارىمدا سىز مەدەدكار ئەردىڭىز.

كاشكى كۆرسەم تۈشۈمدە سىزنى مەن ئەي دىلبەرىم،

ئىشق دەردىنىڭ بەلاسىغە گىرىپتار ئەردىڭىز.
مەن ھەمىشە زار يىغلارمەن جۇدالىق دەردىدىن،
شاد ئېتىڭ مەن خەستەنى ئەي يار ھوشيار ئەردىڭىز.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن گۈلناھالنىڭ ئاغىسى مۇھەممەت سادىق غېرىبنى ئابدۇلقەھھار بەگدىن تىلەپ، قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن رۇخسەت ئالدى. بۇ ئىككىسى بەكرى ئابادقا يوشۇرۇن يېتىپ كەلدى. غېرىب ئانىسى ھەم سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلاردىن رازىلىق ئېلىپ خوشلاشتى. ئاندىن چىقىپ پادىشاھنىڭ بېغىغا كەلدى. گۈلچىمەنگە يوشۇرۇن خەۋەر قىلدى. گۈلچىمەن شاد - خۇرام بولۇپ، ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، قىزلار بىلەن باغقا كەلدى، غېرىب بىلەن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. بىرنەچچە كۈن ئۇچراشتى.
كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ ئابباسخانغا شىرۋاننىڭ ھاكىمى ئابدۇلقەھھار بەگنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق خەت كەلدى. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، غېرىبنى سالىھ ھاكىم بەگ قۇززاتقا ئېلىپ بېرىپ ساقلىسۇن، دەپ نامە يازدۇرۇپ، مۆھۈر بېسىپ ئەۋەتتى. گۈلناھال بۇ ۋەقەلەرنى غېرىب بىلەن گۈلچىمەنگە بايان قىلدى. گۈلچىمەن كۆپ يىغلىدى ۋە بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ سەن شىرۋانغا،
بار غەرىبىم تىنچلىق بىلەن كەلگەيسەن.
تاپشۇرۇپمەن سېنى قادىر سۇبھانغا،
خوش، غەرىبىم يەنە ئامان كەلگەيسەن.

جۇدالىقتىن يۈرەك - باغرىم ئېزىلدى،
يىغلاماي نەيلەيىن كۆڭلۈم بۇزۇلدى.
سېنىڭ بىرلەن قىلغان ئەھدىم ئۈزۈلدى،
بار غېرىبىم ئېسەن - ئامان كەلگەيسەن.

ئىلاجىم يوق، رازى بولغىن مېنىڭدىن،
رازىدۇرمەن مەنغۇ يارىم سېنىڭدىن.
ئايرىلماسام ئېردى كاشكى يانىڭدىن،
ئەندى يەنە قايتىپ قاچان كەلگەيسەن؟

ئەندى كېلۇر - كەلمەسلىكىڭ گۇماندا،
تىنچ - ئامان كېلۇرسەن، ئىگەم تۇتسا ئاماندا.
بۇ گۈلچىمەن سېنىڭ ئۈچۈن قىغاندا،
ھەسرەت بىلەن كۆپ يىغلار ئامان كەلگەيسەن.

غېرىب بىچارە گۈلچىمەنگە جاۋابەن يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

قادىر ئىگەم غەرىبلىققا سالماسا،

يىغلاما سەنەمجان يەنە كېلۇرمەن.
ئەجەل يېتىپ پەيمانەمىز تولماسا،
يىغلاما گۇلچىمەنخان يەنە كېلۇرمەن.

مېنى كەتتى دەبان قىلما كۆپ فىغان،
جۇدالىق ئوتىدا بولما سەرگەردان.
ئۇلۇمدىن ساقلاسا بىزنى ھەق رەھمان،
گۇلچىمەنخان، يىغلامىغىن كېلۇرمەن.

فەراموش ئەتمەگىمدۇر ئەگمە قاشىڭنى،
نەركەسىدەك كۆزۈڭدىن تۆكمە ياشىڭنى.
سەلامەت ئېيلەسۇن دەرددىن باشىڭنى،
يىغلامىغىن، شاھ سەنەم، يەنە كېلۇرمەن.

ئايتالمادىم دەردىم ئېردى زىيادە،
بۇ ھىجران چۆلىگە كىردىم پىيادە،
نە يەرگە يەتكۇرۇر بىزنى ئىرادە،
ئۇلمەي ئېسەن بولسام يەنە كېلۇرمەن.

غەرىب ئاشىق ياتقان يەردە ياتقايسەن،
غەيرەت قىلىپ تەننى تەنگە قاتقايسەن،
چىن ئاشىقدەك ئۇزنى ماڭا قاتقايسەن،
خوش ئەمدى، گۇلچىمەن، يولغا يۈرۈرمەن.

غېرىب يىغا – زارە بىلەن شىرۋانغا قاراپ، يولغا راۋان بولدى. گۇلچىمەن غېرىبنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ قالدى.

غېرىب كەتكەندىن كېيىن گۇلچىمەن ئۇنىڭ دەردى پىراقىدا ھەيران، سەرگەردان بولۇپ، بىخۇد ياتار ئىدى. گاھى ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ چۇشكەن قىل مەسەللىك تولغىنار ئىدى. گاھى چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ، كۆزلىرىدىن تارام – تارام ياشلار ئاقار ئىدى. شاھى ئاbbas قىزىنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، بىرنەچچە داخان – پىرىخانلارنى كەلتۇرۇپ ئوقۇتتى. بۇنىڭدىن ھىچ نەرسە ھاسىل بولمىدى.

غېرىب بىچارە پىيادە يول يۈرۈپ، دىنار تېغىدىن ئۆتۇپ، شىرۋان تەرەپكە كېتىۋاتاتتى، يولدا بىرمۇنچە كارۋانلار يولۇقتى. ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شىرۋانغا يېتىپ باردى. قارىسا ئاۋۋالقى يارۇ دوستلىرى ھەر تەرەپكە تارقاپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورايدىغان ھېچكىشى قالماپتۇ.

غېرىب ھەيران بولۇپ يۈردى. كۆپ ئۆتمەي پادشاھ ئاbbastىن شىرۋان ھاكىمىغا مۆھۈرلۈك خەت كەلدى. خەتتە: «غېرىبنى شىرۋاندىن قوزات شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، سالىھ بەگكە تاپشۇرۇلسۇن» دېيىلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ غېرىبنى قوزات شەھىرىگە ئېلىپ باردى. سالىھ بەگ رەھىمدىل، ياخشى كىشى ئىدى. بۇ ئادەم غېرىبقا بىرمۇنچە نەسىھەت

قىلىپ:

— بۇ يەردە تىنچ، ئۆز ئىختىيارىڭچە يۈرگىن، كېيىن ۋاقىت تېپىپ، سېنى پادىشاھ-تىن سوراپ، ئۆز يۇرتۇڭغا ئەۋەتىمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن غېرىب بىچارە ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، ئاھ - پىغانلار چېكىپ، بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئاقىۋەت غۇربەتچىلىككە تاقەت قىلالماي، يا يۇرتىدىن، يا ئانىسى، سىڭلىسى ۋە مەھبۇبى گۈلچېمەندىن خەۋەر ئالالماي، يەنە شىرۋان شەھىرىگە يېنىپ كەلدى. ئەمما بۇ يەردىمۇ ئۆزۈن تۇرالماي، تەختى سۇلايمان دېگەن يەرگە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر يىل تۇردى. كۆپ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ نۇرغۇن مازار، گۈمبەزلەرنى، باغۇ بوستانلارنى ساياھەت قىلدى. گاھى تاغ - دەشت سەھرالارنى كېزىپ. گاھى غار ئىچىگە كىرىپ ھەپتىلەپ، ئايلاپ كىشىلەر كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئىشق دەردىدە مەست، بىخۇد بولۇپ يۈردى. شۇ يوسۇندا ئۈچ يېرىم يىل ئۆتتى.

غېرىب شىرۋانغا ئاخىرقى قېتىم كەلگەندە بابا نىياز خوراسانى دېگەن شەپقەتلىك كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇشتى، بۇ ئادەم غېرىبنى دۇكىنىغا باشلاپ ئېلىپ بېرىپ، ھال - ئەھۋال سورىدى. غېرىبنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن بابانىيازنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، ئۆز قېشىدا تۇرۇشنى ئۆتۈندى. بۇ جەرياندا بابا نىياز غېرىبغا كۆپ خېرىدارلىق قىلدى. ئەمما بىرنەچچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن، بابا نىيازمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. غېرىب تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى غېرىب ئۆيىنى سېغىنىپ، ئۆز يارىنى ياد ئېتىپ، ئانىسى - گۈلچەھرە، سىڭلىسى گۈلجەمىلە ۋە مەشۇقى گۈلچېمەنگە ئۈچ پارچە خەت يازدى. بۇ خەتلەر شاھى ئابباسنىڭ قولىغا چۈشتى. شاھى ئابباس خەتلەرنىڭ كىم - كىملەرگە يېزىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ خەتلەرنى ۋەزىرى ئەيىنىددىنگە كىرگۈزدى. ئەيىنىددىن پادىشاھقا دېدى:

— ئەي پادىشاھىم، ۋەدىگە ۋاپا قىلماق كېرەك، غېرىبنى شىرۋانغا ئەۋەتكىلى يەتتە يىل بولدى. ھازىر يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردى. غېرىبنىڭ گۇناھى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەن بولسىلا، غېرىبنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاشىقنى مەشۇقىغا قوشۇپ مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزسەڭ، غېرىبنىڭ بىچارە ئانىسى، ئاجىز سىڭلىسى كۆپ خۇرسەن بولاتتى. پادىشاھ نائىلاج غېرىبنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى چاقىرتىپ، بۇلارغا غېرىبنىڭ يازغان خېتىنى بەردى. خەتنى گۈلجەمىلە ئوقۇ-دى. خەتتە كۆپ تەسىرلىك سۆزلەر بار ئىدى. غېرىبنىڭ ئانىسى ھەم سىڭلىسى گۈلجەمىلە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قاتتىق ئۈن بىلەن يىغلاشتى ۋە ئىختىيارسىز ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئېرىگەندەك بولدى. ئۈچىنچى خەتنى گۈلناھال ئارقى-لىق گۈلچېمەنگە كىرگۈزۈپ بەردى. پادىشاھ ئورنىدا ئولتۇرالماي، ئاستا ماراپ بېرىپ قىزى گۈلچېمەننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇردى. گۈلچېمەن خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئىختىيارسىز نالە - پىغانلار بىلەن ئاھ ئۇرۇپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، يېنىپ بېرىپ ئۆز جايىدا ئولتۇردى. دەرھال تېۋىپلارنى چاقىرتىپ، دورا - دەرمانلار بىلەن ئىلاج قىلدۇردى. ئەمما شاھ سەنەم ھوشىغا كەلمىدى. پادىشاھ گۈلچېمەننىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، بۇلارنى مۇنداق سەرگەردان قىلىپ قويغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلدى ۋە ۋەزىرگە بۇيرۇق قىلىپ غېرىبنى تېپىپ كېلىشنى تاپشۇردى.

غېرىب بىچارە يۇرتىدىن، گۈلچېمەندىن، ئانىسى ۋە سىڭلىسىدىن خەۋەر ئالالماي، شاھ سەنەمنى ياد قىلىپ تولا يىغلار ئىدى. بىر كېچە غېرىب شاھ سەنەمنى چۈشىدە كۆردى.

ئويغىنىپ، تۇرغاندىن كېيىن بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

شامۇ سەھەر فەرياد ئېتىپ،
ئاھ سەنەم دېسەممۇكىن.
غەملىك كۆڭۈلنى شاد ئېتىپ،
گۈلچىمەننى دېسەممۇكىن.

كۆيۈپ سەنەمنىڭ ئوتىدىن،
كەتتىم ئاتامنىڭ يۇرتىدىن.
بىر سۆز ئىشىتتىم تۇتىدىن،
بۇ سىرىمنى دېسەممۇكىن.

تۈشۈمدە كۆرمىشمەن ئانى،
ياد قىلۇرمۇ ئول مېنى.
بولسا ئامان جانۇ تېنى،
دەرد - ئەلەمىم دېسەممۇكىن.

ئاتىم ئىدى ئابدۇلۋاھاب،
ئىشق ئوتىدا بولدۇم كاۋاب.
دىلبەر ئۈچۈن ھالىم خەراب،
ئاھ سەنەمىم دېسەممۇكىن.

ياد ئانامنى كۆرمەدىم،
ھالۇ دىلىنى سورمادىم.
يار بىلەن مەن يۈرمەدىم،
دەردۇ غەمىم دېسەممۇكىن.

ئەندى مېنىڭ ئاتىم غەرىب،
قالدىم غەم ئىچرە سارغايىپ،
كۆرەر كۆزۈمدىن ئايرىلىپ،
ئۆز ئەمەلىم دېسەممۇكىن.

غېرىب بىچارە گۈلچىمەننىڭ ئىشقىدا دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، تاغۇ تاش سەھرالاردا يۈرۈپ، كۆپ مۇشەققەتلەر چەكتى. تولا يىغلاۋېرىپ، ئاقىۋەتتە كۆزلىرى كور بولۇپ قالدى، ئۇشبۇ ھالدا قۇزات شەھىرىگە كىرىپ، كوچىلاردا ئاھ سەنەم، دەپ مەست - مۇستەغرەق يۈرەتتى. ئۇششاق باللار غېرىبنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالاتتى. بۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىدە قەدىم زاماندىن قالغان «ئاشىقلار قۇدۇقى» دەپ ئاتالغان بىر چوڭقۇر قۇدۇق بار ئىدى. ئاخىرىدا غېرىب ئاھ چېكىپ، يىقىلا - قوپا يۆمىلىنىپ بېرىپ، شۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىغلاشتى. غېرىبنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى بىر كېنىزەكنىڭ ئاغىسى ئارقىلىق بەكرى ئابادقا يەتكۈزمەكچى بولدى.

شاھ سەنەم شۇ كۈنلەردە غېرىبنىڭ پىراقىدا ئاھ - پىغانلار چېكىپ، غېرىبنى بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بىر كېچە شاھ سەنەم چۈش كۆردى. ئاسماندىن بىر قۇش كېلىپ، گۈلچىمەننىڭ قولىدىن ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ھاۋاغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. دەرھال چۆچۈپ ئويغاندى. شۇ زامان ئاغچە گۈلناھالنى چاقىرىپ، شىرۋان تەرىپىدىن كارۋان خەۋىرىنى بىلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. گۈلچىمەننىڭ كۆڭلى ئەنسىرەپ، يۈرىكى ئېغىپ، بىتاقەتلىك بىلەن بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى.

غەمدىن قۇتۇلمادى مېھنەتلىك باشىم،
يەنە باشىدىن غەم - غۇسسەگە يار ئولدۇم.
غەرىب ئېردى كېچە - كۈندۈز يولداشىم،
ئەندى يۈزىن بىر كۆرگەلى زار ئولدۇم.

بىرنەچچە ۋاقىت ۋەسلى بىلەن شاد ئىدىم،
غەم قايغۇدىن بىر ياخشى ئازاد ئىدىم.

ۋەيرانەلىك كۆرمەي خۇش ئابات ئىدىم،
ئىشق ئېلىگىدىن، ئەندى كۆرۈڭ، خار ئولدۇم.

يار ۋەسلىگە يېتەرمەنمۇ جەھد ئېتىپ،
ۋەفا قىلماي قالدىمۇكىن ئەھد ئېتىپ.
ياكى خىزمەت قىلالمادىم زۇھد ئېتىپ،
خەلايىقلار ئىچرە شەرمىسار ئولدۇم.

سەنەم ئايتۇر ئەندى ماڭا سەفا يوق،
يارىم ئۇزاپ كەتتى ئەندى ۋەفا يوق.
ئەي گۈلچىمەن، بۇ دەردىڭگە دەۋا يوق،
يەنە قانداق بەلالارغا يار ئولدۇم.

گۈلناھال شاھ سەنەمنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، تەسەللى خاتىر ئۈچۈن بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

يىراقلىق دەردى تەقدىر قىسمەتى،
نىچۇك مۇنچە بىمەدارلىق، ئەي سەنەم.
نەچچە يىلدۇر مەنمۇ چەكتىم مېھنەتى،
مۇنچە نېمە بىقەرارلىق، ئەي سەنەم.

سەبىر بىلەن ئاشىق يېتەر مۇرادە،
بىر - بىرىدىن جۇدا قىلغان ئىرادە،
بىسەبىرلىك قىلماق ھەددىن زىيادە،
نىچۇك مۇنداق ستەمكارلىق، ئەي سەنەم.

مېنى ئاغچە دەرلەر ئاتىم گۈلناھال،
بەش كۈن بولسىمۇ ئويناپ - كۈلۈپ ئال.
ئۆمۈر ئۆتسۈن بۇ دۇنيادا خۇشال،
مۇنچە قىلماق بىقەرارلىق، ئەي سەنەم.

قالغان قىزلارمۇ تەسەللى خاتىر ئۈچۈن گۈلچىمەنگە نەسىھەت قىلىپ تۇرغاندا، غېرىبنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى بىر كېنىزەك ئاغىسىدىن ئىشتىپ كىردى، شاھ سەنەم بىر پەس بىتاقەت بولۇپ يىغلاپ، غېرىبنىڭ ئانىسىنى ۋە سىڭلىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاغچە گۈلناھال بۇلارنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن گۈلچىمەن بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

قۇلاق سالغىن ئەندى مېنىڭ سۆزۈمگە،
شەفقەت بىلە باققىل ياشلىق كۆزۈمگە،
نەزەر قىلغىن زەئفەر بولغان يۈزۈمگە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خەربدارلىق بازارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

يەتتە يىل يۈرۈپدۇر شىرۋاندا،
مېنى قويدى ھەسرەت بىرلەن ئارماندا.
ئۆزى ياتمىش تۇشۇپ چاھۇ زىنداندا،
شەھىد بولغان مەزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

ئەندى مەندەك ھېچ كىم داغدا قالماسۇن،
ئەگۇشتەرىن قولدىن بۇلاپ ئالماسۇن.
ھېچ كىمنىڭ باشغا مۇنداق بەلا سالماسۇن،
جەفا چەككەن ئانارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

گۈلچىمەندە قالدى ئەجەب كۆپ ئارمان،
قانچە ئايتسام كەم بولماس داغ ھىجران.
ئۆلگەننى كۆرۈپ كېلىپدۇر كارۋان،
مەندەك سەنمۇ دىلدارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

غېرىبنىڭ ئانىسى بۇنى ئىشىتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قالغانلارمۇ ئىختىيارسىز يىغلاشتى. ئاندىن كېيىن غېرىبنىڭ ئانىسى بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ يىغلايدۇ:

ئاھكىم، ئالەمدىن ئۆتمىش قابىل، ھەممەتلىك بالام،
دەردۇ ھەسرەتلەر بىلەن كەتمىش، شۇ جائەتلىك بالام،
كىمگە ئايتىپ، كىمگە يىغلاي دەردۇ ئەھۋالىمنى مەن،
يۈرەكىم زەردابقا تولدى بولدۇم ھەسرەتلىك بالام،
كۆزلەرىمنىڭ رەۋشەنى، جانۇ تەنىمنىڭ راھەتى،
خۇش قىلىق، شىرىن زەبان، سۆزى لەززەتلىك بالام،
ئايرىلىپ ئەندى سېنىڭدىن، مەن نىچۈك تاقەت قىلاي،
تا قىيامەت بولدۇم ئاخىر داغۇ فۇرقەتلىك بالام.
ئاھ مەن گۈلچېھرە بىچارە ئانالڭ يىغلاپ مۇدام،
بولدۇم ئەندى دەردۇ ھەسرەتتە نەدامەتلىك بالام.

گۈلجەمىلە بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ يىغلايدۇ:

مەن نېتەي ئالەمدىن مېھرىبان قارىنداشىم،
ئاھكىم، بولدى ماڭا ئاخىر زەمان قارىنداشىم.
بۇ فەلەك غەددارنىڭ ئىلكىدە تارتىپ كۆپ جەفا،
ئاخىرى قىلمىش سەفەر سۆيى جىنان قارىنداشىم.

ئىستەسەم ئالەمنى تاپماسمەن ئاكامدەك بىر غەرىب،

بەرقى ھەسرەت بىرلە كۆرتەندى بۇ جان، قارىنداشىم.
گۇلجەمىلە ئەندى ئايرىلمىش بەھارى باغدىن،
ياخشى خۇيلۇق، خۇشلەقا شىرىن زەبان قارىنداشىم.

* *

شاھى ئابباس بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ، تېخىمۇ قاتتىق پۇشايمان يەپ، بۇ بېيىتلارنى ئوقۇيدۇ:

ئۆز يۇرتىنىڭ قەدرىن بىلمەس مۇقىملىقدا،
غەرىب بولۇپ ئۆزگە يۇرتدا يۇرمەگۇنچە.
ياخشىلارنىڭ قەدرىن بىلمەس ھېلىملىقدا،
يىرىك سۆزلۈك يامانلارنى كۆرمەگۇنچە.

شاھلار بىلمەس گەدالىقنىڭ كۆلفەتلەرىن،
بايلار قايدىن بىلۇر چەككەن مېھنەتلەرىن،
خىجالەتدە فېقىر تارتقان ۋەھشەتلەرىن،
قايدىن بىلسۇن ھەسپى ھالىن سورماغۇنچە.

غەفلەت بىلەن ئىشق قەدرىگە يەتمەپدۇرمەن،
غەرىب ھالىق سوراپ پەرۋا ئەتمەپدۇرمەن.
قەدەم قويۇپ كەئبەسىرى كەتمەپدۇرمەن،
نېچۇك يەتكۇم، ھىممەت ئوتىن سۇرمەگۇنچە.

ئاباس مۇدام ئىشق ئەھلىنى ياد ئەيلەگىل،
غەرىب - مىسكىنلەرنىڭ دىلىن شاد ئەيلەگىل.
ھۆكۈمەتدە سوراغ ئەدلى داد ئەيلەگىل،
زۇلۇم قىلما، ئەدل بىرلەن سورماغۇنچە.

ئاشىق ئەھلى دائىم يۇرەر مەلامەتدە،
رەنجۇ مېھنەت كۆرەر ھەردەم مەشەققەتدە.
خەلق تىلىدىن بولماس ئىمىش سەلامەتدە،
ئاشىق بولماس مەلامەتنى كۆرمەگۇنچە.

ئاشىق بولماي ئىشق قەدرىنى بىلەلمەدىم،
بىلگەن چاغدا مەن ئۇلارنى تاپالمادىم.
تەغدىرغە ھېچ تەدبىر - ئىلاق ئېتەلمەدىم،
ئاباس نېتەر ئىشقنى ئۆزى كۆرمەگۇنچە.

www.uyghurkitap.com

* *

شۇ كۈنلەردە گۈلچىمەن بىچارە يول جابدۇقلىرىنى هازىرلاپ، كېنىزەك قىزلار بىلەن شىرۋان شەھىرىگە كېلىپ، غېرىب چۈشكەن قۇدۇقنىڭ لېۋىگە چېدىر تىكتۈرۈپ، بىرنەچچە زامانىنى ئۆتكۈزدى. گۈلچىمەنگە ئۆز يېقىنلىرىنىڭ بەرگەن تەسەللى خاتىرىلىرى كار قىلماي، ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى. ئاخىرىدا غېرىبنىڭ پىراقىدا ھېچ تاقەت قىلالماي، ئاتا - ئانىسىغا ۋە دوست - يارانلىرىغا تۆۋەندىكى ۋىدانامىنى بىر قەغەزگە پۈتۈپ قويۇپ، ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلايدۇ:

مەن كېتەر بولدۇم جەھاندىن، ئەي يارانلار، ياخشى قال،
بىز بىلەن تەڭ چوڭ بولۇشقان نەۋ جەۋانلار ياخشى قال.
مېھرىبان مۇشفىق ئانام مەن خەستەدىن رازى بولۇڭ،
ھەم ئاتام بىرلە قارىنداش مېھرىبانلار ياخشى قال،
ئانچە چۆكتۈم دەردۇ مېھنەت، دوستانلار ياخشى قال.
بالا دەپ ئېغىر قوساقدا كۆتەرىب تارتىپ جەفا،
ئاق سۈتتىن بەرگەن ئانام قىلدىم خەفا ياخشى قال.
گۈلچىمەنى ياد ئېتىڭلار گۈلجەمىلە، گۈلناھال،
بىللە يۈرگەن يارۇ دوستلاردۇر فىشانلار ياخشى قال.
گۈلچىمەن يەتتى مۇرادىغا، يېتىشتى جايىغا،
مەشۇقى ئاشىقنى تاپتى بارچە جانلار ياخشى قال.

كىشىلەر بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنى قۇدۇقتىن ئېلىپ چىقىپ، بىر جايغا دەپنە قىلىدۇ.

* *

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئاتالمۇتا، 1982 - يىل نەشرى) دىن نەشرگە تەييارلاندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

# چۆچەكلەر

## سۇسەمبىل

قەدىمكى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىر ئېشەك ۋە بىر كالىسى بار ئىكەن. باينىڭ يېرى كۆپ بولۇپ، يەرلىرىنى كەمبەغەل دېھقانلارغا تېرىتقۇزۇپ كۈن كەچۈرىدىكەن. باينىڭ ئوغۇللىرى ئېشەك مىنىپ تاماشا قىلىپ يۈرىدىكەن. باي ئېشەككە چىرايلىق ئىگەر توقۇم ياسىتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئېشەكنى بايمۇ، باينىڭ باللىرىمۇ بەك ياخشى كۆرىدىكەن، سۇ ئورنىغا شەربەت، ئوت ئورنىغا قارا ئۈزۈم بىلەن قوناق بېرىپ باقىدىكەن. خوپ، ئېشەك سۇ ئورنىغا شەربەت، ئوت ئورنىغا قارا ئۈزۈم بىلەن قوناق يەپ، ھۇزۇر سۈرۈۋېرىسۇن، ئەمدى گەپنى كالىدىن ئاڭلايلى.

باي كالىنى ئەتىدىن كەچكىچە قوشقا قاتىدىكەن. كالا كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كەلسە، ئالدىغا بىر غەلۋىر سامان تاشلاپ بېرىدىكەن. ھەر كۈنى شۇنداق بولغانلىقتىن كالا بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ.

كالا بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ كېلىپ، سامانىنى يېگۈسى كەلمەي يىغلاپتۇ. قارىسا ئېشەك سۇ ئورنىغا شەربەت ئىچىپ، ئوت ئورنىغا قارا ئۈزۈم بىلەن قوناق يەۋاتقانىكەن. كالىنىڭمۇ شۇ نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىپ ئېشەكتىن:

— ھەي بۇرادەر، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى رەھىم قىلىپ، ماڭىمۇ يېگىنىڭدىن بەر! — دەپتۇ.

ئېشەك كالىغا ئىچى ئاغرىتىپ يېگىنىدىن بېرىپتۇ. ئادەتتە ئېشەكنىڭ ئالدىدا دائىم يېمەكلىكلەر ئېشىپ قالىدىكەن. باي ئەتىگەن چىقىپ قارىسا ھېچ نەرسە يوق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن باي ئېشىكىمنىڭ ئىشتىيى ئەمدى ئېچىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۈزۈم ۋە قوناقنى كۆپلەپ بېرىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى باي قارىسا، ئېشەكنىڭ يەيدىغىنىنى ھە دەپ كالا يەۋاتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن باي ئېشەكنىڭ قورسىقى تويۇپ، خورىكى ئۆسۈپ قاپتىغۇ، دەپ ئەتىسى كالىنى ئېشەكنىڭ ئورنىغا باغلاپ قويۇپ، ئېشەكنى قوشقا قېتىپتۇ. ئېشەك ئۆمرىدە قوش سۆرەپ باقمىغاندىكەن. شۇنداقتىمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، قوشنى سۆرەشكە كۆنۈپتۇ. كەچكىچە قوش سۆرەپ، ھېرىپ - ئېچىپ يېنىپ كەلسە ئاۋۋالقى يەيدىغان نەرسىلىرى يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر غەلۋىر سامان تۇرۇپتۇ. بىچارە ئېشەك ئىلاج يوق سامان يېيىشكىمۇ كۆنۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ باي ئۆشەكنى كۆزگىچە تازا قوشقا سېلىپتۇ. كۆز بولغاندا ئۇزاق يەرلەرگە يۈك ئارتىپ بارىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى خوجايىن ئۆشەكنى مىنىپ، بازارغا بېرىپتۇ. بازاردىن بىر تاغار تۇز سېتىۋېلىپ، تۇزنى ئۆشەككە ئارتىپ، ئۈستىگە ئۆزى مىنىپ، يولدا كېتىۋاتسا، بىردىن ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە يوللار پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. دۈمىسىگە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن بىچارە ئۆشەك يولدا ئاران مېڭىپ كېتىۋاتسا باي:

«تېز ماڭمامسەن؟» دەپ قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ئىككى پۇتى بىلەن تېپەشلەپتۇ. بىچارە ئۆشەك قىينىلىپ كېتىۋاتسا، بىر ئەسكى كۆۋرۈككە دۇچ كەپتۇ. ئۆشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتمەك بولۇپ زورغا كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىققانىكەن، پۇتى تېيىلىپ كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ قىلىپ، باي موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. باينىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ كۆۋرۈكنىڭ تېگىدىن بىر كالتەكنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك «مېنى موللاق ئاتتۇرغان سەنمۇ؟!» دەپ بىچارە ئۆشەكنى ئۆلگۈدەك دۇمبالاپتۇ. ئۆشەكنىڭ پۇتى كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىدە، ئۈستىدە ئېغىر يۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالتەكنىڭ دەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆشەك يىغلاپ يېتىۋاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۈچ - تۆت يولۇچى كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆشەكنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ھەي نائىنساپ! بىر بىچارە تىلسىزنى نېمىشقا شۇنچىلىك ئۇرىسەن؟ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈۋېتەيلى بولمىسا ئۆشەك ئۆلىدۇ، — دېيىشكىنىچە كېلىپ، ئۆشەكنى يۈكتىن خالاس قىلىپ كۆۋرۈكتىن چىقىرىۋاپتۇ. باي تۇزنى ئارتىپ يەنە يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۆشەك ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە ئاران يېتىپ بېرىپتۇ. ئۆيدىكىلەر: «خوجايىن يامغۇردا قېلىپ، كۆپ جاپا چېكىپتۇ» دەپ ئۇنى يۆلەپ ئىسسىق ئۆيگە ئەكىرىپتۇ. ئۆشەكنى تالاغا باغلاپ قويۇپ ئاۋۋالقىدەك بىر غەلۋىر سامان تاشلاپ بېرىپتۇ.

بۇ ئىش ئۆشەككە قاتتىق ھار كېلىپ، «مەن مۇشۇ خوجايىننىڭ قولىدا ئۆمۈر بويى زۇلۇم چېكىپ يۈرىمەنمۇ، بۇ خوجايىندىن ئايرىلىپ كەتسەم ئاچلىقتىن ئۆلەمتىم؟ بولدى ئەمدى بۇ يەردىن كېتەي!» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.

«ئەمدى قاياققا بارسام بولار؟» — دەپ ئويلاپ، ئانىسىنىڭ:

«سۈسەمبىل دېگەن بىر يۇرت بار، ئۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرى قويۇق، سۇلىرى سۈزۈك ھېچكىمنىڭ بىر - بىرى بىلەن كارى يوق، ئازاب - ئوقۇبەتمۇ يوق، يېمەكلىك مول، قورساقتىن ھېچ غەم يوق» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئاپتۇ «ئانىسى بىچارە كۆپ ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، سۈسەمبىلگە بارالماي، ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۆشەك ئاخىر يولغا راۋان بوپتۇ.

بىر ئادەمنىڭ قىرىق توخۇسى بار ئىكەن. مېكيانلىرى ھەر كۈنى بىر كەم قىرىق تۇخۇم تۇغۇدىكەن. بىراق ئىگىسى، ئىنتايىن پىخسىقكەن. توخۇلىرىغا زادى دان بەرمەيدىكەن. توخۇلار ھويلىدىكى ھاشاراتلارنى ۋە قىغلارنى تاتىلاپ، شۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى تېپىپ قورسىقىنى باقىدىكەن.

بىر كۈنى توخۇلار قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا دان ئىزدەپ كىرىپ، قوشنىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەۋرەزدە گۇرۇچ يۇيۇۋېتىپ 5 - 4 تال گۇرۇچنى چېچىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاستا

بېرىپ ھېلىقى گۇرۇچلەرنى يېگىلى باشلاپتۇ. ھويلا ئىگىسى بۇنى كۆرۈپ، «تاخ - تاخ، ھارام ئۆلگۈر» دەپ گۇرجۇكنى ئاتقانىكەن، خورازنىڭ بېشىغا تېگىپ دومىلاپ چۈشۈپتۇ. بۇنىڭدىن خوراز قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ: «باي ھەر كۈنى بىر كام قىرىق تۇخۇم ئالسا، بىزگە بىر تال دان بەرمىسە؛ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارساق، كۆزىمۇ «تاخ - تاخ!» دەپ قوغلىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىلىرىدىن تاياق يېسەك! بۇ يەردە بۇنداق جەبىر - زۇلۇم تارتقاندىن كۆرە باشقا يەرگە كېتىپ تىرىكچىلىك قىلسام بولمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، شۇ زامان يولغا چىقىپتۇ.

خوراز سەھرا يولىدا كېتىۋېتىپ ئۈچ ئاچا يولغا كەلگەندە ھېلىقى ئېشەككە ئۇچراپتۇ. سالام سائەتتىن كېيىن خوراز:

— ئېشەكباي سەپەر قايان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سۇسەمبىلغا! دەپتۇ، — ئېشەك.

— سۇسەمبىل قانداق جاي؟ — دەپتۇ خوراز.

— سۇسەمبىل بەئەينى جەننەتنىڭ ئۆزى، — دەپتۇ ئېشەك. خوراز:

— مەنمۇ بارسام بولامدۇ، — دەپ سوراپتۇ. ئېشەك:

— بولىدۇ مەنمۇ يالغۇز، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، بىللە بارايلى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى كالىغا كېلەيلۇق. باي كالا سوقۇشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. باي بىر كۈنى باي كالىنى سوقۇشۇشقا ساپتۇ.

كالا مەيداندىكى يەتتە كالىنى يېڭىپ، ئاخىرىدا بىر كۆچتۈڭگۈر كالا ئېشىپ قېلىپ، ئەتىسى سوقۇشماقچى بولۇپتۇ.

ئەتىسى باي كالىنى سوقۇشتۇرۇشقا ئاپارماقچى بولۇپ، ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈن مۈڭگۈزىنى ياغلاشقا ئېغىلغا كىرسە كالا ئۇخلاۋاتقان. كالا چۈشىدە چوڭ بىر مەيداندا-مىش. رەقىبى ئۆزىنى مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۈسكىلى يۈگۈرەپتۇدەك. بۇ چاغدا ئۇمۇ بوش كەلمەي، رەقىبىنى قاتتىق ئۈسۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، مۈڭگۈزىنى ياغلاۋاتقان باينى ئۈسۈپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

باي ھوشىغا كېلىپ، كالىنى راسا ئۇرۇپتۇ. بۇ ئىش كالىغا بەك ھار كېلىپ: «مەن خوجايىنىغا نۇرغۇن كالىلارنى يېڭىپ نۇرغۇن پۇل ئۇتۇپ بەرگەن تۇرسام، باي كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن ئۆلگۈدەك ئۇرسا، بۇ نېمىدېگەن خورلۇق؟» دەپتۇ - دە، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

بىر جايغا كەلگەندە ھېلىقى ئېشەكنى كۆرۈپ ئېشەكنى چاقىرىپ، كەينىدىن يۈگۈرۈپ يېتىشىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوستلار قايتىدىن جەم بولۇپتۇ.

ھە، كالىۋاي قانداقراق ئەھۋالىڭ؟ — دەپتۇ ئېشەك.

— سەن كەتكەندىن كېيىن، باي مېنى بەك خورلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ قېچىپ چىقتىم. سەن نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ كالا،

— سۇسەمبىلغا؟ — دەپتۇ ئېشەك.

— سۇسەمبىل قانداق جاي؟ — دەپتۇ كالا:

www.uyghurkitap.com



— سۇسەمبىل بەئەينى جەننەتنىڭ ئۆزى، — دەپتۇ ئېشەك.
— مەنمۇ بارسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ كالا.
— كەلگىنىڭ ياخشى بولدى. ئىككى ئىدۇق، ئۈچ بولدۇق! — دەپتۇ ئېشەك.
ئېشەك، خوراز ۋە كالا ئۈچىسى بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.
بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر چۆل باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ.
ئاچ قالغان ئىككى كەسلەنچۈك بۇ ئۈچىسىنى كۆرۈپ، ئوزۇق تىلەش ئۈچۈن، يولغا چىقىپ تورۇپتۇ. ئۇلارمۇ كەپتۇ. بۇ چاغدا كەسلەنچۈك ئۇلاردىن ئوزۇق تىلەپتۇ.
— ئەي بورادەرلەر، بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاچ قالدۇق. ئوزۇق ئىزدىسەڭلار بىز بىلەن بىللە يۈرۈڭلار، — دەپتۇ ئېشەك. كەسلەنچۈك ئېشەكتىن:
— قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سۇسەمبىلغە، — دەپتۇ ئېشەك.
— سۇسەمبىل قانداق جاي؟ — دەپ سوراپتۇ كەسلەنچۈك.
— سۇسەمبىل بەئەينى جەننەتنىڭ ئۆزى، دەپتۇ ئېشەك.
— ئانداق بولسا بىزمۇ بارايلى، — دەپتۇ كەسلەنچۈكلەر.
— ئۈچ ئىدۇق، بەش بولدۇق، يۈرۈڭلار، — دەپتۇ ئېشەك.
بۇ بەشەيلەن باشلىرىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ، سۇسەمبىلغا قاراپ مېڭىپتۇ.
شۇ يولدا بىر توپ ھەرە ياشايدىكەن. ئۇلارمۇ ئاچلىقتىن غوڭۇلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەندە، بىردىن ھېلىقى سۇسەمبىلغا كېتىۋاتقان بەش بورادەرگە ئۇچراپ، چېقىشقا باشلاپتۇ.
شۇ چاغدا ئېشەك:
— ئەي، ئۇكىلىرىم، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئاچلىقتا قىينالغان ئوخشايسىلەر. بىزنىڭ بەدىنىمىزدە شىرنە يوق، قېنىمىزنى خوجايىنلىرىمىز شوراپ بولغان. ئەگەر ئوزۇق كېرەك بولسا، بىر بىلەن بىللە يۈرۈڭلار! — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەرىلەر بۇلارنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.
— بىز سۇسەمبىلغا كېتىۋاتىمىز، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.
— سۇسەمبىل قانداق جاي؟ — دەپ سوراپتۇ ھەرىلەر.
— سۇسەمبىل بەئەينى جەننەتنىڭ ئۆزى دېيىشىپتۇ ئۇلار.
— ئانداق بولسا بىزمۇ بارايلى، — دەپتۇ ھەرىلەر.
بۇلار نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىر سۇسەمبىلغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. سۇسەمبىل بىر تەرىپىدە بىر ئېگىز تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئەتراپى چىمەنزارلىق، ھاۋاسى ساپ، سۇلىرى سۈزۈك چاي ئىكەن. بىر تەرەپتە بۇغداي، ئارپا، بىر تەرەپتە قوغۇن، تاۋۇزلار پىشىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر تەرىپى كەڭ كەتكەن باغ بولۇپ ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇل ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ، تۆۋەنگە تۆكۈلۈپ تۇرغانىمىش. ئېرىقلار-دا شىلدىرلاپ سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ مەنزىرىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ.

بىچارىلەرنىڭ ھاياجاندىن كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ. ئىچىرقاپ كەتكەن بۇ بىچارىلەر خالىغانچە يەپ - ئىچىپ قورساقلىرىنى توقلاپ سالقىن بىر جايغا كېلىپ، قانغۇچە ئۇخلىشىپتۇ.

تاغدا ئەسلىدە بىر توپ بۆرە بولۇپ، بىر يەرگە يىغىلىپ يەپ - ئىچىپ تاماشا قىلىۋاتقان چاغدا بۆرىلەر پادىشاھى يىراقتىن ئېشەك بىلەن كالىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۆرىلەرگە ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

بۆرىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئالدىراڭغۇ بۆرە بىلەن بىر پوچى بۆرە تۆھپە تالىشىپ ئولجىنى تۇتماي تورۇپ، مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ.

بۆرە پادىشاھ ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئىككىلىسىنى ئەۋەتىپتۇ.

كالا يىراقتىن ئىككى بۆرە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەمراھلىرىنى چاقىرىپتۇ.

ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئېشەك:

— قاچساق، قوغلاپ يېتىشىۋالىدۇ، ئەڭ ياخشىسى قاچمايلى، — دەپتۇ.

— يېقىنلاپ كەلسە، قانداق قىلىمىز دەپتۇ كالا.

— مەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن، — دەپتۇ خوراز.

— بىز يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىمىز، — دېيىشىپتۇ كەسلەنچۈكلەر.

— مەن ھاڭراپ تۇرۇۋېرىمەن، — دەپتۇ ئېشەك.

— بىز بۆرە يېتىپ كەلگەندە ھەممە يېرىنى چېقىپ ئىششىتىۋېتىمىز! — دېيىشىپتۇ ھەرىلەر

قالغان ئىشنى ماڭا قويۇڭلار! — دەپتۇ كالا.

بىر چاغدا بۆرىلەر يېتىپ كەپتۇ. پوچى بۆرە ھەمراھىغا:

— ئاۋۇ تۇرغاننى سەن كۆتەر! بۇنى مەن كۆتۈرىمەن، — دەپ، كالىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

بۇ چاغدا كالا ئارقىسىغا يېنىپ بۆرىنى قاتتىق بىر ئۈسكەنىكەن، توپىغا پۇچۇلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەمراھى يۈگۈرۈپ كەلگەنىكەن ئۇنىمۇ قاتتىق ئۈسۈپتۇ. كەسلەنچۈكلەر قورقىنىدىن يەر تاتىلاپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. يەر تاشلىق ۋە قاتتىق بولغانلىقتىن كولاپ كىرەلمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ، ھەش - پەش دېگۈچە بىرمۇنچە يەرنى كولىۋېتىپتۇ.

خوراز دەرەخقە چىقىۋېلىپ توختىماي چىللاپتۇ. ھەرىلەر بۆرىنى چېقىۋېرىپ بەدەنلىرىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ. بۆرىلەر شۇنداق بولسىمۇ قاچماي كېلىپ يەنە كالىغا يېپىشىپتۇ. كالا ئۇلارنى ئۈسۈۋېرىپ پۈتۈن بەدىنىنى يارىلاندۇرۇپتۇ. ئېشەك بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ بارلىق ئاۋازى بىلەن ھاڭراۋېرىپتۇ.

بۆرىلەر ئۇلارنى يېڭىشكە كۆزى يەتمەي، قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ. بۇلار شۇ قاچقان پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ۋە ھەمراھلىرى ئىككىسىنىڭ بەتبەشىرە ھالىتىنى كۆرۈپ، دەر غەزەپكە كەپتۇ.

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شاھىم، بۇلار كاۋاپ قىلىپ يەيدىغان پاقلان ئەمەس، بېشىمىزغا كەلگەن بالايىئاپەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىكەن! — دەپتۇ ئىككىسى تەڭلا.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ۋارقىراپ. پوچى بۆرە:

— بۇلار بىزنىڭ جېنىمىزغا قەست قىلىشقا كەلگەنىكەن، ئۇلار بىلەن مۇنكىر، نىكىرمۇ بىللە كېلىپتۇ. ئىككى گوركامۇ بار ئىكەن. مۇنكىر، نىكىر گۈرزىسى بىلەن بىر ئۇرسا، شىر بولسىمۇ نەچچە يۇمىلاپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ.

ئالدىراڭغۇ:

— ئەي مەمەدان! سەن جىم تۇر! مەن ئۆزۈم دەيمەن، — بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرزائىلمۇ بار ئىكەن. جاننى ئېلىش ئۈچۈن نەيزىسى بىلەن سانجىيدىغان بولسا، پۈتۈن ئەزايىڭ قانغا بويۇلۇپ ئىششىپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ.

پوچى بۆرە:

— ھەي سەن بىلمەيسەن! ئۇلارنىڭ گۆرگارسى بىز ئۆلمەي تۇرۇپ، ھەربىرىمىزگە يەتتىدىن گۆر كولاپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

ئالدىراڭغۇ بۆرە:

سەن يەنە كۆرمەپسەن! بۇلار سوپى، مەزىنى بىلەن كەلگەنىكەن. بىز ئۆلمەي تۇرۇپ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ كىشىلەرنى مېيىت نامىزىغا چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

پوچى بۆرە:

— لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر چوڭى بار ئىكەن. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىشانى بولسا كېرەك. بىزگىمۇ يېقىنلاشمىدى، لېكىن يىراقتا تۇرۇپ ئۇلارغا يوليورۇق بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ كېلىدىغان بولسا بىزنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەتتى، — دەپتۇ.

قالغان بۆرىلەر بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ.

بۆرىلەر پادىشاھى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ. ھېلىقى ئىككى بۆرە:

— شاھىم بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى دېسىڭىز، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋېرەيلى. بولمىسا قېچىش كېرەك. بۇلار بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلىسا ھېلى يېتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بۆرىلەر پادىشاھى تېخىمۇ قورقۇپ:

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىن كېتەيلى — دەپتۇ - دە، يىغىلىشقا كەلمىگەن بۆرىلەرنىمۇ يىغىپ كېلىپ، سۇسەمبىل تېغىنى تاشلاپ، يەتتە تاغنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئېشەك، كالا، خوراز، كەسلەنچۈك ۋە ھەرىلەر قورسىقى توق، باياشات، خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىمى

# رىۋايەتلەر

توپلىغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## قىمارۋازنىڭ روناق تاپمايدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

قىمار ئويناش بىر خىل ناچار ئىجتىمائىي ئەخلاق. زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قىمارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. قىمار ئەڭ دەسلەپتە قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ھوشۇقىنى ئويناشتىن كېلىپ چىققان. بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ھوشۇقى قاق سۆڭەك بولغاچقا، كىمكى، مېنى دومىلىتىپ قىمار ئوينىسا، مېنى ئوينىغان ئادەمنى خۇددى ئۆزۈمگە ئوخشاش قاق-سەنەم قىلىپ قويىمەن دېگەنمىش، قىمار ئوينىغان ئادەمنىڭ ئىقتىسادتا ئىلگىرى باسماي قاق - سەنەم بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەنمىش.

## مۈشۈك بىلەن يولۋاس ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، مۈشۈك بىلەن يولۋاس چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتىكى پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەكىل جەھەتتىن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇلار ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۈشۈكنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن چاققان بولغاچقا، يولۋاس كېلىپ مۈشۈكتىن ھۈنەر ئۆگىنىپتۇ. مۈشۈكنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى بىلەن يولۋاس مۈشۈك ئۆگەتكەن ماھارەت - ھۈنەرلەرنى پىششىق ئۆگىنىپ ئاپتۇ. بىر كۈنى بىر مەسىلە توغرۇلۇق مۈشۈك بىلەن يولۋاس ئارىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش بولۇپ قاپتۇ. گەرچە مۈشۈك بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋەت بولسىمۇ، ئۇستاز مۈشۈكنىڭ جۈغى كىچىك، شاگىرت يولۋاسنىڭ جۈغى چوڭ بولغاچقا، يولۋاس غەزەپ بىلەن مۈشۈككە تاشلىنىپتۇ. مۈشۈك چاققانلىق بىلەن دەرەخكە چىقىۋېلىپ ئامان قاپتۇ. يولۋاس مۈشۈككە قاراپ سەن ماڭا دەرەخكە چىقىش ماھارىتىنى ئۆگەتمەپتىكەنسەنغۇ؟ دەپتىكەن، مۈشۈك ئەگەر مەن ساڭا دەرەخكە چىقىش ماھارىتىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغان بولسام، مەن ئاللىقاچان سېنىڭ قولۇڭدا جان بەرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ. يولۋاسنىڭ ھازىرغا قەدەر دەرەخكە چىقالماسلىقى ئەنە شۇنىڭدىن قالغانمىش.

www.uyghurkitap.com



## ئۇستاز بىلەن شاگىرت ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر يۇرتتا چامباشچىلىقتا تەڭدىشى يوق بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ، شۇ ھۇنىرى بىلەن ئەل يۇرتتا مەشھۇر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر يىگىت كېلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. چامباشچى «مېنىڭ يېشىممۇ كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىۋاتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەجەل يېتىپ قالسا، چامباشچىلىق ھۇنىرىم ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. بىرەر شاگىرت يېتىشتۈرۈپ قويسام قوياي» دېگەنلەرنى ئويلاپ ھېلىقى يىگىتنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپتۇ. ھېلىقى يىگىت چامباشىلىققا ھېرىسمەن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستازىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى بىلەن چامباشچىلىقنىڭ ھەربىر ھالقىسىنى پىششىق ئۆگىنىپ مېڭىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۆگەنگەن گۆمپىلىرىمۇ كۆپىيىپ بېرىپتۇ. ئۆگەنگەن گۆمپىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا بىر خىل نورمالسىزلىق، يەنى كۆرەڭلەش ئالامىتى پەيدا بولغانەك بولۇپتۇ. ئۇستازى گەرچە بۇ ئەھۋالنى سەزگەن بولسىمۇ، بۇنى كۆڭلىدىلا بىلىپ قېلىپ، قىلچىمۇ چاندۇرماي چامباشچىلىق گۆمپىلىرىنى ئۆگىتىۋېرىپتۇ. ئەڭ دەسلەپ كېلىشكەن مۆھلەتمۇ توشۇپتۇ. ئۇستازى داستىخان تەييارلاپ شاگىرتنى ئوبدان كۈتۈپ، دۇئا بېرىپتۇ. شاگىرت تاماقنى يەپ، دۇئا ئالغاندىن كېيىن، مېڭىشقا تەييارلىنىپتۇ. شاگىرت بىردىنلا ئۇستازى بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەپتۇ. ھەم مۇددىئاسىنى ئۇستازىغا ئېيتىپتۇ. ئۇستازى شاگىرتىنىڭ ھامان شۇنداق دەيدىغانلىقىنى خېلىدىن بېرى پەملىگەچكە، ھېچبىر ئويلاپ تۇرمايلا ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىلىسى كەڭرەك مەيدانغا چىقىپ ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇستازى شاگىرتىغا ئەزەلدىن كۆرسەتمىگەن بىر خىل پەنت بىلەن شاگىرتىنى يېڭىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان شاگىرت ئۇستازىغا قاراپ: «ماڭا بۇ پەنتنى ئۆگەتمىگەن ئىدىلىغۇ» دېگىنىكەن، ئۇستازى شاگىرتىغا: «ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقىمىز جەھەتتىن ئالغاندا، مەن ياشىنىپ قالدىم. سېنىڭ بولسا تازا قىران ۋاقتىڭ. ئەگەر مەن بۇ پەنتنىمۇ ساڭا ئۆگىتىپ قويغان بولسام، ئاللىقاچان يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتكەن بولار ئىدىم» دېگەنمىش. شۇڭا ھەرقانداق بىر ھۈنەرۋەننىڭ ياتتىن بىرەر شاگىرت ئالسا، ھۈنەرنىڭ ئەڭ ھالقىلىق جايىنى شاگىرتىغا ئۆگەتمەيدىغانلىقى شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## بۇغداي ھەققىدىكى رىۋايەت

بۇغداي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئوزۇقلۇقى. ئىنسانلارنىڭ بۇغداينى تېرىپ ئۆستۈرگىنىگىمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. ئەنە شۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بۇغداينى قايسى ۋاقىتتا تېرىسا، ھوسۇلنى كۆپ ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ ئالغان. ھەممە ئۇنى بۇغداينىڭ سۆزى قاتارىدا رىۋايەت قىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتىشىپ كەلگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇغداي ئىنسانلارغا: «سەن مېنى توڭغا مىلىساڭ مەن سېنى ئۇنغا مىلايمەن» دېگەنمىش. بۇغداينى توڭ يەرگە تېرىش شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## دېزىنفېكسىيە قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى
## ھەققىدىكى رىۋايەت

دېزىنفېكسىيە قىلىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، كىيىم – كېچەكلەرنى ئاپتاپقا سېلىش، قايناقسۇغا بېسىشتىن ئىبارەت. بۇ ئارقىلىق كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مىكروب ياكى پارازىت ھاشاراتلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. پىت — بىر خىل پارازىت ھاشارات بولۇپ، ھەم ئادەمنىڭ قېنىنى شوراپ ھايات كەچۈرىدۇ، ھەم تارقىلىشان كېسەللىك. لەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ تازىلىققىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئۇنىڭ زىيانداشلىقىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى، ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش چارە - تەدبىرلىرىنى خېلى بۇرۇنلا تېپىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەتنى توقۇپ چىققان. «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىت باقساڭ (يەنى ئۆلتۈرسەڭ) باللايمەن. قاقساڭ (يەنى كىيىمنى سىلكىسەڭ) قۇملايمەن. مېنىڭ ھەققىم بىر چۆمۈچ قايناقسۇ، يەنى كىيىملەرنى قايناقسۇغا باسساڭ مېنىڭدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلىسەن» دېگەنمىش، قىزدۇرۇپ دېزىنفېكسىيە قىلىش تېخنىكىسى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانمىش.

## قەرزدار بولۇپ قېلىشنىڭ ئېغىرلىقى
## ھەققىدىكى رىۋايەت

قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. مەيلى شەخسلەر ئارا بولسۇن، مەيلى دۆلەت، كوللېكتىپلار ئارا بولسۇن قەرز ئېلىپ، ۋاقتىلىق قىيىنچىلىق ئۆتۈپ ھال كۈنى ياخشىلانغاندىن كېيىن، قەرزنى قايتۇرۇش دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. بىراۋغا قەرزدار بولۇپ قالغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەت قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىدا تاكى قەرزنى تۆلەپ بولغانغا قەدەر ئىنتايىن بىچارە ھالەتتە بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر يۇرتتا بىر ياغاچچى بولۇپ، ئۇنىڭ ھال كۈنى ئالدىنقى قاتاردىكى ياخشىلاردىن بولمىسىمۇ، ھەرھالدا باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەي ئۆز كۈننى ئۆزى ئېلىپ ماڭىدىكەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى باشقا بۇرادەرلەرنىڭ مەلۇم سەۋەبلەردىن باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ، قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قەرزدارلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش نىيىتىگە كەپتۇ ھەم شۇ يۇرتتىكى پۇلدارىدىن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن پۇل قەرز ئېلىپتۇ. ئۇ ياغاچچى ھۈنەرگە شۇنچىلىك ئۇستا ئىكەنكى، شىنا ياسىغاندا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ياغاچلارنى كەكە بىلەن چېپىشقا توغرا كەلگەندە، چېپىلىدىغان ياغاچلارنىڭ تېگىگە ياغاچ ئەمەس تاش قويۇپ، كەكىسىنى تاشقا تەگكۈزۈۋەتمەي، خاتىرجەم ھالدا ھۈنىرىنى قىلىدىكەن. ئۇ قەرز ئالغاندىن كېيىنمۇ، يەنە بۇرۇنقىدەك شىنانى تاش ئۈستىگە قويۇپ چېپىپ ئولتۇرغىنىدا، قەرز ئىگىسى باشقا بىر ئىش بىلەن ياغاچچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ياغاچچى قەرز ئىگىسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا، ھودۇققىنىدىن شىنا ياساۋاتقان كەكىسىنى تاشقا چېپىپ سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ قەرزدار بولۇپ قېلىشنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



## مېھرىگىياھ ھەققىدىكى رىۋايەت

مېھرىگىياھ — «ئادەمگىياھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى قىممەتلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ھازىر كىشىلەر سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپلەپ يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇ بەكمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلۇۋېتىلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مېھرىگىياھ دېيىلىدىغان بىر خىل قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساقاللىرى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان، ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن. ئۇ ئېگىز تاغلاردا باشقا ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلار بىلەن بىرگە ئۆسكەچكە، ئۇنى پەرقلەندۈرۈش زادى مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇنى پەقەت بۇغا دېيىلىدىغان ھايۋان تېپىپ يەيدىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۈندۈزى باشقا ئۆسۈملۈكلەردىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن بولمىغىنى بىلەن، كېچىسى ئۆزلۈكىدىن يورۇق چىقىرىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجى چۈشۈپ، ئىزدەپ چىققاندا بىرەر خالتىدىن كۈل ئېلىۋالىدىكەن ھەم ئۇنى تاپقاندا يورۇق چىقىرىپ تۇرغان ئۆسۈملۈكنىڭ ئەتراپىغا كۈل بىلەن دائىرە قىلىپ، بەلگە سېلىپ قويۇپ، ئەتىسى كېلىپ ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن كولاشقا باشلايدىكەن. بىراق ئۇنى بىۋاسىتە ئورنىدىن قوزغىتىشقا بولمايدىكەن. چۈنكى، كىمىكى ئۇنى ئورنىدىن قوزغاتسا، شۇ ئۆلىدىكەن. شۇڭا ئەتراپىنى كولاپ تەييار قىلغاندىن كېيىن، بىرەر مالنى ئېلىپ كېلىپ قان قىلىدىكەن ياكى ئەتراپى كولىنىپ تەييارلانغان مېھرىگىياھ بىرەر ھايۋاننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىدىكەن، ئۇ ھايۋان ئۆلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېھرىگىياھنى ئىشلىتىشكە بولىدىكەن.

## ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئوڭدىن باشلاپ قىلىش لازىملىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

بىزدە سىرتتا بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىققاندا ئالدى بىلەن ئوڭ پۇت بىلەن بوسۇقتىن ئاتلاپ چىقىدىغان؛ كىيىم كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ قولنى يەڭگە سالىدىغان ئادەت بار. بۇ ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭغا تارتىشىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

ئىلگىرى بىر قوماندان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن باتۇر بولۇپ، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىغا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش تۈگۈل، نامىنى ئاڭلىسىمۇ غال - غال تىترەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى قوماندان دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپتۇ. دۈشمەن تەرەپمۇ بۇ بىر ھايات - ماماتلىققا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولغاچقا، ھېلىقى قوماندان بىلەن ئېلىشىشقا بەل باغلاپ، سەپ تۈزۈپتۇ. ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. ئۇرۇش ۋەزىيىتى ھە دېگەندە ھېلىقى قوماندانغا پايدىسىز بولۇپتۇ. ھەرقانچە باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق كۆرسەتسىمۇ يېڭىلىپ قېلىپتۇ. دۈشمەن تەرەپ غەلىبىسېرى باستۇرۇپ كېلىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ھېلىقى قوماندان بەكمۇ ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ دۈشمەن تەرەپنىڭ قايتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپتۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىم - كېچىكى، قورال - ياراغلى-

رى، ھەتتا پۇتىغا ئورىغان گۆجەيلىرىدىن تارتىپ بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپتۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر ئەسكىرىنىڭ گۆجەينى تەتۈر ئورىغانلىقىنى بايقاپتۇ ھەم ئۇنى ھېچقانداق سۈرۈشتۈرمەيلا چېپىپ تاشلاپتۇ. ئەسكەرلىرىنى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىپ بولۇپ، تەييار بوپتۇ. دۈشمەن تەرەپ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلارمۇ دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپ-تۇ. گەرچە دۈشمەن تەرەپ سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھېلىقى قوماندان غەلىبە قىلىپتۇ. شۇنداقلا كېيىنكى قېتىملىق جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدىلا غەلىبە قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئۇڭدىن باشلاش ئەنە شۇنىڭدىن قالغان-مىش.

## ئادەملەرنىڭ پەزىدە ئىسسىق، بەزىدە سوغۇق نەرسىلەرنى يەيدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

خەلق ئارىسىدا «ئاياغ يۈگرۈكى ئاشقا يېتىدۇ، تىل يۈگرۈكى باشقا» دەيدىغان مەسەل بار. تىل ھەرقاچان، ھەرزامان ئادەمگە زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئاللاتائالا چىش ۋە كالپۇكتىن ئىبارەت قاتمۇ قات توسۇق بىلەن توسۇپ چىڭ ساقلايدىغان قىلىپ قويغانمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر بەزىدە ئىسسىق نەرسە يېسە، بەزىدە سوغۇق نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ تۇرىدۇ. بۇمۇ تىلنى جازالاپ تۇرغانلىقىمىش. ئۇنداق بولمىغاندا، تىل ئادەمگە زەرەر ئېلىپ كېلەرمىش.

## سۇدا يۇيۇلغان كىيىملەرنى ھۆل پېتى كەيمەسلىك لازىملىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادەم يۇيۇلۇپ تېخى قۇرۇمىغان كىيىملەرنى كىيمەسلىكى كې-رەكمىش. چۈنكى ھۆل كىيىملەرنى كىيگەن ئادەم، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپ قالسا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ خۇددى ھايات ۋاقىتتىكىدەك تەرلەرمىش. ئۇنىڭ تەرلەپ تۇرغانلى-قىنى كۆرگەن باشقىلار، بۇ تېخى ھايات ئىكەن، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ۋاقتىدا بېجىرمەسمىش.

## تورغاي بىلەن بۇلبۇل ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىمىزگە مەلۇم، تورغاي جاڭگالدا ياشايدۇ. بۇلبۇل بولسا، چىرايلىق گۈللەر ئېچىلغان باغلاردا ياشايدۇ. بۇلار ھەققىدە خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تورغاي بىلەن بۇلبۇل ئىككىسى دوست بولۇشۇپتۇ. بۇلبۇل دوستلۇقىنىڭ شەرىپىگە تورغايىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ. تورغايمۇ بۇلبۇلنىڭ ھۇزۇرى-غا كەپتۇ. بۇلبۇل تورغايىنى ناھايىتى زور ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ھەم رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان باغلارغا ئاپىرىپ سەيلى قىلدۇرۇپتۇ. بۇلبۇل تورغايىنى شۇنچە قىزغىن كۈتۈۋېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن 2 - 3 كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا تورغاي ھېچنېمە يېمەس ھەم ھېچنېمىگە قىزىقماس بولۇپ قاپتۇ. ھەتتا

www.uyghurkitap.com

ئارىلاپ ئۈن چىقارماي يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى سەزگەن بۇلبۇل تورغايدىن سوراپتۇ. تورغاي بۇلبۇلنىڭ ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالغانلىقىغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ھەم ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇمكىن بولسا بۇلبۇلنى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىپ، مېھمان بولۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇلبۇلمۇ تورغاينىڭ كۆڭلىگە يارىشا تورغاي بىلەن بىرگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېلىشكە ماقۇل بولۇپتۇ. ئىككىسى بىرگە ئۇچۇپ تورغاينىڭ ماكانىغا بېرىپتۇ. بۇلبۇل شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، تورغاينىڭ ماكانى لوقاق بىلەن يانتاقتىن باشقا نەرسە يوق كەڭ كەتكەن جاڭگال ئىكەن. تورغاي بولسا ئۆز ماكانىغا كەلگەن ھامان پەسكە شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۇ لوقاقنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىر سايراپ، بۇ يانتاقنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىر سايراپ تېرىسىگە پاتماي قالغانمىش.

## ئىران نەسىللىك تامېكە ھەققىدىكى رىۋايەت

تامېكە ئادەمنىڭ بارماق قولى چوڭلۇقىدىكى، بېلى ئىنچىكە، رەڭگى سېرىق كەلگەن بىر جانلىق. ئۇ تاملاردىمۇ خۇددى تۈز يەردە ماڭغاندەك ماڭالايدىغان بولغاچقا، «تامېكە» دەپ ئاتالغان. ئۇ چاياننىڭ ئەشەددىي كۈشەندىسى. تامېكە چاياننى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن تۇيدۇرماستىن كېلىپ، ئۇنىڭ نەشتىرىنى كېسىپ تاشلاپ ئاندىن يەيدۇ. مۇبادا تامېكە بىخەستەلىك قىلىپ قالسا، چايان ئۇنى ئىنچىكە بېلىدىن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدۇ - دە، ئۇنى يەۋېتىدۇ. تامېكە ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تامېكىنىڭ ئەسلى يۇرتى ئىران بولۇپ، تۇرپان رايونىدا بولمىغان ئىكەن. تۇرپان رايونىدا چاياننىڭ كۈشەندىسى بولمىغاچقا، كۆپىيىپ كېتىپ، تۇرپان رايونىدىكى ئادەملەرگە زور كۆپلەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. تۇرپان رايونىدىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چاياننىڭ كۈشەندىسىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئادەملەرگە سالىدىغان كۈلپىتىنى ئازايتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىر بۆلۈك ئادەم ئىران تەرەپكە بېرىپ، تامېكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار تامېكىنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئوزۇقلىنىش ئەھۋاللىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چاياننىڭ كۈشەندىسى بولالايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ ھەم ئۇنى مەلۇم ساندا تۇتۇپ، يول بويى ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ قويۇۋېتىپتۇ. تامېكە تۇرپانغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن تۇرپاننىڭ ھاۋاسىغا تېزلا ماسلىشىپ، كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. تامېكىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چايانلارمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چاياننىڭ ئادەملەرگە سالىدىغان كۈلپىتىمۇ ئازىيىپتۇ.

## ئات ۋە «ئات» دېگەن نام ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق بولغانلىرىنىڭ بىرى ئات. ئۇنىڭ قولغا كۆندۈرۈلگىنىگىمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولغان بولۇپ، ئىنسانلار ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق، جەڭ ئىشلىرى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. شۇڭا ئەل ئىچىدە «ئەر قانىتى ئات» دېگەن ماقال تارقالغان. «ئات» ئۇيغۇرچىدا ھەم ئىسىم، ھەم ھەرىكەت نامى بولۇپ كېلىدۇ، يەنى ئىسىم بولۇپ كەلگەندە «ئات» دېيىلىدىغان

ھايۋاننى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ھەرىكەت نامى بولۇپ كەلگەندە «ئاتماق، ئېتىش» يەنى بىر نەرسىنى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئېتىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «ئات» دېگەن بىر سۆزنىڭ ھەم، ئىسىم ھەم ھەرىكەت نامى بولۇپ كېلىشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن ياسىغانمىش. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان لايىنى يىراققا ئېتىۋەتكەنمىش. ئەنە شۇ يىراققا ئېتىۋېتىلگەن لاي ئاتقا ئايلىنىپ، يۈگۈرۈپ كەلگەنمىش ھەم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانمىش. ئۇنىڭ «ئات» دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن كەلگەن بولسا، ئاتنىڭ ئىنسانلارغا ئەڭ يېقىن بولۇپ خىزمەت قىلىشىمۇ، شۇنىڭدىن كەلگەنمىش.

## ئون ئىككى مۆچەل ۋە بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يىللاردا بولىدىغان ئالامەتلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

تۈركىي خەلقلەر ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئون ئىككى مۆچەلنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئون ئىككى مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - توم 449 -، 450، 451 - ۋە 452 - بەتلىرىدە ئىنتايىن ياخشى مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇڭا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرماي، ئايرىم ھايۋانلار ناملىرى بىلەن ئاتالغان يىللاردا بولىدىغان ئالامەتلەر ھەققىدە تارقالغان رىۋايەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ تۆۋەندىكىچە:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مايمۇن يىلىدا مايمۇن دورامچى ھايۋان بولغاچقا، ئادەملەردىمۇ مايمۇنغا خاس ئادەت يېتىشىپ، بىر - بىرىنى دوراپ ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشارمىش. مايمۇن يىلىدىن كېيىن توخۇ يىلى كىرگەندە، توخۇ چوقۇلىغاق جانۋار بولغاچقا، ئادەملەردىمۇ توخۇغا خاس ئادەت يېتىشىپ، بىر - بىرىنى تىللىشىپ، سۈركىلىش پەيدا قىلىشارمىش. توخۇ يىلىدىن كېيىن ئىت يىلى كىرگەندە، ئىت تالاشقاق، جېدەلخور ھايۋان بولغاچقا، ئادەملەردىمۇ ئىتقا خاس ئادەت يېتىشىپ، بىر - بىرىنى تالىشىپ، ئاخىر قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇشارمىش.

## پىلنى باغلىمايدىغانلىق ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، پىل قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ ھايۋان، چاشقان بولسا، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان كىچىك ھايۋانلارنىڭ بىرى. پىل بىلەن چاشقاننى سېلىشتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، پىل چاشقاندىن بەكمۇ قورقىدىكەن. بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىل دېگەن ناھايىتى يوغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەم تۇم، ھەم ئۇزۇن بۇرنى بولۇپ، ئۇ خارتوم دېيىلىدىكەن. چاشقان جۇغى كىچىك، ھەرىكىتى چاققان ھايۋان بولغاچقا، پىلنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ مېڭىسىنى قوچۇپ بەكمۇ ئازابلارمىش. شۇڭا پىل چاشقاندىن بەكمۇ ھەزەر ئەيلەرمىش. پىل باققۇچىلار بۇنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، پىلنى باغلايدىغان ئارغامچىدىن قىلچىمۇ غەم قىلماي، مەيلى سەپەرگە چىققاندا بولسۇن ياكى كۈندىلـ

لىك ئەمگەك، پائالىيەتتىن قايتقاندا بولسۇن، ئارغامچا ئورنىغا بىر تال قوزۇق ئېلىۋالارمىش. دەم ئېلىش قارار قىلىنغان ئورۇندا قوزۇقنى يەرگە قېقىپ يۇلۇۋالغاندىن كېيىن، قوزۇقنىڭ ئورنىغا پىلنى ئاپىرىپ قويارمىش. پىل قوزۇق يۇلۇۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان تۆشۈكنى، چاشقان كامىرى دەپ ھېسابلارمىش ھەم ئۇ كاماردىن چاشقان چىقىپ ئۆزىنى ئازابلاشتىن ئەنسىرەپ، قوزۇقنىڭ ئورنىنى دەسسەپ تۇرارمىش، ھەمدە تاكى ئىگىسى كېلىپ، ئېلىپ ماڭغانغا قەدەر شۇ ھالەتتە تۇرارمىش.

## «قويچى ئاتا غوجام» ھەققىدىكى رىۋايەت

«قويچى ئاتا غوجام» — بۇ جاي تۇرپان شەھەر يار يېزا لۈزۈن مەھەللە تەۋەسىدە بولۇپ، لۈزۈن مەھەللە ئىشخانىسى بار جايدىن ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن بىر يېرىم كىلومېتىر شەرقكە جايلاشقان. «قويچى ئاتا غوجام» — «قوچەتە غوجام» مۇ دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ غوجام قوي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، چارۋا ئىگىلىرى چارۋىسىغا ئۆلۈم كىرگەندە، يەنى بىراقلا كۆپلەپ ئۆلۈپ توختىمىغاندا، ئۆلمەي قالغان چارۋىلىرىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە بۇ غوجامغا ئېلىپ كېلىدىكەن. غوجامدا بىر خانىقا بولۇپ، خانىقادا تەخمىنەن بىرەر مىڭدەك ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. خانىقانىڭ جەنۇبىدا بىر مەيدان بولۇپ، مەيدانغا تەخمىنەن بىرەر مىڭدەك قوي سىغىدۇ. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان. بىر دانە قوي ياكى ئۆچكە تۇرالايدىغان بىر سۇپا بار. چارۋا ئىگىسى چارۋىلىرىنى بۇ غوجامغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن غوجام شەيخى چارۋىلارنى مەيدانغا ئېلىپ كېلىپ توختىتىدۇ ھەم قويلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇپ، سۈرە ئوقۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن چارۋىلار ئۆزلۈكىدىن خانىقانى ئوڭ يۆنىلىش بويىچە ئايلىنىپ يۈگۈرۈشكە باشلايدۇ؛ چارۋىلارنىڭ خانىقانى ئايلىنىپ يۈگۈرۈش قېتىم سانى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى چارۋا توپى ئۈچ قېتىمغىچە، بەزى چارۋا توپى بەش قېتىمغىچە ئايلىنىپ يۈگۈرگەندىن كېيىن، غوجام شەيخى يۈگۈرۈۋاتقان چارۋىلارنىڭ ئالدىنى توسايدۇ. چارۋىلارمۇ يۈگۈرۈشتىن توختاپ، مەيدانغا توپلىنىدۇ. شۇ ئەسنادا چارۋىلار توپى ئىچىدىن بىر قوي ئۆزلۈكىدىن سۇپىغا چىقىدۇ. سۇپىغا چىققان مال غوجامغا تەۋە قىلىنىپ، شەيخكە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق پائالىيەت ئاخىرلىشىدۇ. چارۋىلارغا كىرگەن ئۆلۈممۇ شۇنىڭ بىلەن توختايدۇ.

## «ئەجەلى مۇئەللەق» ھەققىدىكى رىۋايەت

«ئەجەل» — «ئۆلۈم» دېگەنلىك بولۇپ، «ئەجەل» سۆزىگە «يەتتى» سۆزى قوشۇلسا، «ئۆلدى»، «ۋاپات بولدى» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ. «مۇئەللەق» سۆزى بولسا «ھاۋادا لەيلەپ يۈرمەك» دېگەن مەنىدە، «ئەجەلى مۇئەللەق» بولسا «ئۆلۈم مۇقەررەر بولمىغان»، «مەلۇم سەۋەبلەر ئارقىلىق كەلگەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئون نەچچە ياشلىق بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيىگە كىرگەن ھامان جېنى ئېلىنىدىغانلىق پۈتۈلگەن ئىكەن. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە، ئۇ بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بالىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى

كۆتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇ بالا مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇدۇللاپ ئۆيگە قايتماي يولدا ھايال بولۇپ قاپتۇ. يەنى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىۋاتقىنىدا يولدا بىر توپ چۈمۈلىنى كۆرۈپتۇ. چۈمۈلىلەر ئالدىراش بولۇپ، بەزىلىرى ئۇۋىسىغا كىرسە، بەزىلىرى ئۇۋىسىدىن چىقىپ بىرنەرسە ئىزدەۋاتقۇدەك. ئۇ بالا سومكىسىنى قىقىشتۇرۇپ، ئۆزى يەپ ئېشىپ قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى چۈمۈلىلەرگە تاشلاپ بېرىپتۇ. نان ئۇۋاقلىرى گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئاللا تائالا ئالدىدا سەدىقە ھېسابىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ بالىغا كەلگەن ئۆلۈمدىن ئىبارەت بالا - قازا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەزرائىلمۇ قايتىپ كېتىپتۇ. باشقا پەرىشتىلەر ئۇ بالىنىڭ يەنە ھايات يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەزرائىلغا: «سەن ئەسلىدە ئۇ بالىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولۇپ كەتكەن ئىدىڭ، بىراق ئۇ بالا يەنە ھايات يۈرۈيدىغۇ؟» دەپ سوئال قويغاند-ىمىش. ئەزرائىل ئۇلارغا: «ئەسلىدە ئاللاتائالا ئۇ بالىغا ئەۋەتكىنى ئەجەلى مۇئەللەق ئىدى، ئەجەلى مۇئەللەق بىرەر تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلىنسا ياكى سەدىقە بېرىلسە، كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ بالا گەرچە چۈمۈلىلەرگە نان ئۇۋاقلىرىنى بەرگەن بولسىمۇ، بۇمۇ بىر سەدىقە ھېسابىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەرگەنمىش. «سەدىقە بالانى يەر، تۆۋبە گۇناھنى (يەر)» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## تۈگمەننىڭ ئون ئىككى مۈچەلگە كىرەلمىگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەت

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۈچەلنى قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. ئون ئىككى مۈچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قوللىنىلىشى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئېنىق مەلۇمات خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «خاننىڭ يارلىقى بويىچە، خەلقلەر بىر ياقتىن ئۇۋ قىلغاچ بارلىق ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا ھەيدەپتۇ . . . چاشقان تۇنجى بولۇپ دەريادىن ئۆتكەچكە، مۈچەلنىڭ بىرىنچى يىلى چاشقاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپتۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈگمەننىڭ مۈچەلگە كىرەلمىگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەت، يۇقىرىدىكى رىۋايەتكە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىچە:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىللارنى ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئېھتىياجى تۇغۇلۇپتۇ. بۇنىڭدىن ھايۋانلار بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ. ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بىرەر يىلنىڭ ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشىپتۇ. بىر مۈچەل 12 يىل. ئەمما ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، ھەرقانچە تالىشىپمۇ بىرەدەك پىكىرگە كېلىشەلمەپتۇ. ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ ئاخىر «تاڭ ئېتىپ، كۈن چىققانىنى كىم بالدۇر كۆرسە، مۈچەلنىڭ بىرىنچى يىلى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللارمۇ، شۇ تەرتىپ بويىچە بولسۇن» دەپ قارار قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىغان جايىنى بېكىتىپ، ھەممىسى دېگەن قەرەلدە كېلىپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانمىش. بارلىق ھايۋانلار كۆزلىرىنىمۇ شىپىلداتماي، ھەتتا تىنىشقىمۇ پېتىنالمىغان ھالدا كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. تۆگە بولسا، «مېنىڭ بويۇم ھەممىدىن ئېگىز بولغاندىكىن كۈننىڭ چىقىشىنى تۇنجى بولۇپ كۆرۈشۈمدە گەپ يوق» دەپ ئويلاپتۇ. بىردىنلا «كۈن چىقتى، مەن كۆردۈم» دەپ چىقىدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرمەك بولۇپ تۇرۇشقان ھايۋانلار، بىردەك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىشىپتۇ. ئەسلىدە بىر چاشقان تۆگىنىڭ لوككىسىدا تۇرغانىكەن. «كىم كۈننىڭ چىققىنى-

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



نى بالدۇر كۆرسە، مۆچەلنىڭ بىرىنچى يىلى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالسۇن» دېگەن قارار بويىچە، مۆچەلنىڭ بىرىنچى يىلى چاشقاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، «چاشقان يىلى» دېيىلىپتۇ. تۆگىنى بولسا، بىخەستەلىك قىلىپ، چاشقاننىڭ كۈننىڭ چىقىشىنى تۇنجى بولۇپ كۆرۈشىگە سەۋەب بولغان دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنى ئەق مەيداندىن ھەيدەپ چىقىرىشىپتۇ .ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى 12 مۆچەلدە ئاتىماسلىقنى قارار قىلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆگە 12 مۆچەلگە كىرەلمىگەنمىش.

## تۆگمەن چېتىقىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئىنسانلارنىڭ تۆگمەننى كەشىپ قىلىپ، بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىقلارنى ئۇن تارتىپ، ئىستېمال قىلغانلىقىغىمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. تۆگمەن چېتىقى سۆگەن بىلەن تۆگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشى ئارىلىقىغا قويۇلغان ئاچماق ياغاچنى كۆرسىتىدۇ. ئۇن تارتىلماقچى بولغان ئاشلىق سۆگەنگە قويۇلىدۇ. ئاشلىق سۆگەندىن تۆگمەن تېشىنىڭ تۆشۈكى ئارقىلىق چۈشىدۇ ھەم ئىككى تاش ئارىلىقىدا يانچىلىپ، ئۇن تارتىلىپ چىقىدۇ. مۇبادا ئاشۇ چېتىق بولمىسا، بىر ئادەم مەخسۇس ئولتۇرۇپ، ئاشلىقنى سۆگەندىن چۈشۈرۈپ بىرىشكە توغرا كېلىدۇ. چېتىقنىڭ ئىشلەپ تەرتىپى مۇنداق. ئىنچىكىرەك كەلگەن ئاچماق ياغاچ كېسىۋېلىنىپ، ئاچماق ياغاچ ئالدى بىلەن سۆگەنگە چېگىلىدۇ ھەم ئاچماقنىڭ بىر ئۇچى تۆگمەن تېشىنىڭ ئۈستىگە تېگىشىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر ئۇچى سۆگەننىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ. تۆگمەن تېشىنىڭ چۆرگىلىشىگە ئەگىشىپ ئاچماق ياغاچ تەۋرەيدۇ، ياغاچنىڭ تەۋرىشىگە ئەگىشىپ سۆگەندىكى ئاشلىق ئۈزلۈكسىز ھالدا تۆگمەن تۆشۈكىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدا تۆگمەن چېتىقىغا ئائىت مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەقىللىق بىر ئادەم تۆگمەن ئىجاد قىلىپتۇ. تۆگمەننىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ ياساپ، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپتۇ. بىراق، چېتىق بېكىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. چېتىق بولمىغاندىكىن، مەخسۇس بىر ئادەم ئولتۇرۇپ، سۆگەندىن ئاشلىقنى ئۇدۇللۇق چۈشۈرۈپ بېرىشكە توغرا كەپتۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۆگمەننىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىر يېڭىلىق بولغاچقا، كىشىلەر پالانچى ئادەم تۆگمەن ياساپتۇ، دەپ گېپىنى قىلىشىپ، ئۇزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشكەنمىش. بۇ خەۋەر شەيتانغىمۇ ئاڭلانغانمىش. شەيتان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «تۆگمەن ياسىغان ئادەم چېتىقىنىمۇ ياسىغاندۇ» دېگەنمىش. شەيتاننىڭ بۇ سۆزى تۆگمەن ياسىغان ئۇستامىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، دەرھال ياغاچنى ئېلىپ كېلىپ چېتىق قىلىپ ئورناتقانمىش. شۇڭا، «تۆگمەن چېتىقىنى شەيتان كەشىپ قىلغان» دېگەن گەپ تارقالغان.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: دۆگامەت زوردۇن ئاكا، تېيىپ ھوشۇمەت ئاكا، ئابلەت ئەخمەت، غېنى مەينەم، ئابلەت توختى

# بېيت-قوشاقلار

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

ئى دادا، جېنىم دادا،
لەڭگەرگە بارغۇم كېلىدۇ.
لەڭگەرنىڭ بازارىدا،
تاماكا ساتقۇم كېلىدۇ.
لەڭگىرىڭنىڭ قىزلىرى،
قىزمىكىن، جۇۋانمىكىن.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشىنىسى زەرگەرمىكىن.
ئاشىنىسى زەرگەر بولمىسا،
ئۈزۈكى نەدىن كېلىدۇ.
ئاشىنىسىنىڭ زەرگەرلىكىنى،
خەلقئالەم بىلىدۇ.

مەيلى قانداق تېۋىپ بولسۇن،
تومۇرنى تۇتار.
يار ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم ئۇقار؟
قاغىلىقتا قار يېغىپتۇ،
پوسكامدا تۇمان.
يارغاياتنى سايە قىپتۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.
تاغ ئارىلاپ داۋان ئېشىپ،
ماڭدىم مەن ئاتلىق.
ياخشىلارنىڭ ئېيتقان سۆزى،
ناۋاتتىن تاتلىق.
قارىسام ھېچ كۆرۈنمەيدۇ،
ئىلىنىڭ تېغى.
مۇنداق يامان بولامدىكىن،
ئايرىلىش دېغى؟
ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا
ئېرىمەيدۇ قار.
ئېرىنىسە ئېرىمىسۇن،
نېم پەرۋايىم بار.
يارسىز قېلىش ئەزەلدىن،
بولماس ئىرادە.
چىن ئىرادە بولسا تاپار،
يارنى پىيادە.
يارىمىكىن — ئەمەسمىكىن،
شىپاڭدا ياتقان؟
قاشىنى ئېتىپ، كۆز ئوينىتىپ،
جاننى قاقشاتقان.
ئېرىقلارغا سۇ كەلدى،
بېلىقلارغا يەم.
ھەممە كىشى ئوينايدىكەن،
بىزگە نېمە غەم؟

ئۇيانمۇ زەيكەش،
بۇيانمۇ زەيكەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن كېتەر بولدۇم،
كەيىنمدىن ئەگەش.

سۇ چېچەكى - سۇ چېچەكى،
سۇنىڭ چېچەكى.
كېچە ئېچىلىپ، تاڭدا تۆكۈلەر،
ياڭاق چېچەكى.
خەخنىڭ يارى نەچچە ئىكەن،
ئاينىڭ چېچەكى.
مېنىڭ يارىم يېگانىدۇر،
جاننىڭ چېچەكى.

ئاي مەسەللىك يارىمدىك،
كۈن مەسەللىك يارىمدىك؟
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
بىر قاراپمۇ باقمىدىڭ.
مەنلا كۆيدۇم بۇ ئوتتا،
سەن بىر كۆيۈپ باقمىدىڭ.

سالمايسەن تاماكاڭنى،
يوقمىدى چىلىم، غاڭزاڭ؟
ئولتۇرۇشۇڭ بىر ئەپلىك،
ياقىدۇ سېنىڭ ياڭزاڭ،
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
نەدىدۇر سېنىڭ داۋزاڭ؟

ئاڭلىسام چىللاپ يۈرۈپسەن،
بىرنا مەرتنى يېنىڭغا.
مەن چىللىسام غەيرى ھەمراھ،
ئوت كۆيمەسمۇ جېنىڭدا؟
سەنمۇغۇ بىر يار تۇتارسەن،
ياساپ قويغان قوچاقتەك.
مەن تۇتارمەن ياخشى يار،
كۆزى قارا مونچاقتەك.

سايرىشىپ باغلاردا بۇلبۇل،
تاغدا ئاھۇ يايلىغان.
ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارانىڭ،
دەردىگە بىز پايلىغان.
ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
دەرد - ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
دەردلىرىڭ مەندىن يېنىپ،
يەتكۈسى ئاخىر ساڭا.

ئىشىك ئالدى تاختا كۆرۈك،
قولپا زەنجىرسىم بىلەن
سەن كېتەر سەن، مەن قالارمەن،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن؟

ئون سالام، بىر بەندىلىكنىڭ،
ئۈچۈرى كەلمەمدىكىن؟
باغرى قاتتىق تاش يۈرەكنىڭ،
كۆرگۈسى كەلمەمدىكىن؟

يۈزۈڭ قىزىل ئالمىدەك،
كۆزلىرىڭ بۇلاق.
شۇنچە قىلغان سۆزۈمگە،
سالمىدىڭ قۇلاق.

ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك،
يارىنىڭ قولىدا.
خىيال بىلەن ئۆتتى كۈنلەر،
يارىنىڭ كويىدا.

ئوڭ قېشىمدا خەت ئەۋەتتىم،
چەپ قېشىمدا ئەرزىداش.
بىزلىنى بۇ كويغا سالغان،
زۇلپى چوكان قاراقاش.

زۇلپىكە شا ـ زۇلپىكەش،
كەل خېنىم زۇلپۇڭنى يەش.
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى،
دىلدىكى رەنجىمنى يەش.

باغقا كىردىم، سەيلى قىلدىم،
يان تۇما تاشلىق بىلەن،
چىرمىشىپ ئۆمرۈم ئۆتەرمۇ،
سەن قاراقاشلىق بىلەن؟

سىنىڭ قاراقاشلىرىڭغا،
ئاشنا قىلدى خۇدا.
بىر كۆرەلمەي، گەپلىشەلمەي،
ئىنتىزار قىلدى خۇدا.

سايدىن ئاپتاپ چىقىپ،
گۈل ئېچىلارنى بىلمىدىم.
غۇنچە بويلۇق يار تۇتۇپ،
يۈرەك قانارنى بىلمىدىم.

يارنىڭ قارا تەلپىكىنى،
مەخمەل بىلەن تاشلىدىم.
مەن يارىمنىڭ سالىمىنى،
يۈرىكىمدە ساقلىدىم.
ساقلىدىمۇ ـ ساقلىدىم،
نومۇس بىلەن ساقلىدىم.
كۆز ئوينىتسا باشقىلار،
ئەسلا قاراپ باقمىدىم.

ئاسماندىكى ئاي چۈشۈپتۇ،
شەيدا بولاي دەپ،
قىزىلگۈلدەك ئارىشىمغا،
ھەمراھ بولاي دەپ.

قىزىلگۈلدەك ئادىشىم،
مېنىڭ ئادىشىم.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
جېنىم ئادىشىم؟

ياخشى ئاتقا ئېگەر توقۇپ،
يېنىمدا قويدۇم.
قەلەمقاشلىق شول يارىمغا،
جېنىمنى قويدۇم.

بارغۇچىدىن، يانغۇچىدىن،
سورىسا بولامدۇ؟
شۇ بېيىتنى ئوقۇپ تۇرۇپ،
يانسا بولامدۇ؟

ئىشىك ئالدى بىر تۇپ سۆگەت،
خەخلەر كىرەلمەس.
ساڭا ئوخشاش گۈلدەك يارغا،
ھېچكىم يېتەلمەس.
قول ئۇزاتسا يەتكەن بىلەن،
بەنتى مېنىڭدە،
كېچە ـ كۈندۈز ھېچ ئۇيقۇ يوق،
كۆڭلۈم سىنىڭدە.

ئاق ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى،
ساڭا ساقلىدىم.
ساڭا بولغان ئەقىدەمنى،
دىلدا ساقلىدىم،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىمشگە،
قاراپ باقمىدىم.
سېنى دېدىم، سېنىڭ ئۈچۈن،
كۆڭۈل ساقلىدىم.

— بىزنىڭ ئۆيلەر كۈن چىقىشتا،

قۇينى سويسام ئۇرۇقچىلىق،
ئۆچكە سويسام چۇپۇرچىلىق.

بىر چۆنەككە گۈل تېرىدىم،
بىر چۆنەككە يۈگىمەچ.
يۈگىمەچتەك كۆيۈپ كەتتىم،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.
ئاق تىكەندىن شەربەت ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۈل.
دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى، بەرگى بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن تېخى ۋەدەم بىلەن.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ - ئويناپ سۇندۇرار.
بۇۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرار.

سېرىق سەبدە گۈلۈم،
سايىنىڭ بۇلاقى.
ئەجەب دىشۋار ئىكەن.
يولنىڭ يىراقى.
يىراققا كەتتى دەپ،
بىزنى ئۇنۇتماڭ.
خۇدا سالغان كۆڭۈل،
ئەسلا سۇغۇتماڭ.
سېرىق سەبدە گۈلۈم،
سەرۋەردىگارا.

سالامەت يەتكۈزۈڭ،
پەرۋەردىگار.

ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئاي مۇبارەك يۈزلىرى.
سەھەر چىققان كۈنگە ئوخشاش،
ئوتلۇق - ئوتلۇق كۆزلىرى.
قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك،
قارا - قارا قاشلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
جىمى ئالەم ياشلىرى

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
ھالىمنى بىر سورىمايلا،
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى.

ھەشقىپىچەك يامىشىپتۇ،
باغدىكى جىنەستىگە.
نېمە دەپ كۆڭلۈمنى بەردىم،
قاراقاش دىلخەستىگە؟

ئېتىزلىقتا قوناق تېرىپ،
ئۆستۇردۇم.
ھەربىر دېنى ھوسۇل بەردى؛
مىڭ دانە.
مېنىڭ يارىم ياش سېكىلەك،
مەردانە.
سېنىڭ يارىڭ جىدەلخۇمار،
دىۋانە.






www.uyghurkitap.com




源泉（布拉克）（维吾尔文）总 67 期　　بۇلاق (پەسىللىك ژۇرنال) ئومۇمىي 67 - سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE (QUARTERLY)

新疆人民出版社编辑出版 — شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(乌鲁木齐市解放南路348号) — (ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
新疆畜牧印刷厂印制 — شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
乌鲁木齐市邮局发行 — ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
中国国际图书贸易总公司国外发行 — جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
全国各地邮局订阅 — جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65 — 1050/I — مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1050/I
本刊代号：58—108，定价：6.00 元 — ۋاكالەت نومۇرى: 108 — 58، باھاسى: 6.00 يۈەن
ISSN1005—0876/国外代号 Q1118 — چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876


05>

9 771005 087006